شىنجاڭ بويىچە تۇنجى نۆۋەتتە باھالانغان ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال

首届新疆社科优秀期刊

ISSN1008 — 6498



XINJIANG CIVILIZATION XINJIANG CIVILIZATION XINJIANG CIVILIZATION

2
2001

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

# 新疆文化

ISSN 1008-6498
03>
9 771008 649003



مائارىپچى، تىلشۇناس، شائىر، ئۇستاز نەشرىياتچى ئابدۇسالام توختى
ئەپەندى تۈزگەن هازىرقى زامان ئۇيغۇرچە رەڭلىك «ئېلىپبە»نىڭ
«دۇنيا ئىلىم ـ پەن تۆھپىكارلىرى ئالتۇن مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەنلىكىنى
مۇبارەكلەيمىز

ـ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى

● شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق●

# بۇ ساندا

## ئالەمدىن ئۇچۇر


20-ئەسىر ئەسلىمىسى ............ نۇرمۇھەممەت توختى 2


## ئەدەبىيات گۈلزارى


گۆركار............(ھېكايە) ............ مەتمىن ھوشۇر 16
شەھەردە كالا يوق............(« ») ............ خالىدە ئىسرائىل 26
ئاسما چىراغ............(« ») ............ تۇرسۇن مەھمۇت 33
ئازغۇنلۇقتىن تارتىلغان سۈرەتلەر ............ ئابدۇغوپۇر مۇھەممىدى 43
بارالڭ ئاستىدىكى پاراڭلار ............ يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق 46
ئىككى قەبرىلىك ئادەم............(ھېكايە) ............ ئاتاۋۇللا تۇرسۇنتوختى 51
پارچە تەسىراتلار ............ جېلىل ئاۋۇت 80


## سەھنە ئەسەرلىرى


ئانا ھەققىدە چۆچەك............(ئوپېرا) ............ ئابلىجان ھېيت 54


## مەدەنىيەت - سەنئەت گېزىتى


مەدەنىيەت - سەنئەت ئۇچۇرلىرى ............ رىسالەت مۇھەممەت قاتارلىقلار 63


## سادا


ئەكسىيەتلەردىن ئەرزىيەتلەر ............ ئابلەت قەييۇم 65


## ئوقۇرمەنلەر مەجلىسى


تارىختىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ............ ئابدۇقادىر جالالىددىن 68
«ئانا يۇرت»تىن تەسىرات ............ يالقۇن روزى 74
ئەدىبلىكنىڭ دەردى ............ ھۇرنىسا مامۇت 77


## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن


ئالتۇن سۇناي............(ھېكايە) ............ مايك كۆپن 79


مۇقاۋىدا: ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى، خەلقىمىزنىڭ پەخىرلىك يازغۇچىسى، ژۇرنىلىمىزنىڭ تۆھپىكار ئاپتورى زوردۇن سابىر(1937 - 1998)نى مەڭگۈ ياد ئېتىمىز. فوتوگراف: ئادىل ئىسمائىل.

مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى : رىسالەت مۇھەممەت


شىنجاڭ مەدەنىيىتى

(50-يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال
2001-يىل 2-سان
(ئومۇمىي248-سان)



ژۇرنال تەھرىر ھەيئىتى

مۇدىر:
شۇخۇاتيەن
زۇنۇن قۇتلۇق

مۇئاۋىن مۇدىرلار:
ئابلىجان ھېيت
لۇشىنخۇا
خەن زىيۇڭ

ھەيئەت ئەزالىرى:
مايىڭشىڭ
يۇفېڭ
جۇجۇفاڭ
ھاۋاقىز باھاۋۇدۇن
لى يىڭمىن
بەي جيەنياۋ
جىن مىن
قۇربان مامۇت
ياڭ فېڭ
فەن ياۋجىڭ
جاڭ تىڭۋېي
رىسالەت مۇھەممەت

باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: رىسالەت مۇھەممەت

ئالەمدىن ئۈچۈر



# 20-ئەسىر ئەسلىمىسى

نۇرمۇھەممەت توختى

## 1

يېڭى ئېرا، يېڭى ئەسىر باشلىنىۋاتقان پەيتلەردە، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆتكەن بىر ئەسىردە بېشىدىن كەچۈرگەنلىرىنى ئەسلەشكە ئۇرۇنىدىغان بولساق ئالدى بىلەن خەيرلىك، ئىزگۈ ئىشلار ئەمەس، بەلكى دەھشەتلىك ۋەقەلەر كۆز ئالدىمىزدا ئايان بولىدۇ. بۇ، خاتىرجەملىك، بەخت، مۇۋەپپەقىيەت ۋە كۈلكىدىن كۆرە قورقۇنچ، ئازاب، مەغلۇبىيەت ۋە ھەسرەت-نادامەتنىڭ چوڭقۇرراق تەسىرات قالدۇرىدىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. بۇ ئەسىردە ئىنسانىيەت 1914 ـ 1918-يىللار بولۇپ ئۆتكەن 1-قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ۋە 1939 ـ 1945-يىللار داۋاملاشقان 2-قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ دەھشىتىنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئالدى-كەينىدە 1904-يىلدىكى رۇس-ياپون ئۇرۇشى، 1911-يىلدىكى ئىتالىيە ـ تۈركىيە ئۇرۇشى، 1912-، 1913-يىلدىكى رۇسىيە ـ پولشا ئۇرۇشى، 1922-يىلدىكى گرېتسىيە ـ تۈركىيە ئۇرۇشى، 1935-يىلدىكى ئېفىئوفىيە ـ ئىتالىيە ئۇرۇشى، 1931-يىلى باشلانغان جۇڭگو ـ ياپونىيە ئۇرۇشى، 1950-يىلدىكى چاۋشيەن ئۇرۇشى، 1947-يىلى باشلىنىپ ھازىرغىچە نەتىجىسى كۆرۈلمىگەن بەش قېتىملىق ئەرەب ـ ئىسرائىلىيە ئۇرۇشى، 1947-يىلدىن كېيىن بولۇپ ئۆتكەن ئۈچ قېتىملىق ھىندىستان، پاكىستان ئۇرۇشى، 1954-يىلدىكى فرانسىيە ـ ۋيېتنام ئۇرۇشى، 1962-يىلدىكى جۇڭگو ـ ھىندىستان ئۇرۇشى، سەككىز يىل داۋاملاشقان ئىران- ئىراق ئۇرۇشى، 1982-يىلدىكى ئەنگلىيە-ئارگېنتىنا مالۋىناس ئۇرۇشى،

1991-يىلدىكى پارس قولتۇقى ئۇرۇشى، 1999-يىلدىكى كوسوۋو ئۇرۇشى قاتارلىق دۆلەتلەرئارا ئۇرۇشلارنى، 1918 ـ 1920-يىللاردىكى رۇسىيە ئىچكى ئۇرۇشى، 1911-يىلى باشلىنىپ 1949-يىلغىچە داۋاملاشقان جۇڭگو ئىچكى ئۇرۇشى، 1936-يىلدىكى ئىسپانىيە ئىچكى ئۇرۇشى، 1960-يىلدىن 1974-يىلغىچە داۋاملاشقان ۋيېتنام ئىچكى ئۇرۇشى، 1980-يىلدىن ھازىرغىچە داۋاملىشىۋاتقان ئافغانىستان ئىچكى ئۇرۇشى ۋە ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىچكى ئۇرۇشلارنى، تالاي مۇستەقىللىق ئۇرۇشلىرىنى، تېررورلۇق دەپ ئەيىبلەنگەن ئىسپانىيىدىكى باسكلارنىڭ، سېرىلانكىدىكى تامىللارنىڭ، شىمالىي ئېرلاندىيىدىكى جۇمھۇرىيەتچىلەر ئارمىيىسىنىڭ، رۇسىيىدىكى چېچەنلەرنىڭ ئۇرۇشلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. تولۇقسىز ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، مۇشۇ ئۇرۇشلاردا 200مىليوندىن كۆپرەك ئادەم ئۆلدى، دەريا-دەريا قانلار ئاقتى. ئانىلارنىڭ ھەسرەتلىك كۆز ياشلىرى دەريا-كۆللەرنى ھاسىل قىلدى. ئىنسانىيەت بۇ ئۇرۇشلار ئارقىلىق سۇبيېكتىپ جەھەتتە ئۆزىنىڭ ياۋۇز، چاكىنا، شەخسىيەتچىل ئەخلاقىي ماھىيىتىنى تولۇق ئىپادىلىدى، ئوبيېكتىپ جەھەتتە ياۋۇزلۇق، مۇستەبىتلىك، زومىگەرلىككە زەربە بەرگەن بولدى. ئېزىلىش، بوزەك قىلىنىشقا قارشى تۇرغان بولدى.

مۇشۇ تالاي ئۇرۇشلارنىڭ نەتىجىسى نېمە بولدى؟

ئىمپېرىيە دەۋرى ئاياغلاشتى. غايەت زور تېررىتورىيىلىك ئىمپېرىيىلەر پارە-پارە بوپكەتتى. «قۇياش پاتماس ئىمپېرىيە» دەپ ئاتالغان ئەنگلىيە ئۇلۇغ بىرىتانىيە ئىمپېرىيىسى كىچىكلەپ، ئىنگلاد ئارىلى شىمالىي ئېرلاندىيە بىلەنلا چەكلىنىدىغان ھالەتكە چۈشتى. تۈركىيە ئوسمان ئىمپېرىيىسى تارىختا ئايلاندى. ئاۋسترو ـ ھونگىر ئىمپېرىيىسى يوق بولدى. ئىمپېرىيە چۈشىنى كۆرۈۋاتقان، كېيىن باش كۆتۈرگەن دۆلەتلەرنىڭ قارانىيەتلىرى بىتچىت بولدى. چاررۇسىيە ئىمپېرىيىسى بولسا، مۇشۇ ئەسىردە باشتىن-ئاياغ پارچىلىنىش ھالىتىدە تۇرۇپ كەلدى ۋە تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ كېيىنكى چاغلاردا دەسلەپكى قەدەمدە 16دۆلەتكە پارچىلىنىشى بولسا، قوراللىق ئۇرۇشلارنىڭ نەتىجىسىگە ئەمەس، بەلكى باشقا بىرخىل قان تۆكۈلمەس ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسىگە تەۋەدۇر. بۇ، ئۆز ئورنىدا يەنە شەرھىلەنگۈسى.

شۇنچە كۆپ دۆلەتلەرئارا ئۇرۇش، ئىچكى ئۇرۇش ۋە مۇستەقىللىق ئۇرۇشلىرىنىڭ رېئال نەتىجىسى شۇ بولدىكى، مىللىي دۆلەتلەر كۆپەيدى. ئەسىر بېشىدا دۇنيادا ئىگىلىك ھوقۇق يۈرگۈزۈۋاتقان دۆلەتتىن ئاران 43ى بولغان بولسا، ئەسىر ئاخىرىدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى رەسمىي ئېتىراپ قىلغان دۆلەت سانى 200دىن ئاشتى. بۇ، ئاز كەم بەش ھەسسە كۆپەيگەنگە باراۋەر. ھەرقايسى مىللىي دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، مىللىي مەنپەئەت، خەلقئارا باراۋەرلىك جەھەتلەردىكى ھۆكۈمەتچىلىكى مىسلىسىز دەرىجىدە كۈچەيدى. مۇشۇ ئەسىردىكى ئەڭ چوڭ دىپلوماتىيە ھادىسىسى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلۇشى بولۇشى مۇمكىن. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى گەرچە دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ئۇرۇش-تالاشلارنى ئۈنۈملۈك توسۇپ قېلىشقا قادىر بولالمىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ جەھەتتە جىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. «تىنچلىق ۋە تەرەققىيات» تىن ئىبارەت توپ شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دۆلەتلەر ئارىسىدىكى مەنپەئەت توقۇنۇشلىرىنى مۇرەسسەلەشتۇرۇش جەھەتتە تەسىر پەيدا قىلدى. ئاجىز دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق كاپالىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، دىپلوماتىيە، سودا، پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت ـ مائارىپ جەھەتتە خەلقئارا قانۇن ـ تۈزۈملەرنى تۇرغۇزۇش رولىنى ئوينىدى. ئىنسانپەرۋەرلىك ياردەملىرىنى تەڭشىدى ۋە تەشكىللىدى.

بىرلىكنىڭ ۋۇجۇدىغا بۆلۈنۈش يوشۇرۇنغان بولىدۇ. بۆلۈنۈش ئۆزنۆۋىتىدە بىرلىشىشكە تەقەززا بولىدۇ. مىللىي دۆلەتلەرنىڭ مىسلىسىز كۆپىيىشى بۆلۈنۈش جەريانىنى ئەكس ئەتتۈرسە، ئۇلارنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە باشقا خەلقئارا تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇشى بىرلىشىش تەقەززاسىدىن دېرەك بېرىشى مۇمكىن.

بۇ ئەسىردە ئىنسانىيەت يەنە دەھشەتلىك يەر تەۋرەش ئاپەتلىرىنى بېشىدىن كەچۈردى. 1908-يىلى ئىتالىيىدە يۈز بەرگەن يەرتەۋرەشتە85مىڭ ئادەم، 1920يىلى جۇڭگو گەنسۇدىكى يەرتەۋرەشتە200مىڭ ئادەم، 1927-يىلى ياپونىيەگۇەندۇڭدىكى يەرتەۋرەشتە140مىڭ ئادەم ئۆلدى. 1939-يىلى تۈركىيە ۋە چىلىدا، 1950-يىلى ھىندىستاندا قاتتىق يەر تەۋرىدى. 1956-يىلى جۇڭگونىڭ شەنشى گۇەنجۇڭدىكى يەرتەۋرەشتە830مىڭ ئادەم ئۆلدى. 1976-يىلى جۇڭگو تاڭشەندىكى يەرتەۋرەشتە 242مىڭ ئادەم ئۆلدى. 1978-يىلى ئىراندا قاتتىق يەر تەۋرىدى. 1985-يىلى مېكسىكا شەھرىدە يەرتەۋرەپ 35مىڭ ئادەم ئۆلدى. شۇ يىلى يەنە ياپونىيىدە قاتتىق يەر تەۋرىدى. 1985-يىلدىن كېيىن ئەرمىنىيىدە، ئىراندا، تۈركىيىدە قاتتىق يەر تەۋرەپ يەنە نۇرغۇن ئادەم ئۆلدى. . .

يەنە مۇشۇ ئەسىردە كۆپ قېتىم بولۇپ ئۆتكەن سۇ ـ كەلكۈن ئاپەتلىرى، قار-شۇۋىرغان ئاپەتلىرى، ئاچارچىلىق، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ تارقىلىشى ۋە بۇلاردا ئۆلگەن سان-ساناقسىز ئادەملەرنى ئەسكە ئالىدىغان بولساق، بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئۇرۇش ئاپىتى ۋە يەرتەۋرەش ئاپىتى شەكىللەندۈرگەن دەھشەت ـ قورقۇنچ تەسىراتى يەنىمۇ

قويۇقلىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ئەسىردە يۇقىرىقى ئۇرۇش، تەبىئىي ئاپەتلەردىنمۇ دەھشەتلىكرەك يەنە بىر ئۇرۇش بولۇپ ئۆتتى. ئۇ بولسىمۇ مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئەڭ تۈپكى ئالاھىدىلىكى بولغان ئىدېئولوگىيە ئۇرۇشىدۇر. ئىدېئولوگىيە غەلۋىسى ئالدىنقى ئەسىردىن مۇشۇ ئەسىرگە - 20-ئەسىرگە سۆرۈلۈپ كىرىپ، ئىنسانلاردا ھاياتنىڭ ھەممە ساھەلىرىگىچە تەسىر كۆرسەتتى. ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى دىنىي سۈركۈلۈشلەرنىڭ ئورنىنى ئېلىپ كىشىلەر بىلەن كىشىلەر، دۆلەتلەر بىلەن دۆلەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ تۈپ مەسىلىسىگە ئايلاندى. ئىدېئولوگىيە ئالىملىرى ئۆز كۆز قاراشلىرىنى كۈچەپ ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىدېئولوگىيە كۈرىشىنى ئىنسانىيەتنىڭ قايسى يۆنىلىشكە مېڭىشىدىكى ئاساسىي مەسىلە، دەپ چۈشەندۈرۈشتى. كۆز قاراشلىرىنى باشقىلارغا تېڭىشقا ئۇرۇندى. ئىدېئولوگىيە ئۈچۈن بارلىقىنى تەقدىم قىلالايدىغان بىر تۈركۈم پىداكارلار يېتىشىپ چىقتى. 1-قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، چارروسىيىدە ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ، بولشېۋىكلار پارتىيىسى ھاكىمىيەت ئىگىلىشى بىلەن دۇنيا ئىدېئولوگىيىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ئىككى خىل سىياسىي تۈزۈم دەۋرىگە قەدەم قويدى. بۇ ئىككى خىل سىياسىي تۈزۈم: ماركسىزمنى نەزەرىيىۋى ئاساس قىلغان سوتسىيالىزم تۈزۈمى ۋە بۇرژۇئا ئىدېئولوگىيىسىنى نەزەرىيىۋى ئاساس قىلغان كاپىتالىزم تۈزۈمىدىن ئىبارەت. 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن يەنە ئون دۆلەتتە ماركسىزم غەلىبە قازىنىپ، سوتسىيالىزم لاگېرى رەسمىي شەكىللەندى. ماركسىزم ئىدېئولوگىيىسى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردىلا ئەمەس، بەلكى كۆپلىگەن ئېزىلگەن، بوزەك قىلىنغان خەلق ۋە دۆلەتلەردە ئالقىشقا ئېرىشتى ھەم ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولدى. كوممۇنىستىك پارتىيىلەر ھەممە دۆلەتلەردە دېگۈدەك قۇرۇلدى. ھەتتا بەزى بۇرژۇئا پارتىيىلىرىمۇ ئىسمىغا «سوتسىيالىزم»، «سوتسىيالىستلار» دېگەندەك تېرمىنلارنى قوشۇۋالىدىغان بولدى.

مۇشۇ جەرياندا، دۇنيا مىقياسىدا ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى ئوخشىماسلىق سەۋەبىدىن باشقا خىل ئىدېئولوگىيىدىكىلەرنىڭ چەتكە قېقىشىغا، زىيانكەشلىك قىلىشىغا، تۈرمىلەرگە تاشلىنىشىغا، قىرىپ تاشلىنىشىغا دۇچ كەلگەن كىشىلەرنىڭ سانىنى ئېنىقلاشقا ئامال يوق. بەزىلەرنىڭ پەرەز قىلىشىچە، بۇ جەھەتتە تۆكۈلگەن قانلار ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىدا تۆكۈلگەن قانلاردىن ھەرگىز ئاز ئەمەسكەن. ئەمەلىيەتتىمۇ بىز 2-دۇنيا ئۇرۇشى ۋاقتىدا ئاياغئاستى قىلىنغان ئەللەردىكى خەلقلەر تۆككەن قانلارنى، روسىيە ئىچكى ئۇرۇشى، جۇڭگو ئىچكى ئۇرۇشى، چاۋشيەن ئۇرۇشى، ئىككى قېتىملىق ۋيېتنام ئۇرۇشى قاتارلىقلاردا تۆكۈلگەن قانلار قاتارىغا قوشساق ھەرگىز خاتالاشقان بولمايمىز. چۈنكى بىزنىڭ دەرسلىكلىرىمىز بىزگە ئاشۇنداق ئۆگەتكەن.

دۇنيا سوتسىيالىزم لاگېرى ۋە كاپىتالىزم لاگېرى دەپ ئايرىلغاندىن كېيىن دۇنيادىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي، دىپلوماتىيە جەھەتتىكى ئىشلار پۈتۈنلەي ئىدېئولوگىيە كۈرىشى تۈسىنى ئالدى. ئىككى لاگېرنىڭ رەسمىي تىركىشىشى شەكىللەندى. ئىككى لاگېر ھازىرلا تۇتىشىپ قالىدىغاندەك، ئىدېئولوگىيە سەۋەبىدىن 3-قېتىم دۇنيا ئۇرۇشى پارتلايدىغاندەك ھالەت پەيدا بولدى. ئۇرۇش تەييارلىقى مۇسابىقىسى قىزىپ كەتتى. خەلق نامرات، دۆلەت ئاجىز بولسىمۇ، تاپقان پۇلىنىڭ ھەممىسىنى خەجلەپ ھەربىي جەھەتتە كۈچلۈك بولۇشقا ئۇرۇنۇش رېئاللىققا ئايلاندى. نەتىجىدە ئىككى لاگېردا ئىككى دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت - كۈچلۈك دۆلەت شەكىللىنىپ ئوتتۇرىغا چىقتى. كۈچلۈكلەرگە خاس ھالدا ئۇلار دۇنيا مىقياسىدىلا ئەمەس، ئۆز لاگېرى ئىچىدىمۇ زومىگەرلىك قىلىشقا باشلىدى. بارا-بارا ھەرقايسى لاگېرلارنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقىغا دەز كەتتى. كاپىتالىزم لاگېرىغا قارىغاندا سوتسىيالىزم لاگېرىدا بۇ دەز تېخىمۇ روشەن كۆرۈلدى. بۇنىڭ سەۋەبى سوتسىيالىزم لاگېرىدا سىياسىي پرىنسىپلارغا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىلىدىغانلىقىدىن، پرىنسىپ جەھەتتە مۇرەسسەگە يول يوقلۇقىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن دۇنيادا كۆپ قۇتۇپلىشىش يۈزلىنىشى كۆرۈلدى. بۇنداق ئەھۋالدا دەرىجىدىن تاشقىرى ئىككى چوڭ دۆلەت ھەم ئېغىز-بۇرۇن يالىشىپ، ھەم تىركىشىپ دۇنيانىڭ تىنچلىقىغا ۋە تەرەققىياتىغا تەسىر يەتكۈزدى. ئاجىز ئەللەر بىرلىشىپ ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش كويىغا چۈشتى. «دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت»، «3-دۇنيا ئەللىرى»، «تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر» دېگەندەك ئاتالغۇلارنى ھەممە گېزىتلەردىن كۆرگىلى بولىدىغان بولدى. ئەمما بۇنداق باشقىچە ئاتىلىشلار ئىدېئولوگىيەكۈرىشىنىڭ پەسەيگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيتتى. ئىدېئولوگىيە كۈرىشى تېخىمۇ كەسكىن، ئەمما مەخپىي، يېڭىچە تاكتىكىلارنى قوللىنىدىغان ھالەتكە كىرگەنىدى. ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى رەھىمسىز ئېلىشىش - ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى قاتماللىق ۋە ئۆلۈك پوزىتسىيىسىنىڭ تىنچلىق ۋە تەرەققىيات ئۈچۈن پايدىسىزلىقىنى ئاستا-ئاستا ئاسانلاشتۇردى. ئىدېئولوگىيە جەھەتتە جانلىقراق بولۇش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش تەقەززاسى مەلۇم بولدى. مونوپول كاپىتالىزم كۆرۈنۈشتە بولسىمۇ ئۆزىنى پاراۋانلىق قاتارلىقلار بىلەن پەردازلەپ، پاراۋانلىق كاپىتالىزمىغا قەدەم قويدى. دېڭ شياۋپىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم

نەزەرىيىسىنى بەرپا قىلدى. بۇلار ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى ئىلگىرىلەشنىڭ نەتىجىلىرى ئىدى. كېيىنكى ئەمەلىيەت ۋە تەرەققىيات نەتىجىلىرى ئىسپاتلىدىكى، ئىدېئولوگىيە زامان ۋە دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ياكى يېڭىلاپ بېرىشى لازىم. ئۇنداق بولمايدىكەن، باشقا خىل ئىدېئولوگىيىنىڭ خىرىسى ئالدىدا مەغلۇب بولۇشتىن باشقا يول تاپالمايدۇ. شەرقىي ياۋروپا ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا كوممۇنىزم ئىدېئولوگىيىسىنىڭ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، هاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ قېلىشى ئاشۇنداق قاتماللىقنىڭ مۇقەررەر ئاقىۋىتى. ئۇلۇغ پېتر I ئۇل سالغان، 1700-يىللاردىن باشلىنىپ 300 يىلدا قۇرۇلۇپ بولغان غايەت زور ۋە ھەيۋەتلىك رۇس ئىمپېرىيىسىنىڭ 16 دۆلەتكە پارچىلىنىشى، يۇگوسلاۋىيىنىڭ بەش دۆلەتكە پارچىلىنىشى، چېخوسلاۋاكىيىنىڭ ئىككى دۆلەتكە پارچىلىنىشى، شەرقىي گېرمانىيىنىڭ غەربىي گېرمانىيىگە قوشۇلۇپ كېتىشى قاتارلىقلار مانا شۇ ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى قاتماللىق پەيدا قىلغان پاجىئەلىك نەتىجىلەردۇر.

ئىنسانىيەت 20-ئەسىردە ئەنە شۇنداق دەھشەتلىك قورallıق ئۇرۇش، ئىدېئولوگىيە ئۇرۇشى ۋە تەبىئىي ئاپەتلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. 100 مىليونلاپ ئادەملەر ئۆلدى. ئەمما ھەيران قالارلىق ئىش شۇكى، شۇنچە كۆپ ئادەم ئۆلۈپ كەتسىمۇ، ئىنسانىيەتنىڭ سانى كېمەيمەستىن بەلكى مىسلى كۆرۈلمىگەن سۈرئەتتە كۆپىيىپ كەتتى. 1927-يىلى دۇنيا نوپۇسى ئىككى مىليارد بولغان بولسا، 1999-يىلى 12-ئۆكتەبىردە بوسنىيە - گېرتسېگوۋىنانىڭ پايتەختى سارايېۋو شەھىرىدە تۇغۇلغان بىر بوۋاق بىلەن ئالتە مىلياردقا يەتتى، يەنى ئۈچ ھەسسە كۆپەيدى. بۇ خۇددى تۆكۈلگەن ھەرتامچە قاندىن مىڭلاپ ئادەم تۆرەلگەندەك ئىش بولدى. ساپ كۆپەيگەن تۆت مىليارد نوپۇس ئۇرۇشلاردا ئۆلگەن 200 مىليون بەرنا يىگىتنىڭ 20 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ، ھەربىر قان تۆكۈپ ئۆلگۈچىنىڭ قېنىدىن 20 ئادەم ئاپىرىدە بولغانغا باراۋەر.

يۇقىرىقى پاكىت، ئىنسانىيەت پەيدا بولغان ئاشۇ تۇنجى كۈندىن باشلاپ نېمىشقا ئادەم ئۆلتۈرۈشنى گۇناھ ھېسابلىغانلىقىنى، تۆت چوڭ دىنىنىڭ بىردەكلا ئادەم ئۆلتۈرۈشنى ئېغىر گۇناھ ھېسابلىغانلىقىنى يان تەرەپتىن چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغاندەك قىلىدۇ. ئادەم ئۆلتۈرۈلسە، قان تۆكۈلسە ئادەم كۆپىيىپ كېتىدۇ، دەپ ئەسكەرتىۋاتقاندەك قىلىدۇ. بۇنى تۆت چوڭ دىنىنىڭ پەيغەمبەرلىرى بىلەتتىمىكىن، نېمىشقا ئېنىق چۈشەندۈرمىدىكىن، دېگەن سوئالمۇ تۇغۇلىدۇ. ۋەھالەنكى، ئاشۇ 200 مىليون بەرنا يىگىتنىڭ جەڭ مەيدانىدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكى پاكىت. ئەمما بۇنى دىنىي ئەقىدىلەر بويىچە چۈشەندۈرۈش بىھاجەت. نوپۇسنىڭ زىيادە ۋە تېز سۈرئەتتە كۆپىيىپ كېتىشىنى تەرەققىياتنىڭ نەتىجىسى دەپ قاراش زامان ئەقىدىلىرىگە تېخىمۇ ئۇيغۇن. ئىنسانىيەت مۇشۇ ئەسىردە ئىنساننى بوۋاق ۋە بالا مەزگىلىدە ھاياتتىن جۇدا قىلىدىغان چېچەكنى تېزگىنلىدى. قىزىل (سكارلاتىنا) نى ئوڭۇشلۇق كونترول قىلدى. چوما، خولېرا قاتارلىق قىرغىنچىلىق كۈچى يۇقىرى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى يولغا قويدى. كەڭ كۆلەمدە بوز يەر ئېچىش، «يېشىل ئىنقىلاب» دەپ ئاتالغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش ئىنقىلابى، پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ئىشلەپچىقىرىلىشىنىڭ كۆلەملىشىشى قەھەتچىلىك - ئاچارچىلىق بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالدى. مانا بۇلار نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان رېئال ئاساسلاردۇر. بىز دۇنيا نوپۇسىنىڭ بۇنداق تېز سۈرئەتتە كۆپىيىشىنى تەرەققىياتنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە بايان قىلغىنىمىزدا، مېدىتسىنا ئىلمى ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېشىشى قاتارلىق ئاشۇ ئامىللارنى نەزەردە تۇتىمىز.

## 2

20-ئەسىرگە نەزەر سالغىنىمىزدا، بىزنى دەھشەتتە بىلەن ئەمەس، بەلكى شادىيانە خۇشاللىقلىرى بىلەن ھەيرەتكە سالىدىغىنى شۇكى، بۇ ئەسىردە پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تېز ۋە كەڭ دائىرىدە بولدى. يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلمىغان بىرمۇ ساھە قالمىدى. بۇ يەردىمۇ ھەيران قالغان ھالدا، ئىنسانىيەتنىڭ ئالدى بىلەن ئۆزىنى قامداش، ياشاش شارائىتىنى ياخشىلاش، تۇرمۇشىنى قولايلاشتۇرۇش جەھەتلەردە ئەمەس، بەلكى بىر-بىرىنى قىرىش جەھەتتە ئەڭ دەسلەپكى تەرەققىياتلارنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى كۆرىمىز. مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا، ھەربىي ئەسلىھەلەر جەھەتتە پىلىكلىك مىلتىقلار، ئاغزىدىن ئوقلىنىدىغان قوراللار، بىر ئاتار قوراللار ئاپتوماتىك تېز ئاتار قوراللارغا ئورۇن بوشاتتى. پىلىموت، ئاپتومات ۋە يېرىم ئاپتوماتىك مىلتىقلار، گرانات، مىنا قاتارلىق بومبىلار ياسالدى. 2-دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ بېشىدا تېز ئاتار زەمبىرەكلەر، يىراققا ئاتار زەمبىرەكلەر ياسىلىپ، ئېتىش مۇساپىسى 30 - 70 كىلومېتىرغا يەتكۈزۈلدى. تېز ئاتار قوراللارنىڭ سەۋىيىسى شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، قوراللانغان بىر ئادەم 100 ھەتتا 1000 ئادەمگە تاقابىل تۇرالايدىغان بولدى. 2-دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى تۇنجى ئاتوم بومبىسى جەڭ ئۈچۈن

ئىشلىتىلىپ مىليونغا يېقىن ئادەمنى بىراقلا ئۆلتۈرۈش ئىشقا ئاشتى. كېيىنكى كۈنلەردە بولسا ۋودىروت بومبىسى، قىتئەلەر ئارا ئۇچىدىغان راكېتىلار ياسىلىپ، بىر قېتىمدىلا مىليونلاپ ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈش مۇمكىنچىلىكى تېخىمۇ كۈچەيدى. هازىر يەنە نېيترون بومبىسى، لازېرنۇر قورالى، جەڭ مەيدانى ستراتېگىيىلىك سىستېمىسى، پلانېتلار ئارا ئۇرۇش پىلانى قاتارلىقلار توغرىسىدا پاراڭ بولۇۋاتىدۇ. ئۇرۇش ئەسىر بېشىدا يەر يۈزى ۋە دېڭىزدىلا ئېلىپ بېرىلىدىغان، ئۇچرىشىپ مەلۇم بىر جەڭ مەيدانىدىلا يۈز بېرىدىغان قىرغىنچىلىق ھەرىكىتى بولغان بولسا، هازىر كېڭىيىپ سېترېئولۇق تۈس ئالدى. ئالدىنقى سەپ، ئارقا سەپ، دەپ ئايرىلىش ئىستېمالدىن قالدى. بۇرۇن ئادەم ۋە قورال كۈچى ئۇرۇش غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگۈچى ئاساسىي ئامىل بولغان بولسا، هازىر پەن-تېخنىكا كۈچى ئاساس بولۇشقا بۇرالدى. دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقى ئۇرۇشتىكى غەلىبە-مەغلۇبىيەتنى بەلگىلەيدىغان بولدى. هاۋادىن ۋە يىراق ئارىلىقتىن بومباردىمان قىلىش، ئېلېكتر - ماگنىت كاشىلىسى، كومپيۇتېر ئارقىلىق تېز ھېسابلاپ قوماندانلىق قىلىش ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى ھەل قىلىدىغان مۇھىم ئامىللارغا ئايلاندى. مۇنتىزىم قوراللارنى ھېسابقا ئالمىغاندىمۇ پەقەت بەش يادرو دۆلىتىنىڭ ئامبارلىرىدا ساقلىنىۋاتقان يادرو قوراللىرىنىڭ ئۆزىلا يەرشارىنى نەچچە ئون قېتىم خاراب قىلىشقا، يەر يۈزىدىكى جانلىقلارنى نەچچە ئون قېتىم يوقىتىشقا يەتكۈدەك جۇغلانمىغا ئىگە بولدى.

. .

ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز-ئۆزىنى يوقىتىشقا سەرپ قىلغان ئەقلىي ۋە ماددىي كۈچى ھەقىقەتەنمۇ ئۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىگە يەتتى. بۇنى ھاياتى، جېنى، تۇرمۇشىنى شۇنچە ياخشى كۆرىدىغان ئىنسانىيەتكە نىسبەتەن بىر مەسخىرە دېمەكتىن ئۆزگە ئىلاجىمىز يوق. ئۇرۇش تەييارلىقى ئەمەلىيەتتە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ باشقىلارنىڭ ھاياتىنى چەكلەشكە تەييارلىنىشتۇر. ئۇرۇشقا تەييارلانغۇچىلار ئۆزىدىن باشقىلارنى دۈشمەن ھېسابلايدۇ. دۈشمەن بار يەردە تەييار تۇرماي بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز ئومۇملىقىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپ يۈرۈشكە ئاساس قانچىلىك؟ ئاساس كىشىلىك شەخسىيەتچىلىكى، دۆلەت شەخسىيەتچىلىكى، ھەتتا رايون شەخسىيەتچىلىكى بولۇشى مۇمكىن. ئادالەتلىك ئۇرۇش ۋە ئادالەتسىز ئۇرۇش، دەپ ئايرىش توغرا بولىدىغان بولسا، بۇ خىل ئۇرۇشلارغا بېرىلىدىغان تەبىرمۇ يۇقىرىقى شەخسىيەتچىلىك ئاساسىدا بېرىلىدۇ. پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەيدانىدا تۇرۇپ ئويلىغاندا، بۇلارنىڭ توغرا ياكى خاتالىقى ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇمدۇر.

ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز-ئۆزىنى قىرىش جەھەتتىكى نەتىجىلىرى ھەققىدە توختالغاندا، ئۆزىنى قوغداش جەھەتتىكى تىرىشچانلىقلىرىغىمۇ نەزەر سېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. مۇشۇ ئەسىردە، قەدىمكى قالقان، ساۋۇت، دۇبۇلغىلارنىڭ ئورنىنى ئوق ئۆتمەس كىيىملەر، پولات قالپاقلار ئالدى. تانكا، برونېۋىك قاتارلىق ھەم ھۇجۇم قىلالايدىغان، ھەم ئۆزىنى مۇداپىئە قىلالايدىغان قوراللار ئوتتۇرىغا چىقتى. خىمىيىلىك زەھەرلىك گاز ئۇرۇشىدىن مۇداپىئەلىنىدىغان كىيىم ۋە باش كىيىملەر ياسالدى. دۈشمەننىڭ ھاۋا ۋە دېڭىزدىكى ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرالايدىغان «جاھان ئەينىكى» - رادارلار كەشىپ قىلىندى. ئايروپىلان، تانكا، پاراخوت، باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارغا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبىلار تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. پاراڭ قىلىنىۋاتقان ستراتېگىيىلىك دۆلەت مۇداپىئە سىستېمىسى، پلانېتلار ئارا ئۇرۇش پىلانى قاتارلىقلارمۇ شۇ جۈملىدىن. بۇلارنىڭ ھەممىسى يەنىلا ئۇرۇش تەييارلىقىغا تەۋە ئىشلار بولۇپ، دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي خىراجەتكە ئاجراتقان مەبلىغى كۆپلىكى ۋە ئۆز دۆلىتىنىڭ ئومۇمىي خىراجىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى بويىچە يەنىلا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. 20-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىلى - 2000-يىلدا ئامېرىكىنىڭ ھەربىي خىراجىتى 292 مىليارد، ياپونىيىنىڭ 48 مىليارد 660 مىليون، ئەنگلىيىنىڭ 36 مىليارد 500 مىليون، فرانسىيىنىڭ 30 مىليارد 416 مىليون 500 مىڭ، گېرمانىيىنىڭ 22 مىليارد 906 مىليون 250 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولدى (جۇڭگونىڭ 2000-يىللىق ھەربىي خىراجىتى 14 مىليارد 600 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، دۆلەت ئومۇمىي چىقىمىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى 8.29 پىرسەنت بولسىمۇ، يۇقىرىقى دۆلەتلەرنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا يەنىلا ئاز). يۇقىرىقى سانلار تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي ئىشلارغا قانچىلىك خىراجەت ئاجرىتىۋاتقانلىقىنى روشەن چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئەگەر بىز 2000 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇيدىغان خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ هازىر تەمىنلىنىۋاتقان يىللىق خىراجىتىنى 10 مىليون يۈەن، بۇ ئۇزۇنغىچە ئۆزگەرمەيدۇ، دەپ قاراپ خەلق پۇلى بىلەن ئامېرىكا دوللىرىنىڭ سېلىشتۇرما قىممىتىنى ھېسابقا ئالماي، ئامېرىكىنىڭ 2000-يىللىق ھەربىي خىراجىتىنى ئاشۇ 10 مىليون دېگەن سانغا بۆلۈۋەتسەك، ئامېرىكىنىڭ بىر يىللىق ھەربىي خىراجىتى بىلەن خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىدەك بىر مەكتەپنى 29200 يىل بېقىپ كەتكىلى بولىدىغانلىقى نامايان بولىدۇ. بۇ ھېساب مەسىلىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنداقلا بۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز-ئۆزىنى قىرىش،

ئۆزىنى يوق قىلىشقا قانچىلىك زور مەبلەغ سەرپ قىلىنىۋاتقانلىقىنىمۇ چۈشەندۈرىدۇ. ئەگەر بىز ئۇرۇشقا شۇنچە كۆپ مەبلەغ سېلىنىۋاتقان بەزى دۆلەتلەرنىڭ ئومۇمىي پاراۋانلىق بولغان مائارىپقا قانچىلىك مەبلەغ سالغانلىقىنى ئېسىمىزگە ئالساق، بۇ يەردىكى رەزىللىك ئۆزىنى يەنىمۇ بەكرەك ئاشكارىلايدۇ.

يۇقىرىقى پاكىتلار بۈگۈنكى دۇنيا ئۈچۈن «تىنچلىق ۋە تەرەققىيات» دېگەن شوئارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى، تىنچلىقنى تەكىتلەشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## 3

ئىنسانىيەتنىڭ 20-ئەسىردىكى تەرەققىياتى چېتىلىدىغان دائىرە بەكمۇ كەڭ. ھەممە ساھەلەردە غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇ ھەرگىز ھەربىي ئەسلىھەلەر بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. نۆۋەتتە باشقا تەرەققىياتلارغا نەزەر ئاغدۇرۇپ باقايلى:

ھەرىكەت - ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇق شەكلى. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىمۇ توختاۋسىز ھەرىكەت پائالىيىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. ھەرىكەت مۇتلەق، جىملىق بولسا، نىسپىي. ماركسىزملىق پەلسەپىدىكى ماددا ھەرىكىتىنىڭ مۇتلەقلىقى توغرىسىدىكى قائىدە مۇشۇ. شۇنداقكەن، ئىنسانىيەت ۋە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ مىڭ، تۈمەن خىل ھەرىكىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ تۇرىدىغان بىر كۈچ مەنبەسى بولۇشى كېرەك. قۇرۇقتىن قۇرۇق، بىكاردىن بىكارغا ھەرىكەت ۋۇجۇدقا كەلمەيدۇ. ئۇنى «مەۋجۇتلۇق شەكلى» دەپلا چۈشەندۈرۈپ كەتكىلى بولمايدۇ. ھەرىكەت مەۋجۇت بولۇشى ئۈچۈن زۆرۈر نەرسە ئېنېرگىيىدۇر. بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئىچكى - تاشقى ھەرىكىتىنى ئۈزلۈكسىزلەشتۈرۈش ئۈچۈن ھەرخىل ئوزۇقلۇقلاردىن ئېنېرگىيە (ئىسسىقلىق كالورىيىسى) قوبۇل قىلغاندەك ئىنسانىيەت جەمئىيىتىمۇ ئۆز ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن تەبىئەتتىن ئېنېرگىيە قوبۇل قىلىشى كېرەك.

ئىنسانىيەت 20-ئەسىردە ئالدىنقى ئەسىردە بىلىنىۋالغان ئېنېرگىيە مەنبەلىرىدىن پايدىلىنىش يوللىرىنى مىسلىسىز تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈردى. ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتا ئىشلىتىش قولايسىز بولغان ئېنېرگىيەلەرنى ئىشلىتىش قولايلىق بولغان ئېنېرگىيەلەرگە ئايلاندۇردى. بەلكى يېڭى ئېنېرگىيە مەنبەلىرىنى تېپىپ ۋە ئېچىپ، ئېنېرگىيە مەنبەلىرىنى كۆپخىللاشتۇردى. مۇشۇ ئەسىردىن ئىلگىرىلا كىشىلەر كۆمۈر، نېفىت قاتارلىقلار كۆيگەندە چىقىرىدىغان ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسىنى ھەرىكەت ئېنېرگىيىسىگە ئايلاندۇرۇشنىڭ، بۇ ھەرىكەت ئېنېرگىيىسىنى ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىگە ئايلاندۇرۇشنىڭ، نۆۋەتتە يەنە ھاسىل قىلىنغان ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتا ئىشلەتكىلى بولىدىغان ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى، ھەرىكەت ئېنېرگىيىسى، يورۇقلۇق ئېنېرگىيىسىگە ئايلاندۇرۇشنىڭ يوللىرىنى بىلىۋالغانىدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا خىمىيە يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. فىزىكا خىمىيە بىلەن ماس قەدەمدە ئىلگىرىلىدى. 1900-يىلى - ئۇپۇق سىزىقىدىن 20 ئەسىرنىڭ تاڭ نۇرى بالقىۋاتقان پەيتتە كۋانت نەزەرىيىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئالبېرت ئېينىشتېيىن 1905- يىلى تار مەنىدىكى نىسپىيلىك نەزەرىيىسىنى شەرھىيلەيدىغان «ھەرىكەتتىكى جىسىم ئېلېكتر دىنامىكىسى ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، ئاتوم ئىچىدىن چىققان ماددا ماسسىسى بىلەن ئۇنىڭ ئېنېرگىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ($E=mc^2$) شەرھىيلىدى. 1916-يىلى «كەڭ مەنىدىكى نىسپىيلىك قائىدىلىرى» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. ئۇ، ماقالىلىرىدا فوتو ئېففېكت نەزەرىيىسىنى شەرھىيلىدى ۋە مالېكۇلا ھەرىكىتى توغرىسىدىكى بروئۇن ھەرىكىتىنى نەزەرىيە جەھەتتىن چۈشەندۈردى. ئۇنىڭ يۇقىرىقى ئىككى ماقالىسى ۋە نەزەرىيىسى ئاتوم ئېنېرگىيىسىدىن ئىبارەت يېڭى ئېنېرگىيە مەنبەسىدىن پايدىلىنىش مۇمكىنچىلىكىنى ئوتتۇرىغا ئاتتى. ھازىر ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى، ھەرىكەت ئېنېرگىيىسى قاتارلىق ئېنېرگىيە مەنبەلىرىنىڭ ئېنېرگىيىسىنى ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىگە ئايلاندۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش شەكلى بىلەن داۋاملىشىۋاتىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، 20-ئەسىردىكى بارلىق تەرەققىياتلارنى ھەرخىل ئېنېرگىيەلەرنى ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىگە ئايلاندۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش تەرەققىياتى دېيىشكە بولىدۇ. مۇشۇ ئەسىردە پەن - تېخنىكىدا قولغا كەلتۈرگەن بارلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر ئېلېكتر بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئېلېكترسىز ھېچنېمىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. چوڭ شەھەرلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئېلېكترسىز كۈن ئۆتكۈزگىلى بولمايدۇ، تاماق يېگىلىمۇ، سۇ ئىچكىلىمۇ، تاھارەت قىلغىلىمۇ بولمايدۇ. ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىش ئېلېكترون تېخنىكىسىدا كرىستال لامپا ۋە توپلاشتۇرۇلغان توك يولى كەشىپ قىلىنغاندىن كېيىن تېخىمۇ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. بىز ئېلېكترسىز 1901-يىلى كەشىپ قىلىنغان رادىئونى، 1903-يىلى كەشىپ قىلىنغان ئايروپىلاننى، 1885-يىلى كەشىپ قىلىنغان تۇنجى ئاپتوموبىل ئاساسىدا 1908-يىلى تۇنجى پىكاپنىڭ ياسالغانلىقىنى، 1926-يىلى كەشىپ قىلىنغان تېلېۋىزورنى، 1946-يىلى كەشىپ قىلىنغان ھېسابلاش ماشىنىسى ۋە ئۇنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتىنى، توڭلاتقۇ، ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇلارنى، راكېتا، سۈنئىي

ھەمراھ ۋە ئالەمگە ئۇچۇشلارنى، ئوپتىك كابېل ۋە سىمسىز ئالاقە ۋاستىلىرىنى زادىلا تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز. ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى بولمىسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر دۆۋە تۆمۈر-تەسەككە ئايلىنىدۇ. يۇقىرىقى نەرسىلەرسىز ھازىرقى زامان تۇرمۇشىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. دېمەك، 20-ئەسىردىكى بارلىق تەرەققىياتلارنى ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىش تەرەققىياتىدىن ئىبارەت بىر نۇقتىغا يىغىنچاقلاش ھەرگىزمۇ باشقا تەرەققىياتلارنى كەمستكەنلىك ئەمەس. چۈنكى بۇ بارلىق تەرەققىياتلارنىڭ ئانىسى.

ئېلېكتر تەرەققىياتى ـ دۇنيانى مىسلى كۆرۈلمىگەن كۆلەمدىكى سانائەتلىشىش دەۋرىگە ئېلىپ كىردى، يېزا ئىگىلىك قاتارلىق باشقا ساھەلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئاسانلاشتۇردى ۋە تېزلەشتۈردى، ئۈنۈمنى ئۆستۈردى، تۇرمۇشنى قولايلاشتۇردى ۋە پاراۋانلىشىشنى ئىلگىرى سۈردى، ئالاقە ۋاستىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئالىۋىن توفلېرنىڭ ئېيتقىنىدەك: «يەرشارىنى كىچىككىنە بىر كەنتكە ئايلاندۇرۇپ قويدى».

بىز مۇشۇ ئەسىردىكى تەرەققىياتلارغا نەزەر ئاغدۇرغىنىمىزدا، ھەممىنى ئېلېكتر تەرەققىياتى ئارقىلىقلا كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرمەكچى بولساق، ئازراق بىر تەرەپلىمىلىككە يول قويغان بولىمىز. بۇ ئەسىردىكى ئالەمشۇمۇل كەشپىياتلار ئىچىدە يەنە 1937-يىلى كەشپ قىلىنغان نىلۇن، بىئولوگىيىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن گىن ۋە مېڭە ئاق ئالتۇن ماددىسىنىڭ بايقىلىشى، كلونلاشنىڭ ئىشقا ئېشىشى قاتارلىقلار بار. بۇيەردە يەنە نامېي تېخنىكىسى، ئالەم بوشلۇقى تېخنىكىسى قاتارلىقلارنىمۇ قوشۇپ ئۆتۈش كېرەك. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغانلار ئىچىدىكى نىلۇن تالاسى ئىنسانىيەتنىڭ كىيىنىش-ياسىنىشى جەھەتتە، تېرە- يۇڭ، چىگە تالاسى، پاختا ۋە يىپەكتىن كېيىن 5-قېتىملىق ئىنقىلابنى پەيدا قىلدى. ئىنسانىيەت پاختا-يىپەككىلا تايىنىدىغان ھالەتتىن قۇتۇلدى. ئىنسانىيەت گىن گورۇپپىسىنىڭ بايقىلىشى قاتارلىقلار ئېلىپ كېلىدىغان ئۆزگىرىشلەر ھازىرچە تېخى ئومۇملىشىش باسقۇچىغا كىرمىگەن بولسىمۇ، شۈبھىسىزكى كېيىنكى ئەسىرگە غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھازىر ئىنسانىيەت گىن گورۇپپىسىنىڭ ئومۇمىي سىخېمىسى سىزىلىپ بولدى. كىشىلەر ئارىسىدا، ئىلگىرىكى «ئۆسۈش ـ ئاستا-ئاستا قېرىش، كېسەل بولۇش ـ قېرىش تېزلىشىش ـ ئاخىرىدا ئۆلۈش» تىن ئىبارەت ھايات فورمۇلىسى «قېرىماي تۇرۇپلا ئۆلۈش»، «كېسەل بولماي تۇرۇپلا ئۆلۈش» كە ئۆزگىرىدۇ، ئىنسان ئۆمرى 400 يىلغا ئۇزىرايدۇ، دېگەن قىياسلار ئېقىپ يۈرمەكتە. كلونلاش تېخنىكىسى ئىنساننىڭ سۈپەت ـ ساپا جەھەتتىكى ئىرسىيىتىنى ھازىرقى 50 پىرسەنتتىن 100 پىرسەنت ئۆستۈرىدۇ، دەپ قىياس قىلىنماقتا. بۇنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق ۋە ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشىغا بولغان خىرىسى ئېخىمۇ زور. زادى كلونلاش قانۇنلىشالامدۇ-يوق، ھازىرچە بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ كلون تېخنىكىسىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئەپسانىلەرنى رېئاللىقتا ئايلاندۇرغانلىقى ئېنىق.

بىز يۇقىرىدا ئەسىر ئاخىرىدىكى بىرقانچە زور كەشپىياتنى ئېلېكتر تەرەققىياتىدىن ئايرىپ تۇرۇپ سۆزلىدۇق. ئەمەلىيەتتە بولسا بۇلار ئايرىلمايدۇ. ئەگەر ئېلېكتر تەرەققىياتى يۇقىرى سۈپەتلىك تەجرىبىلەر ئېلىپ بېرىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرمىگەندە ئىدى، بۇ كەشپىيات ۋە بايقاشلار روياپقا چىقمىغان بولاتتى. شۇڭا بۇ ئەسىردىكى تەرەققىياتلارنى ئېلېكتر تەرەققىياتىدىن ئىبارەت بىر نۇقتىغا يىغىنچاقلاش يەنىلا خاتا ئەمەس. ئىنسانىيەت گىن گورۇپپىسى، مېڭە ئاق ئالتۇن ماددىسى، نامېي تېخنىكىسى، ئالەم بوشلۇقى تېخنىكىسى توغرىسىدىكى تەپسىلاتلار باشقا بىر قېتىملىق ئىلمىي لېكسىيىگە تەۋە بولغانلىقتىن بۇ يەردە تەپسىلىي توختالماي ئۆتۈپ كەتتۇق.

بۇ ئەسىردىكى ئېلېكتر تېخنىكىسى تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئۇتۇقلىرىدىن بىرى كومپيۇتېردۇر. كومپيۇتېر ھاياتنىڭ بارلىق ساھەلىرىگە ـ سانائەت، ھەربىي ئىشلار، يېزا ئىگىلىك، قاتناش، پوچتا ـ ئۇچۇر، پەن ـ تېخنىكا تەتقىقاتى، مائارىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، ئاخبارات ـ نەشرىيات ساھەلىرىگە يېتىلىق ئېلىپ كىردى. پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن كۆلەم ۋە تېزلىككە ئىگە قىلدى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئاپتوماتلاشتۇردى، دۇنيا ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى. دۇنيانىڭ 1999-يىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 29 تىرىليون 340 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، بۇ، دۇنيادىكى ھەربىر نوپۇس 4890 دوللارلىق قىممەت ياراتتى، دېگەن گەپ. بىزگە ئوخشاش ھېچقانداق ئەمەلىي قىممەت يارىتالمايدىغان ئادەملەر ياكى رايونىمىزغا ئوخشاش ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى قالاق، ئۈنۈمى تۆۋەن ئىشلەپچىقىرىشقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ ھەرنوپۇسقا ئازكەم بەش مىڭ دوللاردىن توغرا كېلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ۋەھالەنكى، بۇ پاكىت. دۇنيا ھەقىقەتەنمۇ ئاشۇنداق يۇقىرى ئۈنۈم يارىتىش دەۋرىگە كىردى. بۇ، ئېلېكترنى ئېنېرگىيە مەنبەسى قىلغان ھازىرقى زامان ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا كومپيۇتېر تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرغانلىقنىڭ نەتىجىسى.

بۈگۈنكى دۇنيادا كىم ئېلېكترون ـ كومپيۇتېر تېخنىكىسىنى ياخشى ئىگىلىگەن بولسا، شۇ ئالدىدا ماڭىدىغان، ھەممىنى يېڭىدىغان، ھەممىدىن ئۈستۈن

تۇرىدىغان ۋەزىيەت ئاللىقاچان شەكىللەندى. بىز 1991 - يىلدىكى پارس قولتۇقى ئۇرۇشىنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، ئاشۇ 40 كۈن ئىچىدە ئىراقنىڭ بارلىق ئالاقە ۋاستىلىرى پالەچ قىلىۋېتىلدى. ئىراق تەرەپتىن 100مىڭ ئادەم ئۆلدى. ئامېرىكا باشچىلىق قىلغان كۆپ دۆلەت قىسىملىرىدىن ئاران 126 ئادەم ئۆلدى. بۇ نۇقتا بىزگە ئېلېكترون - كومپيۇتېر ئۇسكۈنىلىرى سەپلەپ بېرىلگەن قىسىملار بىلەن سەپلەپ بېرىلمىگەن قىسىملار ئارىسىدىكى پەرقنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنداق ئەھۋال كوسوۋۇ ئۇرۇشى ۋاقتىدىمۇ ئېنىق كۆرۈلدى.

كومپيۇتېر تېخنىكىسى دۇنيانى ئۈچۈر دەۋرى ، بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىگە باشلاپ كىردى. كىمنىڭ كومپيۇتېرى كۆپ بولسا، كىم كومپيۇتېرلىرىنى ياخشى تورلاشتۇرالىغان، ياخشى ئىشلىتەلىگەن بولسا، شۇ پەن-تېخنىكىدىمۇ، ئىشلەپچىقىرىشتىمۇ، ھەربىي ئىشلاردىمۇ ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. 1999-يىلى ئامېرىكىدا تورغا كىرگۈزۈلگەن كومپيۇتېر 94مىليونغا يېتىپ، ئامېرىكىدىكى ھەر ئىككى يېرىم ئادەمگە بىردىن توغرا كەلدى. جۇڭگودا بولسا، تورغا كىرگەن كومپيۇتېر 6مىليون 500مىڭ بولۇپ، ئامېرىكىنىڭكىدىن 15ھەسسە ئاز. كىشى بېشىغا تەقسىم بولۇش نىسبىتى بولسا ئىنتايىن تۆۋەن، ھەتتا ئافرىقىدىكى نامىبىيە، زامبىيە، توگو، كىنىيىلەردىنمۇ تۆۋەن تۇرىدۇ. ئەمما بۇ مۇھاكىمىمىزدىكى مەسىلە ئەمەس. كۆرۈپ ئۆتمەكچى بولغىنىمىز، كومپيۇتېرنىڭ ئومۇملىشىش دەرىجىسى بىلەن شۇ دۆلەت ياراتقان ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ مۇناسىۋىتى. 1999- يىلى ئامېرىكا دۇنيا ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 27پىرسەنتىنى ياراتقان بولسا، جۇڭگو ئاران 3پىرسەنتتىن ئارتۇقراقىنى ياراتتى. بۇ سېفىرلار كومپيۇتېرنىڭ، پەن - تېخنىكىنىڭ ئومۇملىشىش دەرىجىسى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى مىقدارى ئارىسىدىكى ئۇلۇك تاناسىپلىق مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

20-ئەسىرنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى ئېلېكتر قۇۋۋىتى ۋە ئېلېكترون تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بولسا، بىرگەۋدىلىشىشكە يۈزلىنىش ئەسىر ئاخىرىدىكى دۇنياۋى خاھىشقا ئايلاندى. بۇ باشتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۆلۈنۈش - بىرلىشىشكە تەقەززا بولىدۇ، دېگەن ھۆكۈمنىڭ يەنە بىر دەلىلى: سىياسىي جەھەتتە بىر گەۋدىلىشىش، مەدەنىيەت جەھەتتە بىر گەۋدىلىشىش ھازىرچە تېخى خېلىلا غۇۋا مەنزىرە بولۇپ، بىز بۇ يەردە دەۋاتقان بىر گەۋدىلىشىشكە يۈزلىنىش ئاساسەن ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئىشلارغا قارىتىلغان. ئىشىكنى تاقىۋېلىپ ناتۇرال ئىگىلىككە تايىنىش - ئۆز دۆلىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ۋە ھازىرقى زامانچە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئىمكانىيەت بەرمىگەنلىكتىن، ھەرقايسى

ئەللەر ھۆكۈمەتلىرى ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتەك ئاچچىق رېئاللىقنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر-بىرىگە تايىنىش، بىر-بىرىنى تولۇقلاشنى ئىلگىرى سۈردى. بىر ئەل يەنە بىر ئەلنىڭ بازىرىغا ئايلاندى. بىز ئەرەبلەرنىڭ نېفىتى بولمىسا ياپونلارنىڭ ئايروپىلانلىرى، پاراخوتلىرى، پويىزلىرى، ئاپتوموبىل - پىكاپلىرى توختاپ قالىدىغانلىقىنى، ياپونلارنىڭ ماشىنىلىرى بولمىسا ئەرەبلەرنىڭ پىيادە قالىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەكلا، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بىر گەۋدىلىشىشنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز. بۈگۈنكى دۇنيادا ياپونلار بىلەن ئەرەبلەر ئوتتۇرىسىدىلا ئەمەس، دۇنيادىكى بارلىق دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ بىر-بىرىگە تايىنىش، بىر-بىرىنى تولۇقلاشتەك ئاشۇنداق مۇناسىۋەت مەۋجۇت. ھازىر دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر ئەلنىڭ پۇقرالىرى ئىچىدە چەت ئەلنىڭ ئاشلىقىنى يەپ باقمىغان، مېۋە-چېۋىلىرىنى تېتىپ باقمىغان، كىيىملىرىنى كىيىپ باقمىغان، ماشىنا-ئۇسكۈنىلىرىنى ئىشلىتىپ باقمىغان، ئايروپىلان - ئاپتوموبىللىرىغا ئولتۇرۇپ باقمىغان ھېچكىم قالمىغاندۇ، دەپ پەرەز قىلساق، بۇ، ئارتۇقچە ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولماس. ئۆزئارا تايىنىش ۋە تولۇقلاش تەقەززاسى ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر گەۋدىلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈۋاتقان ئوبيېكتىپ ئامىلدۇر. سۇبيېكتىپ ئامىل بولسا، ھەرقايسى ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان مالنى پۇلغا ئايلاندۇرۇش ئىنتىلىشىدىن ئىبارەت. ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر گەۋدىلىشىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈۋاتقانلار ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى، دەپ قارىساق خاتالاشقان بولىمىز. ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمەتلەر پەقەت يول قويىدۇ ۋە سىياسەت جەھەتتە ئېتىبار بېرىدۇ، ئىشنى بولسا دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەر بېجىرىدۇ. ھازىر پۈتكۈل دۇنيادا دۆلەت ھالقىغان شىركەتتىن 50مىڭدىن كۆپرەك بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەرقايسى ئەللەردە 500مىڭدىن ئارتۇقراق شۆبە ئاپپاراتى بار. دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى دۇنيا ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 50پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. خەلقئارا سودىنىڭ 60پىرسەنتىنى، خەلقئارادىكى بىۋاسىتە مەبلەغ سېلىشنىڭ 90پىرسەنتىنى، يېڭى تېخنىكا، ھۈنەر - سەنئەتنىڭ 90پىرسەنتىنى ئاشۇ دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەر ئىگىلەپ تۇرۇۋاتىدۇ (دۆلەت ھالقىغان ئەڭ چوڭ 1000 شىركەت ئىچىدە ئامېرىكىغا تەۋەسى494، ياپونىيىگە تەۋەسى 135) . دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەرنىڭ كۆپىيىشى دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە بىرگەۋدىلىشىشكە قاراپ ماڭغانلىقىنىڭ ئاساسىي ئىپادىسى. دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەر ئىشلەپچىقىرىش، سودا، پەن - تېخنىكا ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا باردى-كەلدى قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش جەريانىدا ھەرقايسى ئەللەرئارا

مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنىمۇ ئىلگىرى سۈردى، خەلقئارا چۈشىنىشى كۈچەيتتى، ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىگە ئوخشاش سىياسىي جەھەتتىنمۇ بىرگەۋدىلىشىشكە يول ئاچتى. بىز گەرچە كەلگۈسىدە دۇنيا ھەممە جەھەتتە بىر گەۋدىلىشىدۇ، دېيەلمىسەكمۇ ئەمما مەلۇم دۆلەتلەر ئارا چېگرىدىن پاسپورتسىز ئۆتۈش ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەركىن بېرىش - كېلىش قىلغىلى بولىدۇ. دۇنيا نېفىت تەشكىلاتىدىكىگە ئوخشاش مەلۇم بىرخىل تاۋارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش مىقدارىنى دۇنيا بويىچە بىرتۇتاش پىلانلىغىلى بولىدۇ، دەپ ئېيتالايمىز. ئىنسانىيەتنىڭ ئەركىنلىككە ئىنتىلىشتىن ئىبارەت ئۆزگەرمەس تەبىئىتىمۇ يۇقىرىقىلارنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەمما بۇنىڭغا بەكمۇ ئۇزاق بىر جەريان كېتىشى مۇمكىن.

## 4

دۇنيا مىسلىسىز تەرەققىي قىلغان دەۋرگە قەدەم قويدى. تۇرمۇش خىيالدىكىدىنمۇ ئارتۇق پاراۋانلاشتى. ئىشلەپچىقىرىشتىكى جىسمانىي ئەمگەك جاپاسى كېمىيىپ، كۆپ ھاللاردا جىسمانىي ئەمگەكنىڭ ئورنىنى ئەقلىي ئەمگەك ئىگىلىدى. شەھەرلەر بىلەن يېزىلارنىڭ پەرقى، زىيالىيلار بىلەن جىسمانىي ئەمگەكچىلەرنىڭ پەرقى تۈگەشكە قاراپ يۈزلەندى. بۇ، ئالدى بىلەن مائارىپ ۋە پەن - تېخنىكىنىڭ گۈللەنگەنلىكىنىڭ بىۋاسىتە نەتىجىسى. مۇشۇ ئەسىردە مائارىپ ۋە پەن - تېخنىكىنىڭ رولىغا بولغان تونۇش، ھەرقايسى ئەللەردە ئىلگىرى - كېيىن بولسىمۇ، تەدرىجىي ئايدىڭلاشتى. بىلىمنىڭ كۈچ، پەن - تېخنىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسى ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم تونۇپ يەتتى. بۈگۈنكى دۇنيادا مائارىپ ۋە ئىلىم-پەننى تەكىتلىمەيدىغان بىرمۇ دۆلەت ۋە مىللەت يوق. گەرچە ئەمەلىي كۆڭۈل بۆلۈش دەرىجىسى ۋە ئىمكانىيىتى ھەرخىل بولسىمۇ، بارلىق باشقۇرغۇچىلارنىڭ مائارىپ ۋە ئىلىم - پەننىڭ رولىنى تونۇپ يەتكەنلىكىدە گەپ يوق. شۇنداق بولغاچقا، بۇ ئىككى ساھەگە سالىدىغان مەبلەغ تەدرىجىي كۆپەيدى. ئادەملەرنىڭ تەربىيىلىنىش دەرىجىسى ۋە ساپاسى ئۆسۈپ، ئىجاد قىلىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش يوشۇرۇن كۈچى ئۇرغۇدى. غەربتىكى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە مائارىپقا سېلىنىدىغان مەبلەغ شۇ دۆلەت يىللىق ئومۇمىي چىقىمىنىڭ 3 . 5پىرسەنتتىن ئارتۇقراقىنى ئىگىلىدى. كانادا، شۋېتسىيە، نورۋېگىيە قاتارلىق بىر قىسىم دۆلەتلەردە بولسا، 7پىرسەنتتىنمۇ يۇقىرى بولدى( بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بەلگىلىمىسى 1 . 5پىرسەنتتىن يۇقىرى بولۇش بولۇپ، جۇڭگونىڭ نۆۋەتتە 6 . 2پىرسەنت ئەتراپىدا بولۇۋاتىدۇ). ھەرقايسى ئەللەر مائارىپ سېلىنمىسىنىڭ شۇ دۆلەتتىكى كىشى بېشىغا تەقسىم بولۇش نىسبىتىمۇ ئۆستى. كانادا، نورۋېگىيە، فىنلاندىيە، شۋېتسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ مائارىپ سېلىنمىسىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى 1000 دوللاردىن يۇقىرى بولۇۋاتىدۇ. تەرەققىي قىلغان باشقا دۆلەتلەرنىڭ 640دوللاردىن 1000دوللارغىچە، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ 100دوللاردىن 500دوللارغىچە، پەقەت تەرەققىي قىلمىغان دۆلەتلەرنىڭمۇ 100دوللاردىن يۇقىرى بولۇۋاتىدۇ (دۆلەت مائارىپ سېلىنمىسىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى ھىندىستاندا 17 . 11دوللار، جۇڭگودا بولسا4 . 9دوللار بولۇپ، بۇ يەردىكى بۇنداق تۆۋەن بولۇشنى نوپۇسنىڭ زىيادە كۆپ بولۇشى كەلتۈرۈپ چىقارغان). كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيە قۇرۇلمىسىمۇ سېلىنمىغا لايىق بولدى. يەنى سېلىنما بىلەن توغرا تاناسىپلىق مۇناسىۋەت ھاسىل قىلدى. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ ئومۇمىي نوپۇستا ئىگىلىگەن نىسبىتى ئاشتى. ھەر تۈمەن ئادەم ئىچىدە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر ئامېرىكىدا بەش مىڭ، كانادادا ئالتە مىڭ، رۇسىيىدە ئۈچ يېرىم مىڭ بولدى. باشقا تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردىمۇ ئىككى مىڭدىن يۇقىرى بولدى(جۇڭگودا ھەر تۈمەن ئادەم ئىچىدىكى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ سانى 1999ـيىلغا كەلگەندە 420دىن ئاشتى) يۇقىرىدىكى مائارىپ سېلىنمىسى ۋە تۈمەن ئادەم ئىچىدىكى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرگە دائىر سان - سىفىرلاردىن مائارىپ بىلەن تەرەققىياتنىڭ، تەربىيىلىنىش دەرىجىسى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنىڭ مۇناسىۋىتىنى باشتا كەلتۈرۈلگەن مۇناسىۋەتلىك سانلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تېخىمۇ ئېنىق چۈشىنىپ كەتكىلى بولىدۇ.

ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مائارىپتىن باشقا يەنە پەن - تېخنىكا تەتقىقاتىغا سالغان مەبلىغىمۇ كۆرۈنەرلىك كۆپەيدى. مەسىلەن، ئامېرىكىنىڭ 1995ـيىلى پەن-تېخنىكا تەتقىقاتىغا سالغان مەبلىغى 170مىليارد770مىليون دوللار بولۇپ، بۇ، شۇ يىللىق ئامېرىكا دۆلەت چىقىمى (GDP) نىڭ45 . 2 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇ سېلىنما ياپونىيىدە (1996ـيىلى) 12مىليارد 198مىليون دوللار (88 . 2پىرسەنت)، گېرمانىيىدە 78 مىليارد 820 مىليون دوللار (27 . 2پىرسەنت)، فىرانسىيىدە 17 مىليارد 560 مىليون دوللار (38 . 2پىرسەنت)، ئەنگلىيىدە 24مىليارد 126 مىليون دوللار (1993ـيىل19 . 2پىرسەنت) بولدى. جۇڭگونىڭ 1996يىلدا پەن - تەتقىقات ئىشلىرىغا سالغان مەبلىغى 33مىليارد200مىليون دوللار بولۇپ، گەرچە ئامېرىكا ۋە گېرمانىيىلەردىنلا كېيىن تۇرسىمۇ، لېكىن شۇ يىللىق دۆلەت ئومۇمىي چىقىمىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى 5 . 0 پىرسەنت بولدى.

ھەرقايسى دۆلەتلەردە پەن-تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يۇقىرى دەرىجىلىك ئالىملارنىڭ سانى شۇ دۆلەتلەرنىڭ ئاجراتقان مەبلىغىغە ماس ھالدا بولدى. 1990-يىللارنىڭ بېشىدا مەخسۇس پەن – تېخنىكا تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئالىملارنىڭ سانى ئامېرىكىدا 962 مىڭ 700 نەپەر، ياپونىيىدە 526 مىڭ 500 نەپەر، گېرمانىيىدە 240 مىڭ 800 نەپەر، فرانسىيىدە 137 مىڭ 600 نەپەر، ئەنگلىيىدە 135 مىڭ نەپەر بولغان بولسا، جۇڭگودا 1996-يىلى 339 مىڭ نەپەر بولدى. بۇ جەھەتتە جۇڭگودا ئالىملارنىڭ سانى ئامېرىكا ۋە ياپونىيىدىنلا كېيىن تۇرۇپ، ئالدىنقى 3-ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. مەخسۇس پەن – تېخنىكا تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئالىملارنىڭ سانىغا لايىق ھالدا ھەرقايسى ئەللەرنىڭ خەلقئارادىكى داڭلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان يۇقىرى سۈپەتلىك ئىلمىي ماقالىلىرىمۇ ئامېرىكىنىڭ 35 پىرسەنتىنى، ياۋروپانىڭ 27 پىرسەنتىنى، ياپونىيىنىڭ 9 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

ئالدىنقى قىسىمدا سۆزلەنگەن مائارىپ ۋە پەن – تېخنىكا تەتقىقاتى جەھەتتە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر سانائەت، ھەربىي ئىشلار، مېدىتسىنا، يېزا ئىگىلىك ۋە ئەدەبىيات – سەنئەت جەھەتتە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنىڭ ئاساسىدۇر. ئېنىق ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، ئەگەر مائارىپ ۋە پەن – تېخنىكا تەتقىقاتى بۇنداق يۇقىرى دەرىجىدە گۈللەنمىگەن بولسا، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى بۈگۈنكى تەرەققىياتىنى قولغا كەلتۈرەلمىگەن بولاتتى. پەن – تېخنىكىنىڭ شالىلىنىش نىسبىتى ھەر يىلى 20 پىرسەنت ئەتراپىدا بولىدىغان، ھەر بىر يېڭى تېخنىكىنىڭ ئۆمرى ئوتتۇرا ھېسابتا ئاران بەش يىل بولىدىغان سەۋىيىگە يېتەلمىگەن بولاتتى. ئالدىنقى ئەسىردە بىر يېڭى تېخنىكىنىڭ ئومۇملىشىشى ئۈچۈن 30 – 50 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىنغان بولسا، 20-ئەسىردە بەش يىلغىمۇ يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، تېخى كونىراپمۇ ئۈلگۈرىدىغان بولدى. «پەن – تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى» دېگەن يادا سۆز ئەنە شۇ سۈرئەتنى كۆزدە تۇتىدۇ.

خۇلاسىلىغاندا، ئىنسانىيەت 20-ئەسىردە ئەنە شۇنداق مىسلى كۆرۈلمىگەن تەرەققىيات ۋە باياشاتلىققا ئېرىشتى. بۇ يەردە ئىنسانىيەت ماددىي جەھەتتىن باياشاتلىققا ئېرىشىش بىلەن تەڭ، مەنىۋى جەھەتتىن مىسلى كۆرۈلمىگەن نامراتلىق كرىزىسىغا دۇچ كەلگەنلىكىنىمۇ قەيت قىلىپ ئۆتۈش لازىم. ئەنئەنىۋى ئەخلاق نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە، ئىنسانىيەت دۇچ كەلگەن ئەخلاقىي نامراتلىق – چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك، مەنپەئەتپەرەسلىك، پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىك، ئالدامچىلىق، كاززاپلىق، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق قاتارلىق رەزىل قىلمىشلار سۈپىتىدە كۆز ئالدىمىزدا ئايان بولىدۇ. يەر شارىدا بۇنداق ھادىسىلەر يۈز بەرمىگەن دۆلەت ۋە رايون قالمىدى. يۇقىرى قاتلام پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانسا، ئاۋام پۇقرا ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق، ئالدامچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. جىنايەتنىڭ يېڭى-يېڭى تۈرلىرى كەشىپ قىلىندى. ئەيش – ئىشرەت، شەھۋانىيلىق، بۇزۇقچىلىق، ئىسراپچىلىق ئاشكارا تۈس ئالدى. «ئاياللار ئازادلىقى» شوئارى «جىنسىي ئازادلىق» شوئارىغا تەرەققىي قىلدى ۋە «ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتى»نى قانۇنلاشتۇرۇشقىچە بېرىپ يەتتى. جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسىي ھۆجەيرە – «ئائىلە» نىڭ مۇقىملىقى ئاجىزلاشتى. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ گۈللىنىشى – رادىئاكتىپلىق بۇلغىنىش، يەرشارى تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى، جانلىقلار نەسلىنىڭ قۇرۇشقا يۈزلىنىشى ۋە بىنورمال تەرەققىي قىلىشى قاتارلىق ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلغان بولسا، ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشى زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش، ئەيدىز كېسىلى، تېررورلۇق، بىدئەت دىن قاتارلىقلارنىڭ يامراپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئالدىنقى تۆت ئاپەت ماددىي ئالەمنىڭ نورماللىقىغا تەھدىت پەيدا قىلغان بولسا، كېيىنكى تۆت ئاپەت ئىنسان روھىيىتىنىڭ ساغلاملىقىنى بۇزدى. ئىنسانىيەت پەن – تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئۆز-ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋاتقانلىقىنى نامايان قىلغان بولسا، مەنىۋى جەھەتتىكى بۇزۇلۇش ئارقىلىق ئۆزىنى ھالاكەت گىردابىغا ئىتتىرىۋاتقانلىقىنى سەزمەي قالدى. ئەخلاقىي جەھەتتىن بۇزۇلۇش، روھىي جەھەتتىن چۈشكۈنلىشىش – مۇشۇ ئەسىرنىڭ يەنە بىر توپ ئالاھىدىلىكىدۇر. بۇ ھادىسىلەر ھوقۇق ئىگىلەپ تۇرغان ئەنئەنىۋى ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئەخلاق بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى تۇتۇپ تۇرۇش رولىنىڭ يوقلۇقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىغاندەك قىلىدۇ. چۈنكى ئەنئەنىۋى ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزى، مەيلى ئۇ ئاغزىدا نېمىلەرنى دېمىسۇن ۋە ئۆزىنى قانداق پەدازلىمىسۇن، شەخسىيەتچىلىكنىڭ، بولۇپمۇ توپلاشما شەخسىيەتچىلىكنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۆز سۇبيېكتىنى ئىنكار قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئەمەلىي ئىش – ھەرىكىتى يەنىلا شەخسىيەتچىلىكنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە تەرغىب قىلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. ئەسىر ئاخىرىدا «دۆلەت ھاكىمىيىتى خەلقنى باشقۇرىدىغان قورال بولماستىن، بەلكى خەلققە خىزمەت قىلىدىغان قورال بولۇشى كېرەك» دېگەنگە ئوخشاش ھاكىمىيەت فۇنكسىيىسىگە دائىر گەپلەر چىققان بولسىمۇ، لېكىن بۇ تېخى ئېغىزدىكىلا گەپ. ئەگەر شۇنداق بولۇش مۇمكىنچىلىكى بار، دېيىلگەندىمۇ بۇنىڭغا يەنە ئۇزۇن بىر تارىخىي جەريان كېرەك. ئەمەلىيەتتە بۇ ئەسىردە شەخسىيەتچىلىك يەنىلا ئاساسىي رول

ئۇيىندى. ھەتتا بەزىلەر شەخسىيەتچىلىكنى جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ھەرىكەتلەندۇرگۈچى كۈچى قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. بىز ئادەتتە «بۇرژۇئا ئىدىيىسى» دەپ ئاتىۋالغان نەرسە شۇ. شەخسىيەتچىلىك ئىلگىرى سۈرۈلگەن ۋە تەشەببۇس قىلىنغانىكەن، ئىنسان بالىسى نېمە ئىشلارنى سادىر قىلمايدۇ؟ ئۇ ئۆزىدىن، ئۆز ئائىلىسىدىن، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن، ئۆز گۇرۇھىدىن باشقىلارنى ئويلىمايدۇ، مەنپەئەتنىڭ قۇلىغا ئايلىنىدۇ، ھەرقانداق قەبىھ ئىشنى قىلىشتىن يانمايدۇ. بۇنىڭ ئوبيېكتىپ نەتىجىسى بولسا، جەمئىيەت ئەخلاقىنىڭ بۇزۇلىشىدۇر. شۇنداق، ئەخلاقنىڭ بۇزۇلغانلىقى پاكىت. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ئەنسىزلىككە پېتىپ ئۈمىدسىزلىنىشكە ئورۇن يوق. ئىنسانىيەت جەمئىيىتى شەكىللەنگەندىن بىرى ئىزگۈلۈكلىك بىلەن رەزىللىك خۇددى قوشماق مېغىزدەك نەچچە يۈز قېتىم ئەۋج ئېلىپ يەنە پەسەيدى. يىلان قانچە پۈۋەپمۇ دوزاخ ئوتىنى بۇ ئالەمگە تۇتاشتۇرالمىدى. ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ياخشىلىق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئالغا قاراپ راۋاجلاندى. بۇ - تارىخ. گەرچە تارىخنى كەلگۈسى ئۈچۈن ئۆرنەك قىلىشقا بولمىسىمۇ، بىز يەنىلا ئالەم تۈزۈلىدۇ، ئەخلاق ئەسلىگە كېلىدۇ، دەپ ئۈمىدلىنىشكە ھەقلىقمىز. يېڭى ئەسىرنىڭ قۇياشى ئۇپۇق سىزىقىدىن كۆتۈرۈلمەكتە. ئۇ، يەرشارىنى يەنىلا نۇرغا تولدۇرىدۇ، قەلبلەرنى يورۇتىدۇ.

## 5

دۇنيا ۋە ئىنسانىيەتنىڭ 20- ئەسىردە بېشىدىن كەچۈرگەنلىرىنى قايتا ئەسلىگىنىمىزدە، ئۆزىمىز ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ كەچمىشلىرىنىمۇ بىر قېتىم كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈش تېخىمۇ مۇھىم. چۈنكى بىز دۇنيانى مۇشۇ ئالاھىدە نۇقتىدا تۇرۇپ كۆزىتىمىز ۋە مۇشۇ ئالاھىدە نۇقتا بىلەن بولغان سېلىشتۇرمىلاردىن پايدىلىنىپ خۇلاسىلەرگە ئىگە بولىمىز.

جۇڭگو20- ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا توپتوغرا50يىل ئۇرۇش مەيدانى بولدى. 1900- يىلى، 20- ئەسىرنىڭ تاڭ پەردىسى كۆتۈرۈلۈۋاتقان پەيتتە، سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ بېيجىڭگە بېسىپ كىرىشى، مەشھۇر يۈەنمىڭ باغچىسىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ كۆيدۈرۈپ تاشلىشى، يىخېتۈەن گۇمپىسى ھەرىكىتىنى قانلىق باستۇرۇشى، جۇڭگونى يېرىم مۇستەملىكە ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇشى - مۇشۇ ئەسىر جۇڭگو پاجىئەسىنىڭ مۇقەددىمىسى بولدى. ئارقىدىنلا مۇشۇ زېمىندا كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەت تالىشىش كۈرەشلىرى قانات يېيىپ كەتتى. 1904- يىلدىكى رۇس- ياپون ئۇرۇشى مۇشۇ زېمىندا

بولۇپ ئۆتكەن تەسىر دائىرە تالىشىش ئۇرۇشىدۇر. باشقا خەق سېنىڭ زېمىنىڭدا خالىغانچە ئەسكىلىك قىلىپ يۈرسە، بۇ قانداق دۆلەت بولدى؟ دۆلەت دۆلەت بولالماي، ھۆكۈمەت ھۆكۈمەت بولالماي قالغانىدى. بۇ، مۇقەررەر ھالدا ئۆزگىرىش - ئىنقىلاب پەيدا قىلىدىغان ئەھۋال ئىدى. 1911- يىلدىكى شىنخەي ئىنقىلابى ۋۇچاڭدا قوزغىلاڭنىڭ تۇنجى ئوقىنى ئېتىپ، 2000يىل ھۆكۈم سۈرگەن خانىدانلىق تۈزۈمىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئوردىسىغا ئوت تۇتاشتۇردى. ئەڭ ئاخىرقى پادىشاھ تەختتىن چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى. دۆلەت پارچە-پارچە بوپكەتتى، ھوقۇق چېچىلدى. جۇڭگو بۇرژۇئا ئىنقىلابى دەۋرىگە قەدەم قويدى. شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ نەتىجىسى - خانىدانلىق تۈزۈمگە خاتىمە بېرىش، جۇڭخۇانى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، خەنزۇ ۋە مانجۇ خەلقلىرىنىڭ ئۇزۇن چاچ قويۇش ۋە پۇت بوغۇشتىن قۇتۇلغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئارقىدىنلا 1915- يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە يۈەنشىكەينىڭ خانلىق تۈزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەقسىتىگە قارشى گېنېرال سەي ئې باشچىلىق قىلغان يۈننەن - سىچۈەن خەلقىنىڭ جازا ئۇرۇشى بولۇپ ئۆتتى. مىلىتارىستلار دائىرە ئىگىلەپ ئۆزئارا ئۇرۇش قىلىشقا كىرىشتى. لۇشۈن ئەپەندى تەسۋىرلىگەندەك سېپىل دەرۋازىسى ئۈستىدە ھەركۈنى بىر بايراق ئالمىشىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. 1919- يىلدىكى ۋېرسال سۈلھى يىغىنىدا جۇڭگوغا تېڭىلغان تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىنىڭ ھاقارەتلىك ماددىلىرى تارىختىكى مەشھۇر «4- ماي» ھەرىكىتىنىڭ پىلتىسىگە ئوت ياقتى. بۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكەت كېيىنچە مەدەنىيەت ئىنقىلابىغا ئايلىنىپ كەتتى. يېڭىلىق ھەرىكىتى قوزغالدى. ئاڭ، ئىدىيە، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ۋە مائارىپتىكى ئۆزگىرىش سىياسىي پارتىيىلەرنىڭ قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈردى. 1921- يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى بىر تارىخىي ۋەقە بولدى ۋە كېيىنكى تارىخقا مۆلچەرلىگۈسىز تەسىر كۆرسەتتى. ئارقىدىنلا گومىنداڭ پارتىيىسى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىندى. بۇ، سىياسىي پارتىيىلەرنىڭ پىشىپ يېتىلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بەردى. 1924- يىلدىن 1927- يىلغىچە گومىنداڭ - كومپارتىيە ھەمكارلىقىدا دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى نىشان قىلغان شىمالغا يۈرۈش ئۇرۇشى بولۇپ ئۆتتى. دۆلەتنىڭ كۆپ قىسىم ئۆلكىلىرى ئېتىراپ قىلغان مەركىزىي ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. بىرلىك ئەمەلگە ئاشتى. شۇ يىلى گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ ھەمكارلىقى بۇزۇلدى. شۇ يىلى 1- ئاۋغۇستتا نەنچاڭدىن ياڭرىغان ئوق ئاۋازى بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىمۇ قوراللىق كۈچكە ئىگە بولدى. 1927- يىلدىن 1937- يىلغىچە ئىككىنچى قېتىملىق ئىچكى ئۇرۇش بولۇپ ئۆتتى. 1931- يىلدىن باشلاپ ياپونىيىنىڭ شەرقىي شىمالدىكى

بەش ئۆلكىنى بېسىۋېلىشى، شاڭخەيگە بېسىپ كىرىشى نەتىجىسىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن سىرتقى كرىزىس 1937- يىلدىن 1945-يىلغىچە داۋاملاشقان ياپونىيە تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنى قوزغىدى. بۇ، كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى قوراللىق كۈچنىڭ يېتىشىپ يېتىلىش مەزگىلى بولدى. 1945-يىلدىن 1950-يىلغىچە مەركىزىي ھاكىمىيەتنى كىم ئىگىلەشنى مەقسەت قىلغان 3-قېتىملىق ئىچكى ئۇرۇش بولۇپ ئۆتتى. ئۇنىڭغا ئۇلىشىپلا 1950-يىلدىن 1953- يىلغىچە داۋاملاشقان ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشى بولۇپ ئۆتتى...

ئالدىنقى 50 يىلدا بولۇپ ئۆتكەن جەڭ-يىغىلىقلارنى بىراقلا كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدىغان بولساق، مۇشۇ 50 يىلدا، مۇشۇ كۆلپەتلىك زېمىندا بىر كۈنمۇ ئەمىنلىك بولمىغاندەك تەسىراتقا كېلىمىز. قانچە ئادەم ئۆلۈپ، قانچىلىك ئىسسىق قانلار ئاققاندۇ؟ قانچىلىك ھەسرەتلىك ياشلار تۆكۈلگەندۇ؟ ئەمەلىيەتتىمۇ تۆكۈلگەن ياشلاردىن تۆكۈلگەن قانلار كۆپ بولدى. ياپونغا قارشى سەككىز يىللىق ئۇرۇشتا جۇڭگو خەلقىدىن 30 مىليون ئادەمنىڭ قۇربان بولغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بار. باشقا ئۇرۇشلاردا قانچىلىك ئادەم ئۆلگەندۇ؟ قارىماققا بۇ تولىمۇ نادامەتلىك، ھەسرەتلىك كەچمىشتەك تۇيۇلىدۇ. ئەمما «جاندىن كەچمەي جانانغا يەتكىلى بولماس» دېگەن خەلق ماقالىنىڭ روھى بويىچە پىكىر قىلساق، بۇلارنىڭ قۇربان بېرىشكە، قان تۆكۈشكە، ياش تۆكۈشكە ئەرزىگۈدەك ئىشلار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. 50 يىللىق ئۇرۇش مۇشۇ زېمىنغا ئاجايىپ تالانتلىق داھىيلارنى، شۆھرەتلىك قوماندان-گېنېراللارنى، ئىرادىلىك قىز-يىگىتلەرنى يېتىشتۈرۈپ بەردى. 50 يىللىق ئۇرۇش - كۇڭزى، مېڭزى ئىدىيىسى 2000 يىل ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان جۇڭگوغا ماركسىزم-لېنىنىزم ئىدىيىسىنى ئېلىپ كىردى. 50 يىللىق ئۇرۇش - مالىمان جۇڭگو خەلقىنىڭ يەلكىسىدىن بېسىپ تۇرغان ئۈچ چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. 50 يىللىق ئۇرۇش - نەچچە مىڭ يىللىق پادىشاھلىق تۈزۈمىنى شاللاپ تاشلاپ، جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى تىكلىدى. 50 يىللىق ئۇرۇش مالىمان جۇڭگو خەلقىنى ئورنىدىن دەس تۇرغۇزۇپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. 50 يىللىق ئۇرۇش ئارقىلىق جۇڭگو جەمئىيەت تەرەققىياتى تەرتىپى بويىچە كاپىتالىزم تۈزۈمىنى تاللىماستىن، بىراقلا سەكرەش ھاسىل قىلىپ سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە ئۆتتى. جۇڭگونى ھېچكىم ئاسانلىقچە بوزەك قىلالمايدىغان بولدى...

20-ئەسىرنىڭ كېيىنكى 50 يىلى جۇڭگو خەلقى ئۈچۈن ئەمىنلىك يىللىرى بولدى. تىنچلىق قولغا كەلتۈرۈلۈپ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلدى. مائارىپتىن بەھرىمەن بولۇش يولغا قويۇلدى. گەرچە ئوتتۇرىدا بىر تالاي «ھەرىكەت» لەر، 1960-يىلدىكى ئاچارچىلىق ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» غا ئوخشاش پاجىئەلىك قىستۇرمىلار بولۇپ ئۆتكەن بولسىمۇ، 50 يىلنىڭ تارىخى يەنىلا تىنچ-ئەمىنلىك ۋە تەرەققىياتتىن مەزمۇنلاندى. ئىزچىل ھالدا ئىگىلىك تەرەققىي قىلىش، ئىقتىساد ئېشىش يۈزلىنىشىنى ساقلاپ كەلدى. جۇڭگونىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1956-يىلدا 163 مىليارد 900 مىليون يۈەن بولغان بولسا، 1978-يىلى 1 تىرىليون 592 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە، 1999-يىلى بولسا سەككىز تىرىليون يۈەندىن كۆپرەككە ئۆستى. 1999-يىلدىكى قىممەت 1956-يىلدىكىدىن 48 ھەسسىدىن كۆپرەك ئارتقان بولىدۇ. ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتى بولۇپمۇ 1978-يىلدىن كېيىن ناھايىتى تېز بولدى. دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئوتتۇرىچە 3 پىرسەنت ئەتراپىدا بولۇۋاتقان شۇ مەزگىلدە جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئۇدا بىرقانچە يىل 12 پىرسەنتتىن يۇقىرى بولۇپ، 2 خانىلىق سان ھاسىل قىلدى. بۇ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى غايەت زور تېزلىكنى كۆرسىتىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە 30 نەچچە ياشتىن ھالقىغان پۇقرالارنىڭ ھەممىسى شۇ مەزگىلدىكى ئېشىش سۈرئىتىنى ئېنىق تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ. ھازىر جۇڭگو ئىقتىسادى قىزىپ كېتىش باسقۇچىدىن يېنىپ 7 - 8 پىرسەنتلىك يۇقىرى نورمال ئۆسۈش مەزگىلىگە قەدەم قويدى. 20 يىل ئىلگىرى جۇڭگو پۇقرالىرى ئومۇمىيۈزلۈك يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك ۋە تۇرالغۇ ئۆي جەھەتتە قىيىنچىلىق تارتقان بولسا، ھازىر قورساق توق، كىيىم پۈتۈن بولۇش مەسىلىسى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل بولدى. شەھەر-بازارلاردا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 10 كۋادرات مېتىردىن ئاشتى. مەملىكەت بويىچە ئائىلىلەرنىڭ يىللىق كىرىمىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشقا ئىشلىتىلىدىغان نىسبىتى 1995-يىلى 1 . 56 پىرسەنت بولغان بولسا، 1999-يىلى 3 . 49 پىرسەنتكە تۆۋەنلىدى (بۇ، سىياسىي ئىقتىسادتا ئېنگېل كوئېففىتسېنتى دېيىلىدۇ، ئېنگېل كوئېففىتسېنتى 47 پىرسەنت بولۇپ، ئەگەر بىر ئادەمنىڭ يىللىق كىرىمىنىڭ 47 پىرسەنتىدىن ئارتۇقى كۈندىلىك تۇرمۇشقا ئىشلىتىلسە، بۇنداق ئادەم نامرات ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئاشقان قىسمى ئارانلا قايتا ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغى سېلىشقا يېتىدىغان بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى تەربىيىلەش، داۋالىنىش، كۆڭۈل ئېچىشقا مەبلەغ ئاجرىتالمايدۇ) . يۇقىرىقى تۆۋەنلەش گەرچە يەنىلا نامراتلىق سىزىقىدىن يۇقىرى بولسىمۇ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىلگىرىكى تۇرمۇش سەۋىيىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، غايەت زور ئىلگىرىلەش بولغانلىقىنى

چۈشەندۈردۇ.

كېيىنكى 50يىلدا جۇڭگونىڭ مائارىپ ئىشلىرى غايەت زور ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشتى. باشلانغۇچ مائارىپ ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى يولغا قويۇلدى. جەمئىيەتكە، ئومۇمىي سۈپەت ـ ساپاغا ئەمەلىي تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان ئالىي مائارىپنىڭ كۆلىمىمۇ كېڭەيدى. ھەر تۈمەن ئادەم ئىچىدە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ سانى 1999-يىلى 420كىشىگە يېتىپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 4.1 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلغانلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 8.03 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ مائارىپقا سالغان مەبلىغىمۇ يىلدىن يىلغا ئېشىپ، 1999-يىلى 10مىليارد 925مىليون دوللارغا يېتىپ، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ6.2پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇ، جۇڭگودىكى ھەر بىر نوپۇسقا 4.9دوللاردىن توغرا كېلىدۇ.

جۇڭگونىڭ پەن ـ تەتقىقات ئىشلىرىمۇ ئۇچقاندەك راۋاجلاندى. پەن ـ تېخنىكا تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەخسۇس ئالىملارنىڭ سانى 1996-يىلى 559مىڭغا يېتىپ، ئالىملار سانى جەھەتتە ئامېرىكا ۋە ياپونىيىدىن قالسىلا 3-ئورۇننى ئىگىلىدى. پەن ـ تېخنىكا تەتقىقات سېلىنمىسىمۇ يۇقىرى بولدى. 1996-يىلى پەن ـ تېخنىكىغا سېلىنغان سېلىنما 33مىليارد 300مىليون دوللارغا يېتىپ، ئامېرىكىدىن قالسىلا 2-ئورۇننى ئىگىلىدى. شۇنىڭغا لايىق ئالىملار ھازىر دۇنيادا دىققەتنى تارتىۋاتقان يۇقىرى پەن ـ تېخنىكىلارنىڭ ھەممىسىنى ئىگىلەپ، دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنى ئاشۇرۇشقا تېگىشلىك ھەسسە قوشتى. 1964-يىلدىن كېيىن ئارقىمۇ ئارقا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئاتوم بومبىسى سىنىقى، ۋودىروت بومبىسى سىنىقى، يادرو ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇش، سۈنئىي ھەمراھ ئۇچۇرۇش، يۇقىرى سۈرئەتلىك ئېلېكترونلۇق تېزلەتكۈچنى ياساش، گېن قۇرۇلمىسىنى بايقاش ۋە گېن قۇرۇلمىسى سخېمىسىنى سىزىشقا قاتنىشىش، كلون تېخنىكىسىنى ئىگىلەش قاتارلىقلار شۇ جۈملىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەردۇر.

ھازىر جۇڭگونىڭ دۇنيادىكى ئورنى سىياسىي جەھەتتە 2-، ئىقتىسادىي جەھەتتە 4-، پەن تەتقىقات كۈچى جەھەتتە7-، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى سېلىشتۇرمىسىدا6-، رىقابەت كۈچى جەھەتتە 27-بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇنىڭدىكى سىياسىي جەھەت دۇنيادىكى سىياسىي ئىشلاردا ئويناۋاتقان رولىنى، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى قاتتىق كۈچ ( ئىقتىسادىي كۈچ ۋە ھەربىي كۈچ) ۋە يۇمشاق كۈچ ( خەلقنىڭ ساپاسى، ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسى، ئىجتىمائىي قىممەت قارىشى، مەدەنىي ھاياتىي كۈچ) قاتارلىق ئىككى تەرەپنىڭ يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ.

يۇقىرىقى سان ـ سېفىرلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، جۇڭگو كېيىنكى 50يىلدا ھەقىقەتەنمۇ غايەت زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ۋەھالەنكى، قىيىنچىلىقمۇ يوق ئەمەس. جۇڭگو كېيىنكى ئەسىردە يەنە زور قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ. بۇ قىيىنچىلىقلار غەرب ئەللىرىنىڭ ئىدېئولوگىيە سەۋەبتىن جۇڭگو ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇشقا ئۇرۇنۇشى، نوپۇسنىڭ زىيادە كۆپىيىپ كېتىشى مەسىلىسى، ئاھالىنىڭ قېرىلىشىش ۋە ئىشسىزلىق مەسىلىسى، ئاھالىنى قانداق بېقىش ـ يېزا ئىگىلىكىنى قانداق تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسى، ئېنېرگىيە قىس بولۇش مەسىلىسى، مۇھىت بۇلغىنىش مەسىلىسى، پەن ـ تېخنىكا ۋە سانائەتلىشىش جەھەتتە تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرگە يېتىشىۋېلىش مەسىلىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئىشىنىمىزكى، بۇ قىيىنچىلىقلارنى تىرىشىپ ھەل قىلىپ كېتەلەيمىز. جۇڭگو 1978-يىلدىن كېيىن تەرەققىي قىلىشنىڭ نورمال ئىزىغا چۈشتى. جۇڭگونى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئەڭگۈشتىرى ـ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىگە ئىگە بولدى. مېنىڭچە، يۈكسەك نىشانلارنى كۆزلەپ غۇيۇلداپ كېتىۋاتقان بۇ غايەت زور پويىزنى ئەمدى ھېچكىم ئارقىغا قايتۇرالمايدۇ. مانا بۇ، تارىخىي يۈزلىنىش، جۇڭگونىڭ تارىخىي يۈزلىنىشى.

## 6


دۇنيا ۋە جۇڭگونىڭ 20-ئەسىردىكى ئەھۋالى ھەققىدە توختالغاندا، شۇنىڭ ئىچىدىكى ئۆزىمىز تەۋە بولغان، دۇنيا مىللەتلىرى ئىچىدە 100-نىڭ ئالدىدىكى نوپۇس سانىغا ئىگە ئۇيغۇرلار ۋە شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىمۇ ئىككى ئېغىز گەپ قىلىش ئارتۇقچە بولماس. چۈنكى بىزمۇ بارلىق خەلقلەرگە ئوخشاش 20-ئەسىردە ياشاپ ئۆتتۇق. يۇقىرىدىكى بايان تەرتىپى بويىچە، ئالدى بىلەن باشتىن كەچۈرگەن ئۇرۇشلارنى، پەن-تېخنىكا ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى نەتىجىلەرنى ئەسلىمەكچى بولساق، سۆزلىگۈدەك گەپ تېپىلمايدۇ. 1912-يىلى قۇمۇلدا تۆمۈر خەلىپە باشچىلىقىدا قوزغالغان كۆتۈرۈلۈشكە ئوخشاش ئايرىملىق خاراكتېرىدىكى يېغىلىقلارنى ئەسلەپ يۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتى يوق. 1932-يىلدىن 1937-يىلغىچە شىنجاڭ راستىنلا بىر مەزگىل ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىغا پاتتى، دەھشەتلىك قىرغىنچىلىقلار بولدى. 1944- يىلدىن 1949- يىلغىچە شىمالىي شىنجاڭدا بولغان ئىنقىلاب «جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى»، بۇلارنى ھەممە كىشى بىلىدۇ، قايتا سۆزلەپ

يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. پەن-تېخنىكا تەتقىقاتى جەھەتتە ئۆزىمىز كەشپ قىلىش تۈگۈل باشقىلار كەشپ قىلغانلاردىنمۇ پايدىلىنالمايۋاتىمىز. ئىقتىساد، قۇرۇلۇش، تۇرمۇش جەھەتتىكى تەرەققىياتلارنى گېزىت، رادىئو خەۋەرلىرىدىن بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئاشۇ خەۋەرلەردىن مەلۇمكى، تۇرمۇشىمىزنىڭ يۈكسىلىشىمۇ باشقىلارنىڭكىدىن كەم ئەمەس ئىكەن. ئەمما بۇلارنى تەكرارلاپ يۈرۈشكە ئېھتىياج بارمۇ؟ نەتىجىلەرنى باشقا يەردىن تاپقىلى بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ 20-ئەسىردىكى ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۆزىنى قايتا تېپىۋېلىش بولدى. ئەسىر بېشىدا، ئاتا-بوۋىلىرىمىزدىن: «سىز قايسى مىللەتتىن؟» دەپ سورالسا، كالىلدىن سورىسا پاقالچەكتىن جاۋاب بەرگەندەك، ئۇلار: «مۇسۇلمان» ياكى «قەشقەرلىك»، «خوتەنلىك» دېگەندەك جاۋابلارنى بېرىدىكەن. بۇ، ئۆزىنىڭ مىللىي نامىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. 1925-يىلى تاشكەنتتە بىر قىسىم ئۇيغۇر يېڭى زامان زىيالىيلىرى يىغىن ئېچىپ «ئۇيغۇر» دېگەن مىللەت نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلغانلىقى ۋە 1933-يىلى شىنجاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتى ۋە مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ئىسىمنى ئېتىراپ قىلغانلىقى مەلۇم. ھازىر، ئەسىر ئاخىرىغا كەلگەندە ئۆزىنىڭ مىللىي نامىنى بىلمەيدىغان بىرمۇ ئۇيغۇر قالمىدى. ئۆزىنى قايتا تېپىۋېلىش دېگىنىمىز ئەنە شۇ. بۇ ئەسىردە ئۇيغۇرلار ئۆزىنى قايتا تېپىۋېلىپلا قالماي، بەلكى مىللىي ئاڭمۇ تەدرىجىي كۈچەيدى. بولۇپمۇ ئەسىرنىڭ كېيىنكى 50 يىلىدا، پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ كۈچەپ ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇشى ئارقىسىدا ئۇيغۇر مىللىي ئۆزلۈك ئېڭى تارىختا كۆرۈلمىگەن سەۋىيىگە كۆتۈرۈلدى. ھەرقانداق بىر ئاڭلىق ئۇيغۇر ئۆز تەقدىر - كەچمىشلىرىنىڭ مۇشۇ ئېتنىك تۈركۈم قىسمەت چەمبىرىكىدىن چىقىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى، مەڭگۈ شۇلار بىلەن بىر قازاندا قاينايدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەندى. بۇنى ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى تەربىيىسىنىڭ كاتتا نەتىجىسى دېمەي مۇمكىن ئەمەس. ئۇيغۇر مىللىي ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا ئۇيغۇر تارىخىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، مىللىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، ئەدەبىيات - سەنئىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتى قۇچاق ئاچتى. تالاي تارىخىي كىتابلار قايتا يېزىلدى ۋە قايتا نەشر قىلىندى. مۇھاكىمىلەر ئېلىپ بېرىلدى. تارىخىي رومانلار دەۋرنى دەۋرگە ئۇلىدى. بۇلار ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۇيغۇر مىللىي ئۆزلۈك ئېڭىنى كۈچەيتىشكە ھەسسە قوشتى. ھازىر ھەرقانداق بىر ئۇيغۇر زىيالىيسى 2000 يىللىق تارىخىنى سىستېمىلىق سۆزلەپ بېرەلەيدۇ ياكى ئۇنىڭ بىر قىسمىنى بايان قىلىپ بېرەلەيدۇ. گەرچە باشقا مىللەتلەرنىڭكىدەك چوڭقۇر بولمىسىمۇ، تارىخىي ساۋاتسىزلىق ئاساسەن تۈگىتىلدى. بۇنى ئەسىر بېشىدا ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالغان مىللەتكە نىسبەتەن كاتتا نەتىجە دېمەي بولمايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ 20-ئەسىردىكى يەنە بىر نەتىجىسى، ھازىرقى زامانچە مائارىپقا ئىگە بولغانلىقىدۇر. ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ بىخلىنىشى 1932-يىلدىن باشلاندى ۋە ھەرقايسى جايلاردىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرىنىڭ تىرىشىشى نەتىجىسىدە تېزلا ئومۇملاشتى. كېيىنكى 50 يىلدا بولسا، پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن ھەقىقىي تۈردە كۆلەملەشتى. كەنتلەردە باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇش، يېزىلاردا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇش، ناھىيىلەردە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇش ئىشقا ئاشتى. ئوقۇيالماسلىق، يازالماسلىق ساۋاتسىزلىقى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىلدى. ۋەھالەنكى، بۇ مائارىپنىڭ مىللەتنىڭ ساپاسىغا كۆرسىتىۋاتقان تۈرتكىسى يەنىلا بەك تۆۋەن. گەرچە بىر قىسىم ياش زىيالىيلىرىمىز چەت ئەللەردە ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردە ئوقۇپ يۇقىرى ئىلمىي ئۇنۋانلارغا ئېرىشىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇستا ئىگىلىگەن نىسبىتى بەك ئاز. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ھازىر شىنجاڭدا ياشاۋاتقان 17 مىليون 470 مىڭ نوپۇس ئىچىدە (1998-يىلدىكى سان) تولۇق ئوتتۇرىدىن يۇقىرى مەلۇماتلىقلارنىڭ نىسبىتى ئاران 16.71 پىرسەنت ئىكەن. ئالىي مەكتەپ تولۇق كۇرسىنى پۈتتۈرگەنلەر 1 پىرسەنتكىمۇ يەتمەيدىكەن. ئومۇمىي ئەھۋال شۇنداق بولسا، سەككىز - ئون مىليونلۇق ئۇيغۇرنىڭ ئەھۋالى قانچىلىكتۇ؟ ماتېرىياللارنى ئاختۇرۇپ تەپسىلىي ستاتىستىكىلىق سانلارنى كۆچۈرۈپ چىقىشقا ئىمكان بولمىدى. ئەمما ئومۇمىي ئەھۋالدىنلا مىللىتىمىزنىڭ تەربىيىلىنىش سۈپىتىنىڭ يەنىلا كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەسلىكىنى پەرەز قىلماق تەس ئەمەس. خەلقىمىز يەنىلا ئىلغار مىللەتلەرنىڭ ئىككى - ئۈچ ئەسىر ئىلگىرىكى ئىزلىرىنى تىمىسقىلاپ يۈرمەكتە. بۇ ئەھۋال ئويلىغۇچىدا ئىلغار مىللەتلەرگە مەڭگۈ يېتىشىپ بولالماسلىقتەك غېرىبانە تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ. پۈتكۈل مىللەت قانداقتۇر بىر غايىبانە سەكرەش بولۇشنى ئارزۇ قىلىۋاتقاندەك، ئاشۇ سەكرەش ئارقىلىق ئالغا كەتكەنلەرگە يېتىشىۋېلىشنى ئۈمىد قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. 21-ئەسىر بىزگە ئاشۇ پۇرسەتنى بېرەرمۇ؟ 21-ئەسىرنىڭ قۇياش نۇرى بىزنىڭ كۆلبىمىزنىمۇ يورۇتارمۇ؟ بۇ، بىزنىڭ ئىزدىنىشىمىزگە باغلىق. تىرىشساقلا 21-ئەسىر بىزنىڭمۇ ئەسىرىمىز بولىدۇ.

---

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكوم پارتكومى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى(M1)



# گۆركار

(ھېكايە)

**مەمتىمىن ھوشۇر**

قۇناخۇن گۆركار گۆرنى كولاپ بولۇپ، ئىچگۆرگە كىرىپ، پۇتىنى ئۇزۇن سوزۇپ يېتىپ باقتى. ئۇ مۇشۇنداق ئەستايىدىل ئادەم ئىدى. ھەر قېتىم يېڭى بىر گۆرنى كولاپ پۈتتۈرگەندە، ئىچگۆرگە كىرىپ پۇتىنى ئۇزۇن سوزۇپ يېتىپ باقاتتى. قۇناخۇن ئۆزىمۇ ئېگىز، بەستلىك ئادەم ئىدى. ئۇ ياتقان ئىچگۆرگە ھەرقانداق مېيىتنى ئازادە قويغىلى بولاتتى.

قۇناخۇن ياشىنىپ قالغاچقىمۇ، بۇ بىر-ئىككى يىلدىن بېرى گۆر كولايدىغان ئىشمۇ ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىدىغان بوپقالغانىدى. ئۇنىڭ گۆركارلىق قىلىپ يۈرگىنىگە ئۇزۇن يىللار بوپقالدى. مۇشۇ قەبرىستانلىقنىڭ ئەتراپىدىكى مەھەللىلەردە ۋاپات بولغان قېرى-ياش، ئەر-ئايال بولۇپ قانچىلىغان ئادەملەرنىڭ يەرلىكىنى ئۇ ئۆز قولى بىلەن كولاپ بۇيەرگە دەپنە قىلىدى. يېقىندىن بېرى ئۇ: «ئاز قالدى، بىر كۈنى مېنىڭمۇ يەرلىكىمنى بىرسى كولاپ، مېيىتىمنى بۇ يەرگە قويىدۇ» دەپ ئويلايدىغان بوپقالغانىدى. . . قۇناخۇنغا ماۋۇ يېڭى گۆرنى كولىغىچە خېلى ھاردۇق يەتتىمۇ، ئىچگۆردە سوزۇلۇپ يېتىۋېدى، پۇت-قوللىرى ئارام ئېلىپ خۇشياقىغاندەك بولدى.

«بىر ھېسابتا تىرىكچىلىكنىڭ غېمى، جاھاننىڭ غەۋغاسىدىن خالىي مۇشۇ يەرمۇ تىنچكەن، - دەپ ئويلىدى قۇناخۇن نەم توپا پۇراپ تۇرغان، سالقىن ئىچگۆردە يېتىپ، - بىردە راست، بىردە يالغان سۆزلەپ ياشايدىكەنمىز، ياشايدىكەنمىز، ئاخىر كېلىدىغان يېرىمىز مۇشۇكەنغۇ؟ . . . مانا ماۋۇ رەجەپئاخۇن «رەجەپ باي» بولۇپ جاھانغا پاتماي قېلىۋېدى، ئاللانىڭ قۇدرىتى ئالدىدا ئۇمۇ چارىسىز كۆزىنى يۇمدى. ھېلى جامائەت يۇيۇپ-تاراپ ئۇنى مۇشۇ يەرگە ئېپكېلىدۇ. ئۇنىڭغا قارىغاندا مېنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىم قانچىلىك ئىشتى. يەتتە كەتمەن توپا چۈشكەندىن باشلاپ مۇنكىر-نەكىرلەر كىرىپ سوئال-سوراقنى باشلايدۇ، دەيدۇ. باشلىسا

ئەدەبىيات گۈلزارى

باشلىمامدۇ، قورققىدەك نېمە گۇناھىم بار. «كىمسەن؟» دېسە، «گۆركار قۇناخۇن بولىمەن» دەيمەن...

شۇنداق خىياللار بىلەن قۇناخۇن كۆزىنىڭ ئۇيقۇغا كېتىپ قالغىنىنى سەزمىدى. بىر چاغدا غەلىتە كىيىنگەن، قولىغا كالتەك - توقماق تۇتقان مۇنكىر-نەكىرلەر زەنجىر، كىشەن، يەنە قانداقتۇر ئەسۋابلىرىنى شاراقشىتقىنىچە ئىچگۆرگە كىرىپ كەلدى. «لائىلاھە ئىللاللا مۇھەممەدۇن رەسۇلىللا!- دەپ ئىمان ئېيتتى قۇناخۇن، - مەن چۈش كۆرۈۋاتىمەنمۇ، قانداق؟...»

- خوش، قۇناخۇن دېگەن سەن بولامسەن، - دېدى سوراققا كىرگەنلەرنىڭ بىرى.

- شۇنداق، يانتاق مەھەللىدىكى گۆركار قۇناخۇن بولىمەن.

- خوش، قېنى، قىلغان گۇناھلىرىڭنى ئېيت!

- مېنى ئالدىراپلا سوراق قىلىۋاتىسىلەرغۇ دەيمەن؟- دېدى قۇناخۇن، - مەن تېخى ئۆلمىگەن تۇرسام... ئۆلىدىغان ئىش بولسا، ئەلۋەتتە ئاۋۋال بىر-ئىككى كۈن ئۆيدە ئورۇن تۇتۇپ ياتقان بولسام، باللىرىمنى ئەتراپىمغا يىغىپ چىرايلىق خوشلىشىپ، رازىلىقىمنى بەرگەن بولسام بولمايتتىمۇ؟

- ئۆلمىگەن بولساڭ بۇ ئىچگۆردە نېمە لاپچىيىپ ياتىسەن؟

- دەۋاتىمەنغۇ، ئۆزۈم بىر ئەرزىمەس كەمبەغەل بولساممۇ، يانتاق مەھەللىدىكى گۆركار قۇناخۇن، دېسە مېنى تونۇمايدىغان ئادەم يوق. گۆر دېگەن كولاپ يەنە تىندۇرۇۋېتىدىغان نەرسە بولسىمۇ، يەنە ئىش دېگەننى ئۆزىنىڭ قائىدىسىگە توغرىلاپ قىلمىغان بىلەن بولمايدۇ. ھەر قېتىم گۆرنى كولاپ بولۇپ، بولدىمۇ - بولمىدىمۇ، دەپ مۇشۇنداق ئىچىگە كىرىپ يېتىپ باقىمەن. ماۋۇ رەجەپ باي دېگەن بىلەن ئانچە خوشۇممۇ يوق. خوشۇم يوق دەپ ئىشنى قولۇمنىڭ ئۇچىدا قىلسام بولمايدۇ-دە. ھاردۇق يېتىپ قالدىمۇ، ئىچگۆرنى كۆرۈپ باقىمەن، دەپ كىرىپ كۆزۈم ئۇيقۇغا كېتىپ قاپتۇ.

- ئۇ تەرەپلىرى بىلەن كارىمىز يوق. يۇقىرىدىن بىزگە: «بىر ئۆلۈك يەرلىككە قويۇلدى، بېرىپ سوراق قىلىڭلار!» دېگەن پەرمان كەلدى. پەرماننى ئىجرا قىلمىساق بولمايدۇ. قىلغان گۇناھلىرىڭنى بىلەمسەن؟

- ئەمدى، بەندىچىلىكتە كىم گۇناھتىن خالىي بولالايدۇ. بەزى سەھۋەنلىكلەرنى ئۆتكۈزسەم ئۆتكۈزگەندىمەن.

- تىلىڭنى چاينىماي ئېنىق گەپ قىل! - دېدى يەنە بىر سوراقچى، - پۇلى بارلارنىڭ گۆرىنى كەڭ، پۇلى يوقلارنىڭكىنى تار كولىغىنىڭچۇ؟ ياخشى يەرلەرگە: «بۇ يەردە قەبرە بار» دېگەننى قىلىپ، يالغاندىن توپا دۆۋىلەپ قويۇپ، پۇلنى جىق بەرگەن غوجاملارغا ئۆرە باھادا ساتقىنىڭچۇ؟ مۇساپىرلارنىڭ تۆت-بەشىنى ئۈستى-ئۈستىلەپ بىر گۆرگىلا كۆمۈۋەتكىنىڭچۇ؟... ئۆزۈڭچە قىلغان - ئەتكەنلىرىمنىڭ پەقەت سورىقى بولمايدۇ، دەپ قالغانمىدىڭ؟

- يا ئاللا، نېمە دەۋاتىدىغانسىلەر؟ شەھەرنىڭ گۆركارلىرىنى شۇنداق قىلىقلارنى قىلىدىكەن، دەپ ئاڭلىۋىدىم، بىزنىڭ بۇ يەردە يەر كەڭرى تۇرۇپتىغۇ...

قۇناخۇن باياتىنبېرى چۈش كۆرۈۋاتاتتى. بارا-بارا چۈشىدىكى نەرسىلەرمۇ خىرەلىشىپ، لايدەك ئېزىلىپ شۇنداق قاتتىق ئۇخلاپ كەتتىكى، جامائەتنىڭ تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ تۇپراق بېشىغا يېتىپ چىققىنىنى، گۆرنىڭ ئۈستىدىكى ۋاراڭ-چۇرۇڭ، يىغا ئاۋازلىرىنىڭمۇ ھېچقايسىسىنى تۇيمىدى.

ئۆلگۈچى رەجەپ باي ئىدى. رەجەپ باينى مۇشۇ يۇرتنىڭ زومىگەرى دېسىمۇ بولاتتى. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ يۇرت سورىغان، ئەترەتنىڭ يەر-مۈلۈكلىرىنى شەخسلەرگە تەقسىم قىلىپ بەرگەندە، ھوقۇقىغا تايىنىپ يەرنىڭ ئوبدىنىنى، ئات-ئۇلاق، سايمانلارنىڭ سەرخىللىرىنى ئۇرۇق-تۇغقان، بالا-چاقىلىرىغا بۆلۈپ بېرىپ، تېزلا كۆتۈرۈلۈپ «رەجەپ دادۇيجاڭ» دىن «رەجەپ باي» غا ئايلانغانىدى. ھازىر ئۇنىڭ توك تۈگمەن، ماي تارتىش، چىگىت ئايرىش زاۋۇتلىرى، شەھەردە ئاچقان دۇكانلىرى بار ئىدى. يۈز مولاپ يەر تېرىيتتى. يۇقىرىدىن بېيىغان ئائىلىلەرنى زىيارەت قىلغىلى كەلگەنلەر ئۇدۇل ئۇنىڭ ئۆيىگە چۈشەتتى. «ھالال» ئەمگىكى بىلەن بېيىغانلارنىڭ ئۈلگىسىمۇ يەنە شۇ رەجەپ باي ئىدى. شۇڭا، بۇ ئەتراپتا ئۇنىڭ ئائىلە جەمەتىنىڭ دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغانىدى. ياراتقان ئىگەمنىڭ قۇدرىتى ئالدىدا رەجەپ بايمۇ چارىسىز، مانا بۈگۈن تاۋۇتقا چۈشۈپ گۆرنىڭ ئاغزىغا كېلىپ تۇراتتى.

جامائەت كولىنىپ تەييار بولغان گۆرنىڭ قېشىغا كېلىپ، تاۋۇتنى يەرگە قويۇشتى. ئىمام بىلەن يۇرت ئاقساقاللىرى نېرىغا سېلىنغان كىگىز ئۈستىدە ئولتۇرۇشتى. جامائەتنىڭ بىر قىسمى گۆرنىڭ بېشىغا دۈررىدە ئولۇشۇپ تۆۋەنگە قاراشتى. گۆر چىرايلىق كولانغانىدى.

- پاھ، ماۋۇ يەرنىڭ توپىسى قالتىس ئوبدان چىقىپتۇ-دە! - دېدى بىرەيلەن ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ خۇشامەت تەلەپپۇزىدا. چۈنكى رەجەپ باي ئۆلۈپ كەتكەن بىلەن ئۇنىڭ ئۇرۇق-جەمەتى گۆرنىڭ ئەتراپىدا ھازىر بولۇپ تۇرۇشاتتى.

- رەھمەتلىك رەجەپ باي ئۆزىمۇ نىيىتى خالىس، ئوبدان ئادەم ئەمەسمۇ!... قېنى بۇ گۆركار؟ - دېدى يەنە بىرەيلەن.

- ھاي قۇناخۇن!
- قۇناخۇن! . . .

بىرنەچچەيلەن ۋارقىراپ، تەرەپ-تەرەپكە يۈگرۈپ گۆركارنى ئىزدىگىلى تۇردى. قۇناخۇننىڭ ھېچيەردە قارىسى كۆرۈنمەيتتى.

- ئۆيگە كېتىپ قالغانمۇ نېمە بۇ ئادەم؟!

- ئەستا، ئالدىرىغاندا ماۋۇ ئادەمنىڭ قىلغان ئىشىنى! - دەپ قاتتىق تېرىكتى رەجەپ باينىڭ چوڭ ئوغلى. ئۇ، دادىسىغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان، دوغىلاق، كۆتمەك بۇرۇت، چېقىر كۆز ئادەم ئىدى.

- قېنى مەزىناخۇنۇم، ئۆزلىرى چۈشمەمدىلا، يەنە ياشراق بىرەيلەن ياردەملەشسۇن. كۈن ئىسسىق، جامائەت ساقلاپ قالدى، ئۆزىمىزلا قويۇۋېتەيلى، بۇ قانچىلىك ئىشتى، - دېدى مويسىپىتلاردىن بىرى.

تاياقتەك ئورۇق مەزىناخۇنۇم پەرىجىسىنى يېشىپ، سەللىسىنى ئېلىپ، يېنىدا تۇرغان ياش بالىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم!» دەپ ئورەككە سىيرىلىپ چۈشتى. ئارقىدىن مۇشۇنداق دەپنە ئىشلىرىغا ئانچە-مۇنچە ھە - پە دېيىشىپ يۈرىدىغان بىرەيلەن مەزىناخۇنۇمنىڭ يېنىغىلا سەكرىدى. جامائەت:

- ھوي-ھوي، ئۇنداق ئەمەس، مۇنداق.

- باش ماۋۇ تەرەپتە! . . . -دەپ چۇرقۇرۇشۇپ، ئاق كىگىزگە ئورالغان مېيىتنى لەھەتكە سۇنۇپ بېرىشتى.

- ئەستا، ماۋۇ قۇناخۇنكامنىڭ قىلغان ئىشىنى قارىمامدىغان، - دەپ پىچىرلىدى مەزىناخۇنۇمغا ياردەملىشىۋاتقان كىشى.

- ھە، نېمە بولدى؟ - دېدى مەزىناخۇنۇم.

- قۇناخۇنكام كونا گۆرنىلا ئاچقان ئوخشىمامدۇ؟ . . . ئىچگۆردە يەنە بىر جەسەت تۇرىدۇ.

- قۇناخۇن قېرىپ قالدى. توپىسى يۇمشاقراق، كولاشقا ئوڭاي، دەپ كونا گۆرنى ئاچسىمۇ ئاچقاندۇ، - دېدى مۇنداق ئىشلارنى جىق كۆرگەن مەزىناخۇنۇم، - ئەمدى باشقا گۆر كولايمىز، دېسەك ئۈلگۈرەلمەيمىز. شاۋ-شۇۋ قىلماي، كونا جەسەتنى نېرىراق ئىتتىرىپ قويۇپ قويۇۋەر. بۇ يەردە سېنىڭ-مېنىڭ دەيدىغان گەپ يوق. ئىچى خېلى كەڭ كۆرۈنىدىغۇ!

. . .

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئۇخلاۋاتقان قۇناخۇننى نېرىراق ئىتتىرىپ قويۇپ، ئۇنىڭ يېنىغا رەجەپ باينىڭ مېيىتىنى قويۇپ، ئىچگۆرنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ قايتىپ چىقتى. يۇقىرىدا كەتمەن-گۈرجەكلىرىنى تۇتۇپ تەييار بولۇپ تۇرغان ياش بالىلار تەرەپ-تەرەپتىن توپا تاشلاپ، ھەش-پەش دېگۈچە تاشگۆرنىمۇ تىندۇرۇپ، ئۈستىگە توپا دۆۋىلەپ بەلگە ئۈچۈن بىرنەچچە كېسەكنىمۇ تاشلاپ قويۇشتى.

- بولدى، رەھمەت، ۋاقىتلىق شۇ بويىچە تۇرۇپ تۇرسۇن! - دېدى رەجەپ باينىڭ چوڭ ئوغلى، - ئاتامنىڭ يەتتە نەزىرىسىنى ئۆتكۈزۈپ، قىرىق نەزىرىسىگىچە بولغان ئارىلىقتا بۇ يەرگە ھەيۋەتلىك بىر گۈمبەز قوپۇرىمىز.

- ھە، شۇنداق بولماي، - دېيىشتى بىرنەچچەيلەن، - رەجەپ باي كىچىك ئادەممۇ؟ يۇرتنىڭ ئاتىسى-دە!

كىگىز ئۈستىدە ئولتۇرغان مويسىپىتلارنىڭ بىرى چىرايلىق قىرائەت قىلدى. جامائەت دۇئاغا تەڭ قول كۆتۈرۈپ، ئۆلگۈچىگە ئىمان تىلەپ تارقاشتى.

بايا، تاشگۆرگە يەتتە كەتمەن توپا چۈشكەندىلا ئىچگۆرگە مۇنكىر-نەكىرلەر كىرىپ بولغانىدى. بۇ يەردە قاتارلىشىپ ياتقان ئىككى مېيىتنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشتى.

- بۇ يەردە ئىككى مېيىت ياتىدىغۇ؟- دېدى ياشتا كىچىكرەك بىرى، - تېخى بىرىنى كېپەنلەپتۇ، بىرىنى كېپەنلىمەيلا كۆمۈۋېتىپتۇ!

- قېنى، قېنى، - دەپ ئېڭىشىپ قارىدى ياشتا چوڭراقى، - ھە، ھەيران قالغۇدەك ئىش يوق. بىر زامانلاردا، ۋاپادار خوتۇنلار ئۆلۈپ كەتكەن ئېرىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا چىدىماي، ئېرى بىلەن بىللە گۆرگە تىرىكلا كىرىۋالىدىغان ئىشلارمۇ بولىدىغان. شۇنداقراق بىر گەپمىكىن بۇ-يە؟

- قارىمامسەن، ھەر ئىككىلىسى ساقال- بۇرۇتى بار ئەر كىشى تۇرمامدۇ؟

- سەن تېخى بۇ ئىشقا يېڭىدىن تەيىنلەندىڭ، - دېدى ياشتا چوڭ سوراقچى، - مانا، مېنىڭ بۇ ۋەزىپىنى بىجا كەلتۈرۈۋاتقىنىمغا نەچچە يۈز يىل بولدى. بىر چاغلاردا، پادىشاھلار ياكى كاتتا بايلار ئۆلسە، ئۇ دۇنياغا بارغاندا بىللە خىزمىتىنى قىلسۇن، دەپ يۈزلەپ چاكارلىرىنىمۇ قوشۇپ تىرىكلا كۆمۈۋېتىدىغان قائىدىلەر بولىدىغان. ھەيي، ئۇ دۇنيادىكى ئادەملەرنىڭ ئەخمەقلىقىنى بىر دېمە.

- شۇنداقمۇ ئىشلار بولغانمۇ؟

- پاھ، بۇ ئادەم دېگەننىڭ ئازراقلا مەنسەپ، پۇل- دۇنياغا ئېرىشىۋالسىلا شۇنچىلىك يوغىناپ كېتىشىدىكى، تېخى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن خۇدالىق دەۋاسى قىلغانلارمۇ چىققان.

- يائاللا، نېمە دەيدىغانسەن؟

- شۇنداق. ئاقىۋەت بىر كۈنى بۇ يەرگە كەلگەندە ھەرقانداقىنىڭ قىلمىشىدىن بىرمۇ بىر ھېساب بېرىدىغىنى ھېچقايسىسىنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايدۇ.

- ئادەملەر ياشاۋاتقان ئاشۇ دۇنيا قانداقراق يەردۇ؟ بىر چىقىپ كۆرۈپ باققۇم بار ئىدى.

- ياشلىق قىلما، ئۇ ئارزۇ قىلىدىغان يەر ئەمەس. بىر-بىرىنى ئالداۋاتقان، بىر-بىرىدىن گۇمانلىنىۋاتقان، بىر-بىرىنى بوزەك قىلىۋاتقان، كۆرەلمەسلىك، زومىگەرلىك، ئاچكۆزلۈك. . .

ئېيتاۋۇر ئۇ يەردە يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ.

— ئاچكۆزلۈك دېگەن نېمە ئۇ؟

— يارىتقان ئىگەم ئادەملەرنى سىناش ئۈچۈن ئۇلارغا نەپس دېگەن بىر نېمىنى قوشۇپ بەرگەن. ئەنە شۇ نەپسنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ، ئۇلار ھەممە ئەسكىلىكنى قىلىشىدۇ. ھەممىنى ئۆزۈملا يېسەم، دېيىشىدۇ. ئاچكۆزلۈك دېگەن شۇ. . .

— ماۋۇ يانتاق ئىككىسىنىڭ كېپەنلەنگىنى خوجايىنى، كىيىم-كېچىكى بىلەنلا يانتىقىنى ئۇنىڭ چاكىرى ئوخشىمامدۇ؟

— كېپەن بىلەن يانتىقىنى پۈتۈن بىر يۇرتنىڭ زومىگەرى. ئۇنىڭ قانداق ئەسكىلىكلەرنى قىلغىنىنى ھېلى سوراق قىلغاندا ئاڭلايسەن. ئۇنىڭغا قارىغاندا، مۇنۇ چاكىرى تۈزۈك كۆرۈنەمدۇ، نېمە؟

— بۈگۈن بۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسىنى سوراق قىلىمىز؟ سوراق قىلىنىدىغان ئادەم بىر ئىدىغۇ؟

— شۇنى دەيمەن. توختا، بىز ئاۋۋال چىقىپ يولىيورۇق سوراپ باقايلى.

مۇنكىر-نەكىرلەر دۈكۈرلىشىپ چىقىپ كېتىشى بىلەنلا رەجەپ باي لاپ قىلىپ كۆزىنى ئاچتى. بايا ئۇ، سوراقچىلار زەنجىر- كىشەنلىرىنى شاراقشىتىپ كىرگەن چاغدىلا ئېسىغا كېلىپ، ئۇلارنىڭ ھەممە گېپىنى ئاڭلاپ ياتقانىدى. «ھەي ي، ئىش چاتاق! — دەپ ئويلىدى رەجەپ باي، — بۇ يەردىكىلەرنىڭ كۆز قارىشى ماڭا تازا ياخشى ئەمەستەك قىلىدۇ. ماۋۇ باللىرىم دېگەن ۋاپاسىزلارنىڭ مېنى قىپيالىڭاچ قىلىپ، ئەسكى ماتاغا يۆگەپلا كۆمۈپ قويۇشقىنىنى قارىمامدىغان، شۇ تاپتا تېخى ئۇلار مېنىمۇ ئۇنتۇپ، بەلكىم تېخى ئۆلۈپ كەتكىنىمگىمۇ خۇش بولۇشۇپ، مەندىن قالغان دۇنيالارنى بۆلۈشەلمەي بىر-بىرىنىڭ كانىيىنى سىقىشىۋاتقاندۇ! . . . ھېچ بولمىغاندا مېنى بىرئون-يىگىرمە مىڭ كوي پۇل بىلەن قوشۇپ كۆمگەن بولسا، ماۋۇ سوراقچىلارغا ئازراق شۇڭغۇتۇپ باقمايتىممۇ. . . »

رەجەپ باي ئىككى قولى بىلەن يەرنى تىرەپ قوپۇپ ئولتۇردى. يېنىدا ياتقان ئادەمگە قاراپ: «ئەجەب بىزنىڭ مەھەللىدىكى گۆركار قۇناخۇنغا ئوخشايدىغان ئادەمكىنا بۇ! » دەپ ھەيران بولدى.

— قۇناخۇنمۇ سەن؟ — دەپ نوقىدى ئۇ يېنىدىكى ئادەمنى.

قۇناخۇن ئويغىنىپ، يېنىدىكى كېپەنگە ئورۇلۇپ ئولتۇرغان ئادەمنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى.

— شۇنداق. ئۆزلىرى رەجەپ باي بولامدىلا؟

— سەن قاچان ئۆلۈپ كەتكەنتىڭ؟

— تازا ئېسىمدە يوق. سىلىنىڭ گۆرلىرىنى كولاپ بولۇپ، قانداقراق بولدى؟ دەپ ئىچگۆرگە كىرىپ سوزۇلۇپ يېتىپ باققىنىم ئېسىمدە. ئۆزۈممۇ ھېرىپ كېتىپتىمەنكەن، يېتىپ شۇنچىلىك راھەتلەندىم. سىلى بىلىلا، مومىيىم ئۆلۈپ كەتكىنىگە تۆت-بەش يىل بوپقالدى. شۇندىن بېرى يالغۇزلۇقتا ئۆلۈمنىلا ئويلايدىغان بوپقالغانىدىم. ئىككى قىزىمنىڭ ئۇششاق باللىرى بار. ھەممىسى ئۆزىنىڭ ھەلەكچىلىكى بىلەن. بەزىدە ئاش-تاماق سېغىنىپ قالسام، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە بارىمەن. «شۇ كۈيئوغۇللارنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنمەيلا» دەپ يەنە قايتىپ كېلىمەن. بىر قورسىقىمنى دەپ، كىم ئۆلسە شۇنىڭ گۆرىنى كولاپ، شۇمۇ كۈنمۇ؟ ئۇندىن كۆرە تىرىكچىلىكنىڭ غېمىدىن خالاس بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەنمۇ ياخشىكەن، دەپ ئويلاپ يېتىپلا خۇداغا ئەرزىم يېتىپ، ئۆلۈپ كەتكەن ئوخشايمەن.

— قاچان؟

— قاچان ئۆلۈپ كەتكىنىم تازا ئېسىمدە يوق. شۇ سىلىنىڭ گۆرلىرىنى كولاپ بولۇپلا. . .

— مېنىڭ گۆرۈم قايسى؟

— مۇشۇ گۆر سىلىنىڭ بولمامدۇ. قارىسىلا، نېمىدېگەن ئازادە كولاپتىمەن. نىيەتلىرى خالىس بولغاچقا تۇپىسىمۇ يۇمشاق، ئوبدان چىقتى. ئىككىمىز كەڭ-كۇشادە يېتىپ، يەنە بىر مۇنچە يەر ئېشىپ قاپتۇ.

— ئەمىسە، سېنىڭ گۆرۈڭ قېنى؟

— مېنىڭ گۆرۈم. . . راست، مېنىڭ گۆرۈم قېنى؟ . . . جامائەت مېنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىمنى تېخى بىلگۈدەك بولمىدى-دە! خەۋەر تاپقان بولسا، مېنىڭ گۆرۈممۇ تەييار بولار ئىدى.

— چىقە، ئۆزۈڭنىڭ گۆرىگە چىقىپ يات! — دەپ ۋارقىرىدى رەجەپ باي، ئاچچىقىدىن ئۇنىڭ گۆرەن تومۇرلىرى كۆپۈپ كەتكەنىدى.

— رەجەپ باي، — دېدى قۇناخۇن يىلىنىش ئاھاڭىدا، — بۇ دېگەن باشقا بىر دۇنيا، سېنىڭ — مېنىڭ دېيىشىدىغان يەر ئەمەس. ئاۋۇ نەچچە مو يېرىمنى سىلى ئۆزلىرىنىڭ يەرلىرىگە قېتىۋالغاندىمۇ مەن گەپ قىلمىغانىغۇ؟ . . . ئىككىمىز بۇ يەردە گۇڭۇر-مۇڭۇر مۇڭدىشىپ ياتساق سىلىگىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟

— نېمە دەۋاتىسەن! ؟ مەن سەندەك يالاڭتۆش بىلەن بىر گۆردە ياتامتىم! . . .

رەجەپ باي ئىچىدە: «ھېلى ھېلىقى سوراقچىلار يېنىپ كېلىپ سوراقنى باشلىغىلى تۇرسا، قىلغان — ئەتكەنلىرىم چۇۋۇلۇپ چىقىپ، ماۋۇ قۇناخۇن دېگەن قوڭالتاقنىڭ ئالدىدا يۈزۈم تۆكۈلۈپ كېتەرمۇ» دېگەنلەرنى ئويلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ گۆر رەجەپ باينىڭ پۇلى بىلەن كولانغان تۇرسا، ئىنساب قىلسا، بالا-چاقىلىرى ئەتە-ئۆگۈن ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىدە ئېگىز گۈمبەزمۇ قوپۇرۇشار. بۇ قۇناخۇن دېگەن بىر تېيىن خەجلىمەي، غىپپىدە بۇ گۆرگە كىرىپ يېتىۋالسا، پايدا ئۇنىڭغىلا بولمامدۇ؟ رەجەپ باي ئۆمرىدە مۇنداق زىيانغا دەسسەپ باققان ئەمەس.

— چىق دېدىم، چىق! — دەپ قوغلىدى ئۇ قوناخوننى. قوناخون ئەتراپىنى سىپاشتۇرۇۋېدى، ھېلىمۇ ياخشى ئىچكۆرنى كولايدىغاندا ئىشلىتىدىغان كالتە ساپلىق گۈرجىكى يېنىدا تۇرۇپتۇ. گۈرجەك بىلەن رەجەپ باينىڭ بېشىغا بىرنى سالايمۇ دېدى، يەنە ئۆزىگە ھاي بەردى. قوناخون بەستى يوغان بولغان بىلەن، ئۆمرىدە بىرسى بىلەن سەن-پەن دېيىشمىگەن ياۋاش ئادەم ئىدى. دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، گۈرجەك بىلەن توپىلارنى ئۇياق-بۇياققا تارتىپ بىرنېمىلەرنى قىلىپ، مىڭ مۇشەققەتتە ئۆمىلەپ گۆردىن چىقىۋالدى. نامازدىگەر ۋاقتى بوپقالغان بولۇپ، تېخى قۇياش كۆكتە پارلاپ تۇراتتى. قوناخون قاراڭغۇ گۆردىن چىقىپ، كۆزىنى ئاچالماي بىردەم يېتىپ قالدى. قەيەرلەردىندۇر كاككۇكنىڭ «كاككۇك — كاككۇك» قىلىپ سايرىغان غېرىب ئاۋازى كېلەتتى.

.. قوناخون بىرئازدىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، قەبرىنىڭ بۇزۇلغان، ئولتۇرۇشقان يەرلىرىنىڭ توپىسىنى تۈزەپ، چاپان — چارىلىرىنى قېقىپ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

قوناخون قەبرىستانلىقتىن چىقىپ بىر ئېرىقنىڭ بويىغا يېتىپ كەلدى. مۇزدەك سۇدا يۈزىنى يۇيۇپ، چاپىنىنىڭ پېشىغا ئېرتتى-دە، ئېرىقتىن سەكرەپ ئۆتۈپ چوڭ يولغا چىقتى. «تۇۋا، رەجەپ باي دېگەننىڭ دەستىدە ئارامخۇدا ئۆلۈۋالغىلىمۇ بولمىدى! ...» دېگەن خىياللار بىلەن كېتىپ باراتتى، ئالدىغا بىرنەچچەيلەن ئۇچرىدى.

— قوناخون، بايا نەگە يوقاپ كەتتىڭلار؟ — دېدى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرى، — جامائەت سىلىنى ئىزدەپ...

— قاچان؟

— بايا، رەجەپ باينى يەرلىكىدە قويىدىغان چاغدا.

— رەجەپ بايمۇ ئادەممۇ؟ — دېدى قوناخون.

— نېمە!؟ — دەپ تېڭىرقاپ قېلىشتى ھېلىقىلار.

رەجەپ باي ئۆلگەن بىلەن ئۇنىڭ ئۇرۇق — جەمەتى تېخى بار-دە! بۇ يۇرت زومىگەرىنى بىر ئادەمنىڭ پېتىنىپ بىرىنچى قېتىم ئوچۇق-ئاشكارا تىللىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ گەپ مەھەللىدىكى ئەڭ ياۋاش قوناخوننىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتاتتى.

— رەجەپ باي بىلەن ئاداۋىتىڭلار بار ئوخشىمامدۇ؟... شۇڭا، بايام گۆرنى كولاپ قويۇپلا قېچىپ كېتىپسىلەر-دە!...

قوناخون «ھە» دەپ قويۇپلا يولىغا مېڭىۋەردى.

* * *

قوناخون ئۆيىگە كەلگەندە ئۇيقۇسىدىن تولۇق ئويغىنىپ ئېسىغا كەلگەندەك بولدى. چاي قايىنىتىپ ئىچىشمۇ خۇشياقماي، بېشىغا بىر سامان تەكيىنى قويۇپ، سۇپىنىڭ ئۈستىدە يېتىپلا يەنە خىيالغا كەتتى. «دېمەككى، مەن رەجەپ باينىڭ گۆرىنى كولاپ بولۇپلا شۇ يەردە ھېرىپ، ئۆلۈكتەك ئۇخلاپ كېتىپتىمەن-دە؟... مەن تېخى ئۆزۈمنى ئۆلۈپ كەتكەن ئوخشايمەن، دەپ قاپتىمەن. ئۇنداقتا، رەجەپ باينىڭ كېپەننى يېپىنىپ ئولتۇرۇپ گەپ قىلغىنى، رەجەپ باي بىلەن پاراڭلىشىپ كەتكەنلىرىم، باينىڭ مېنى قوغلاپ چىقارغانلىرى قانداق ئىش بوپكەتتى؟... تۇۋا، ئۇدۇنياغا بىر بېرىپ قايتىپ كەلدىممۇ قانداق!»

بۇ ئىش مۇشۇ يەردە توختاپ قالسىمۇ بولاتتى. لېكىن، پۇلى، ھوقۇقى بار غوجاملارغا تەخسكەشلىك قىلىپ، كۆزىگە ياخشى كۆرۈنۈشنىڭ پۇرسىتىنى ئىزدەپ يۈرىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس. قوناخوننىڭ قەبرىستانلىقتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، ئالدىغا ئۇچرىغانلارغا: «رەجەپ بايمۇ ئادەممۇ!» دەپ سالغان بىر ئېغىز گېپىنى كىمدۇ بىرى رەجەپ باينىڭ چوڭ ئوغلىغا ئېيتىپ-تېمىتىپ يەتكۈزۈپ باردى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ رەجەپ باينىڭ ئوغلى ئولتۇرالماي قالدى. «بايا بۇ قېرىنىڭ دادامنىڭ يەرلىكىنى كولاپ قويۇپلا يوقاپ كەتكىنىدە بىر گەپ باركەن-دە!؟... قېنى، دادام ئۇ ئوغرىغا نېمە يامانلىق قىلغانكى، بېرىپ بىر سوراپ باقاي» دەپ ئاچچىقىدا گۈرسۈلدەپ دەسسىگىنىچە قوناخوننىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

— قوناخون، ھاي قوناخون!

رەجەپ باينىڭ چوڭ ئوغلىنىڭ بوي-تۇرقى، ئاۋازلىرىغىچە دادىسىغىلا ئوخشاپ كېتەتتى. بىر زامانلاردا رەجەپ باي «رەجەپ دادۈيجاڭ» بولۇپ تۇرغان چاغلاردا ئۇ مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەيداندا تۇرۇۋېلىپ، ئاشۇنداق ئەلپازدا ۋارقىراپ، ئەزالارنى ئىت-ئېشەكنى ھەيدىگەندەك ئىشقا ئاچىقاتتى. شۇ تاپتىمۇ قوناخوننىڭ قۇلىقىغا رەجەپ باي دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ۋارقىراۋاتقاندەك ئاڭلىنىپ كەتتى.

«يا ئاللا! — دەپ ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالدى قوناخون، — رەجەپ باينىڭ ئاۋازىغۇ بۇ!... رەجەپ بايمۇ گۆردىن قايتىپ چىقتىمۇ، قانداق؟... قايتىپ چىققان بولسا ئۆيىگە بارماي، دەرۋازام ئالدىدا نېمە ۋارقىرايدىغاندۇ؟... بوپتۇ، گۆردە بىللە ياتساقمۇ ياتايلى، دەپ چاقىرغىلى كەلدىمۇ يە؟ يە ھېلىقى سوراقچىلار: ‹ يېنىڭدىكى ئادەم قېنى؟ نېمىدەپ ئۇنى قوغلاپ چىقىرىۋېتىسەن؟ ماڭ بېرىپ چاقىرىپ كەل! › دەپ ئەۋەتتىمۇ؟... ئەمدى رەجەپ باي بىلەن بىر گۆردە بىللە ياتمايمەن...»

— ھوي قوناخون!

قوناخون چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك

ئالدىغا چىقىپ، رەجەپ باينىڭ دەرۋازا ئالدىدا تۇرغان چولڭ ئوغلىنى كۆردى.

– خوش ئۇكام، خىزمەت بارمىدى؟

– قۇلىقىڭ پاڭما ۋاي سىېنىڭ! ؟

– كۆزۈم ئازراق ئۇيقۇغا كېتىپ قاپتىكەن. ئۆيگە كىرسىلە.

– ئۆيۈڭگە كىرمەيمەن. مەيەرگە چىقە، سورايدىغان گەپ بارتى.

قۇناخۇن دەرۋازىنىڭ ئالدىغا چىقتى.

– دادام بىلەن نېمە ئاداۋىتىڭ بار؟

– ھېچ.

– دادامنى يەرلىكىدە قويىدىغان چاغدا يەرلىكنى كولاپ قويۇپلا قېچىپ كېتىپسەن. يەنە جامائەت بىرنېمىلەرنى قىلىپ دەپنە قىلدۇق. گۆر كولىغان پۇلۇمنى بەرمەيدۇ، دەپ ئويلاپ قالدىڭمۇ يە؟

– يوقسۇ، مەن ھەرقايسىلىرىدىن ھەق تەلەپ قىلاتتىممۇ. . .

– يولدا ئۇچرىغانلا ئادەمگە: «رەجەپ بايمۇ ئادەممۇ! » دەپ يۈرۈپسەن. دادامنى يەرلىكىدە قويۇپ بىر كۈنمۇ بولماي نېمە ئاھانەت بۇ؟ . . . ئۆزۈڭچە: رەجەپ باي ئۆلدى، ئەمدى بۇ يۇرتنى سورايدىغان ئادەم قالمىدى، دەپ ئويلاپ قالغان ئوخشىمامسەن؟

– يوقسۇ، دادىلىرىنىڭ ئورنىدا ھەرقايسىلىرى مۇشۇ يۇرتنىڭ ئاتىسى.

– ئەمىسە، رەجەپ بايمۇ ئادەممۇ، دېگىنىڭ نېمىگەپ ئۇ؟

– كىمگە شۇنداق دەپتىمەن؟ ھېچ ئېسىمدە يوقا!

– خۇپسەنلىك قىلما ئوغرى. بۇ گەپنى سەن بىر ئەمەس، بىر قانچە ئادەمنىڭ ئالدىدا دەپسەن. ئېيتە، دادام ساڭا نېمە يامانلىق قىلغان! ؟

قۇناخۇن شۇ گەپنى ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن دەپ سالغانلىقىنى ئوبدانراق چۈشەندۈرۈپ قويمىسا، ئۆزىگە بۇ يۇرتتا كۈن يوقلىقىنى چۈشەندى.

– ماڭا قارىسىلا، ئۇكام، – دېدى ئۇ، – بۇ ئىشنى سىلى خاتا چۈشىنىپ قالمىسىلا. بۇ يۇرتتا بىز ھەرقايسىلىرىنىڭ خىزمىتىنى قىلماي كىمنىڭ خىزمىتىنى قىلىمىز. يەرلىكنى كولاپ بولۇپ، ئېچكۆر قانداقراق كولانغاندۇ، كۆرۈپ باقاي دەپ ئىچىگە كىردىم. دادىلىرىدەك كاتتا ئادەمنىڭ يەرلىكىنى قولنىڭ ئۇچىدىلا كولاپ قويغان بىلەن بولامتى؟ . . . ئىچكۆرگە كىرىپ، ئۆزۈم سوزۇلۇپ يېتىپ كۆرۈپ باقتىم. توۋا، نېمە غەپلەت باستىكىن بىلمىدىم، سوزۇلۇپ يېتىپلا ئۇخلاپ كېتىپتىمەن. جامائەتنىڭ قەبرىستانلىققا يېتىپ چىققىنىنى، دادىلىرىنى يېنىمغا قويۇپ، يەرلىكنى كۆمۈپ كېتىپ قالغىنىنىمۇ تۇيماپتىمەن. بىر چاغدا بىرسى مېنى نوقۇيدۇ، كۆزۈمنى ئاچسام، دادىلىرى ئاپئاق كېپەننى يېپىنىپ يېنىمدا ئولتۇرۇپتۇ. . .

– ئاكاھوي، سەن نەنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىسەن؟

– دەۋاتىمەنغۇ، ئىچكۆرنى كۆرۈپ باقاي دەپ كىرىپ، سوزۇلۇپ يېتىپ ئۇخلاپلا كېتىپتىمەن. جامائەت دادىلىرىنى مېنىڭ يېنىمغىلا قويۇپ، كۆمۈۋېتىپ كېتىپ قاپتۇ. گېپىمنى بۆلمىسىلە، مەن قېرى ئادەم ھېلىلا قىلىۋاتقان گېپىمدىن ئېزىپ كېتىمەن. . . ئەجەب بۇ تالادىلا تۇرۇپ قالدۇقا؟ ھويلىغا كىرسىلە، ھويلىدا پاراڭلىشايلى. بۇ گەپلەرنىڭ سىلىگە پايدىلىق تەرەپلىرى ئاخىرىدا چىقىدۇ.

قۇناخۇن رەجەپ باينىڭ ئوغلىنى ھويلىغا باشلاپ كىرىپ، ئۈتۈن كەسلەيدىغان كۆتەكنىڭ ئۈستىنى پۈۋلەپ، چاپىنىنىڭ يېڭى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ:

– مانا، مانا، مەيەرگە كەلسىلە ئۇكام، – دەپ كۆتەكنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى. شۇ تاپتا ئۇ: رەجەپ بايمۇ ئادەممۇ؟ دەپ سالغان گېپىنى قانداق يوپۇتۇشنى بىلمەي خىيالىغا كەلگەننى سۆزلەۋاتاتتى، – نېمە دەۋاتاتتىم؟ . . . ھە، كۆزۈمنى ئاچسام، دادىلىرى يېنىمدا ئاپئاق كېپەننى يېپىنىپ ئولتۇرۇپتۇ.

– قۇناخۇنمۇ سەن؟ – دېدى.

– شۇنداق! – دېدىم.

– سەن بۇ يەردە نېمىگە ياتىسەن؟ – دېدى.

– ئۆلگەن ئوخشايمەن، – دېدىم.

خۇددى بىر يۇرتتىن يىراق بىر يۇرتقا بېرىپ قالغان ئادەملەر ئۇچرىشىپ قالسا، بىر-بىرىنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ كەتكەندەك، دادىلىرى ئىككىمىز قۇچاقلىشىپ كەتتۇق. بىر چاغدا تاشكۆر تاراق-تۇرۇق قىلىپ قالدى. دادىلىرى ئىككىمىز چاندۇرماي سوزۇلۇپ يېتىۋالدۇق. ئىچكۆرگە بىرنەرسىلەرنى شاراقشىتىپ مۇنكىر-نەكىرلەر كىرىپ كەلدى. پەممىچە ئۇلار ئىككىدەك قىلاتتى. . .

رەجەپ باينىڭ ئوغلى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تېڭىرقاپلا قالدى. يالغان گەپمىكىن دېسە، قۇناخۇننىڭ چىرايى شۇنچىلىك مۇلايىم، قىلغان سۆزىگە كىشىنىڭ گۇمان قىلغۇسى كەلمەيتتى.

– شۇنداق قىلىپ، ئىچكۆرگە مۇنكىر-نەكىرلەر دۈكۈرلىشىپ كىرىپ كەلدى، – دەپ سۆزىنى داۋام قىلىۋاتاتتى قۇناخۇن، – دادىلىرىنى سوراق قىلىش باشلاندى. ھەممىنى ئاڭلاپ ياتىمەن، كۆزۈمنى ئاچالمايمەن. ئۇلارنىڭ ئاۋازى ھېلىمۇ قۇلىقىمدىلا تۇرۇپتۇ.

– خوش، نېمە ئادەمسەن؟ – دەپ سورىدى سوراقچىلارنىڭ بىرى دادىلىرىدىن.

– رەجەپ باي بولىمەن، ئەلھەمدۇلىللا مۇسۇلمانمەن! – دەپ دادىلىرى ناھايىتى تەمكىن جاۋاب بەردى. ئىچكۆرنىڭ ئىچى جاراڭلاپ كەتتى. «كاتتا ئادەم دېگەننىڭ ئاۋازى ھەرقانداق يەردە ياڭراق چىقىدىكەن-ھە! » دەپ قالدىم.

- ھە، قېنى، قىلغان گۇناھلىرىڭنى سۆزلە! - دېدى سوراقچىلار.

ئۇكام، ئۇ يەردە ھەرگىز يالغان گەپ قىلغىلى بولمايدۇ-دە. دادىلىرى قىلغان- ئەتكەن گۇناھلىق ئىشلىرىنى بىر-بىرلەپ سۆزلىگىلى تۇردى. ئۆز ۋاقتىدا كوللېكتىپنىڭ خامىنىدىن ئوغرىلاپ سېتىۋەتكەن نەچچە توننا بۇغداي، نەچچە توننا قوناق، ئاپەتتە ئۆلدى، دەپ ھېسابقا كىرگۈزۈپ سويۇپ يەۋەتكەن نەچچە تۇياق مال... بالا-چاقىسىنى سۇ پۇلى، يەر پۇلى، توك پۇلى يىغىدىغان ئىشلارغا قويۇپ، خەقنى قانداق قاقتى-سوقتى قىلغانلىرى... ھارام بىلەن ھالالنى ئايرىماي مال-دۇنيا يىغىپ قانداق باي بولغانلىقى، كىملەرگە قانچە پارە بەرگەنلىكى... ئەيتاۋۇر، جىمى ئىش چۇۋۇلۇپ چىققىلى تۇردى...

قۇناخۇننىڭ سۆزلەۋاتقىنى رەجەپ باينىڭ ھەممە ئادەم بىلىدىغان ئەسكىلىكلىرىنىڭ بىرقىسمىلا ئىدى. لېكىن ھازىرغىچە ھېچكىم ئېغىز ئېچىپ بۇ ئىشلار توغرىسىدا بىرنېمە دېيەلمىگەچكە، رەجەپ باي ئائىلىسىدىكىلەر: دېھقان دېگەن شۇنداق گول خەق، قىلغان-ئەتكەنلىرىمىزنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، دەپ ئويلىشاتتى. رەجەپ باينىڭ ئوغلى بۇ گەپلەرنى قۇناخۇننىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاپ كۆزلىرى پارقىراپلا قالدى.

- نېمانداق ئۇزۇن گەپ بۇ؟ - دېدى ئۇ تاقەت قىلالماي، - گەپنى تولا يورغىلاتماي، مەن سورىغان سۆزگىلا جاۋاب بېرە. زادى سېنىڭ دادام بىلەن نېمە ئاداۋىتىڭ بارتى؟

قۇناخۇن ئۆزىنىڭ نېمە بولغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلەلمەي، توختىماي سۆزلەۋەردى.

- يەنە دادىلىرى ئۇكام، نىكاھلىق - نىكاھسىز خوتۇنلىرى، ئۇلاردىن تۇغۇلغان ھالال - ھارام بالىلىرى، مال-مۈلكىنىڭ مىراس ھەققى دېگەندەك ئىشلار توغرىسىدىمۇ كۆپ سۆزلەپ كەتتى.

- ھە، مىراس توغرىسىدا نېمە دېدى؟

- شۇ گەپلەرنى مەنمۇ تازا ئېنىق ئاڭلىيالمىدىم. ھېلىقى خوتۇنلار توغرىسىدىكى گەپلەرگە كەلگەندىلا دادىلىرىنىڭ بايىقى جاراڭلاپ تۇرىدىغان ئاۋازى پەسلەپ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى. سوراقچىلارنىڭ بىرى ھەدەپ سوراق سوراۋاتىدۇ، شىرت-شىرت قىلغان ئاۋازمۇ بار، ھەقىچان يەنە بىرى بولۇنغان گەپ-سۆزلەرنى خەتلەپ تۇرىۋاتساكېرەك. كۆزۈمنى يوغانراق ئېچىپ، سوراقچىلارنىڭ رەڭگى-رۇخسارىنى بىر كۆرۈۋالاي دەيمەن، خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن بىرسى قاپىقىمغا تاش ئېسىپ قويغاندەك زادىلا كۆزۈمنى ئاچالمايمەن... ئەمدى ئۇكام، سىلى دېگەن بالا. ئۇ يەردە بولۇنغان گەپ-سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى سىلىگە دەپ ئولتۇرغىلى بولمايدۇ. كۆرگەنلا ئادەمگە سۆزلىگىلى

تېخىمۇ بولمايدۇ. بۇ گۇناھلىق ئالەمدە گۇناھسىز كىم بار؟ قۇچاقتىكى بوۋاقمۇ بەزىدە ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى چىشلەپ سالىدۇ... گۆردىن قايتىپ چىقىپ، يولدا: «خۇدايىم تۇۋا، رەجەپ بايدەك ھۆرمەتلىك ئادەملەر شۇنچىۋالا گۇناھلىق ئىشلارنى قىلغان بولسا-ھە!؟...» دېگەن خىياللار بىلەن كېتىۋاتاتتىم. ھېلىقىلار ئۇچراپ رەجەپ باي توغرىسىدا بىرنېمىلەر دېگەندەك قىلىپ قالدى. مەنمۇ ئويلىماي پوسۇققىدە: «رەجەپ بايمۇ ئادەممۇ!» دەپساپتىمەن. مانا بولغان گەپ شۇ. مېنىڭ دادىلىرى بىلەن نېمە ئاداۋىتىم بولاتتى. رەجەپ باينىڭ ياخشىلىقىنى بىز ئاز كۆرگەنمۇ؟ مانا، دادىلىرى رەھمەتلىك: «قۇناخۇن، سەن كەمبەغەل ئادەم، دەسمى كەتمەيدىغان مۇشۇ گۆر كولايدىغان ئىشنى قىل، ئاۋۇ ئازراق يېرىڭنى بىز تېرىغاچ تۇرايلى» دەپ مۇشۇ گۆر كولايدىغان ئىشقىمۇ ئۆزى ئورۇنلاشتۇرۇپ، مېنى تىرىكچىلىقنىڭ مۇشەققىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان ئەمەسمۇ. بولمىسا يەر، سۇ ھەققى تۆلەيمەن، ئوغۇت ئالىمەن، غەللە تۆلەيمەن، دەپ نەلەردە پالاقلاپ يۈرەردىم...

رەجەپ باينىڭ ئوغلى قۇناخۇننىڭ گەپلىرىنىڭ راست - يالغانلىقى ياكى تاپا-تەنىلىكىنى ئاجرىتالمايلا قالدى.

- قۇناخۇن، - دېدى ئۇ، - باياتىنبېرى دەۋاتقان گەپلىرىڭنىڭ زادى قانچىلىكى راست، قانچىلىكى يالغان؟ سېنى بىز دادام بىلەن بىللە كۆمۈۋەتكەن بولساق، سەن قانداق قىلىپ تىرىك قايتىپ چىقالىدىڭ؟

- ھوي راست، سىلىگە ئۆزۈمنىڭ قانداق قايتىپ چىققانلىقىمنى دەپ بېرىمەن، دەپ ئۇنتۇپتىمەن. ھېلىقى سوراقچىلارنىڭ دادىلىرىنى سوراق قىلىۋېتىپ ماڭا كۆزى چۈشۈپ قالسا بولىدۇ.

- ھوي، بۇ يەردە يەنە بىر ئادەم ياتىدىغۇ؟ - دېدى بىرسى.

- نېمە ئادەمسەن؟! - دەپ ۋارقىراپ كەتتى يەنە بىرى. ئەلپازى شۇنداق يامان. قورققىنىمدىن پۈتۈن بەدىنىمدىن مۇزدەك تەر چىقىپ كەتتى. غەيرىتىمگە ئېلىپ:

- ياتتاق مەھەللىدىكى گۆركار قۇناخۇن بولىمەن، دىنىم ئىسلام، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىمەن، - دېدىم. ئاۋازىم دادىلىرىنىڭكىدەك جاراڭلىق چىقمىدى، شۇنداق بولسىمۇ سوراقچىلار سەل قايىل بوپقالدى.

سوراقچىلارنىڭ بىرى قولتۇقىدىكى يوغان كىتابنى قولىغا ئېلىپ ئاچتى. مەن خەت تونۇمايدىغان ئادەم، ئۇنىڭ قانداق كىتابلىقىنى نەدىن بىلەي. ئەتىمالىم، بۇ دۇنيادا تىرىك ياشاۋاتقان ھەممىمىزنىڭ نامۇ - ئەمىلى شۇ كىتابقا پۈتۈكلۈك بولسا كېرەك. ھېلىقى سوراقچى كىتابنى ۋاراقلاپ قاراپ:

- ياق، بۈگۈن سوراق قىلىنىدىغانلارنىڭ ئىچىدە مۇنداق ئادەمنىڭ تىزىمى يوقكەن، - دېدى. يەنە بىرى ماڭا قاراپ:

- قۇناخۇن، سەن بۇ يەرگە ئوقۇشماي كىرىپ قاپسەن. سېنىڭ تېخى بىرنەچچەيلەننىڭ گۆرىنى كولايدىغان ئىشىڭ باركەن، چىقىپ كەت! - دەپ بۇيرۇق قىلدى.

- يا مەدەت! - دەپ ئورنۇمدىن قوزغالدىم. دادىلىرى:

- قۇناخۇن، چىقىپ كېتەمسەن؟ - دېدى.

- سىلى بىلەن بۇ يەردە گۈڭگۈر-مۇڭگۇر مۇڭدىشىپ بىللە ياتقۇم بار ئىدى، ئامال يوق، - دېدىم. كۆڭلۈم شۇنداق يېرىم بولدى. ئاخىرىدا دادىلىرى:

- چىقىپ كەتسەڭ، بالىلىرىمغا ئېيتىپ قويغىن. بۇ يەردىكى ئىشلارنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆردۈڭ، قەبرەمنىڭ ئۈستىگە گۈمبەز قاتۇرىمەن، دەپ ئاۋارە بولۇشمىسۇن. شۇنىڭغا خەجلىگەن پۇلنى يېتىم - يېسىرلەرگە بەرسۇن. خەقتىن ئېلىۋالغان مال-دۇنيا، يەر-مۈلۈك بولسا ئىگىسىگە قايتۇرۇۋەتسۇن، دېگەن گەپلەرنى قىلدى.

ھېلىمۇ ياخشى، گۆر كولايدىغان گۆرجىكىم يېنىمدىكەن، توپىلارنى تاتلاشتۇرۇپ يۇرۇپ، بىرنېمىلەرنى قىلىپ چىقىۋالدىم. . . ئىشەنسىلە - ئىشەنمىسىلە ئۆزلىرىنىڭ ئىختىيارى، مانا ئۇكام، بولۇنغان گەپلەر شۇ.

«بۇ قېرى ئالجىپتىمۇ نېمە؟» دەپ ئويلىدى رەجەپ باينىڭ ئوغلى ئورنىدىن تۇرۇپ، شىمىنىڭ ئارقىسىنى قېقىپ. كۈن ئولتۇرۇپ، ئەتراپقا كەچكى گۇگۇم ئۆز قانىتىنى يايماقتا ئىدى.

- قۇناخۇن، - دېدى ئۇ، - باياتىنبېرى قىلغان گەپلىرىڭنى كۆرگەنلا يەردە بىلجىرلاۋەرمە-ھە!

- ھەددىممۇ، - دېدى قۇناخۇن، - مانا ئۆزلىرى كېلىپ: «دادامنى نېمىشقا رەجەپ بايمۇ ئادەممۇ، دېدىڭ؟» دەپ سوراپتىلا، شۇ گەپنى نېمىشقا دەپ سالغانلىقىمنى چۈشەندۈرۈپ قويىمەن، دەپ شۇنچىۋالا جىق ۋالاقلاپ كەتتىمغۇ. بولمىسا، بۇ گەپلەرنى باشقا يات ئادەمنىڭ ئالدىدا دېگىلى بولامدۇ، دېسىلە.

رەجەپ باينىڭ ئوغلى ئۈنچىقماي دەرۋازىغا قاراپ ماڭدى.

* * *

قۇناخۇننىڭ «رەجەپ بايمۇ ئادەممۇ!» دېگەن گېپىنى رەجەپ باينىڭ چوڭ ئوغلىغا يەتكۈزۈپ بارغان چېقىمچىلار: رەجەپ باينىڭ ئوغلى ھېچبولمىغاندا قۇناخۇننى كۆتىگە تېپىپ بۇ مەھەللىدىن قوغلايدۇ، دەپ ئويلىشىۋېدى، ئىشنىڭ نەتىجىسى ئۇلار كۈتكەندەك بولۇپ چىقمىدى. قۇناخۇن يەنە تاماق يېگۈسى كەلسە، قىزلىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تاماقنى يەپ، ياستۇقنى قىرلاپ خاتىرجەم ئۇخلاپ يۈرەتتى. قۇناخۇننىڭ گۆردىن تىرىك قايتىپ چىققانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايە بولسا قۇلاقتىن قۇلاققا تارقىلىپ خېلى يىراقلارغىچە يەتتى. بۇ گەپنىڭ راستلىقىنى مەھەللىنىڭ ھۆرمەتلىك مەزىنى ئۆزى ئىسپات قىلغانىدى.

- مانا شۇ ۋاقىتتا، - دەپ سۆزىنى باشلايتتى مەزىناخۇنۇم، - رەجەپ باينى يەرلىكىگە قويايلى، دەپ ئىچكۆرگە قارىساق ئۇ يەردە بىر ئادەم يېتىپتۇ. «ئاپلا، قۇناخۇن ئىشىنىڭ ئوڭايراقىنى قىلاي، دەپ كونا گۆردىن بىرنى ئېچىپتىكەن-دە، بوپتۇ، جەسەتنى نېرىراق ئىتتىرىپ قويۇپ، رەجەپ باينى قويىۋېرەيلى، ھەممىسى خۇدانىڭ زېمىنى» دەپتىمىز. بايا، ئۇنىڭ ئىچىدە قۇناخۇن ئۇخلاپ قالغانىكەن ئەمەسمۇ. تۇۋا دەيدىغان ئىش. بۇ ئادەمنىڭ ئۇ يەردىن تىرىك قايتىپ چىققىنى بىر كارامەت بوپتۇ. . .

مەزىناخۇنۇم ئاللانىڭ قۇدرىتى ئالدىدا ھەرقانداق مۆجىزىنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىدىن شۈبھىلەنمەيتتى. قۇناخۇننىڭ گۆردىن تىرىك قايتىپ چىققانلىقىنى يەنە كىشىلەر ئۆز تەسەۋۋۇرى بىلەن ھەرخىل تۈستە بېيىتىپ بىر-بىرىگە يەتكۈزۈشەتتى.

- شۇنداق قىلىپ، تاشگۆرگە يەتتە كەتمەن توپا چۈشكەن بىلەن تەڭ ئىچگۆرگە مۇنكىر-نەكىرلەرمۇ كىرىپ تەق بولۇپ تۇرۇپتۇ، - دەپ ھېكايە قىلاتتى بىرەيلەن، - قارىسا ئىچگۆردە ئىككى ئادەم ياتقان. رەجەپ باينىڭ كۆزى يۇمۇق، ئېڭىكى چېتىقلىق تۇرغىدەك، قۇناخۇن بولسا كۆزىنى ئۈينىڭ كۆزىدەك يوغان ئېچىپ پارقىراپ ياتقۇدەك. «سەن نېمە ئادەم؟» دەپ سوراپتىكەن، قۇناخۇن ھودۇق-پۇدۇق قىلىپ قاپتۇ. «پاھ، ماۋۇ كاززاپنى قاراڭلار. ئۆزۈڭچە ئۆلۈكلەر قاتارىغا كىرىۋېلىپ، كۆزىمىزنى بوياماقچىمىدىڭ؟ . . . ساڭا نۆۋەت كېلىدىغانغا خېلى بار، چىقە!» دەپ ياقىسىدىن تۇتۇپ بىر ئېتىپتىكەن، قۇناخۇن ئۆزىنى قەبرە بېشىدا كۆرۈپتۇ. قارىسا، كىيىملىرىگە توپىمۇ يۇقماپتۇدەك. . .

- ياق، ئەسلى بۇ مۇنداق گەپكەن، - دەپ سۆز باشلايتتى يەنە بىرەيلەن، - سوراقچىلار كىرىپ: «تۇر ئورنۇڭدىن!» دەپ بىر ۋارقىراپتىكەن، قۇناڭكام بىلەن رەجەپ باي تەڭلا ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشىپتۇ. «قايسىڭنىڭ ئىسمى رەجەپ؟» دەپ سوراپتىكەن، رەجەپ باي: «رەجەپ دېگەن مانا مەن بولىمەن» دەپتۇ. «ئەمىسە، سەن نېمە ئادەم؟» دەپ بىزنىڭ قۇناڭكامغا قاراپتىكەن، قۇناڭكام: «مەن يانتاق مەھەللىدىكى گۆركار قۇناخۇن بولىمەن. قانداق قىلىپ بۇ رەجەپ باي بىلەن بۇ يەردە بىللە يېتىپ قالغىنىمنى پەقەتلا ئېسىمدە يوق. شۇنىڭغا قارىغاندا، مەنمۇ ئۆلۈپ كەتكەن ئوخشىمامدىمەن» دەپتۇ. «ئۆلگەن بولساڭ كېپىنىڭ قېنى؟» دەپ سوراپتىكەن، قۇناڭكام يېنىدىكى كېپەنگە ئورىنىپ تۇرغان رەجەپ بايغا

قاراپ: «ھوي رەجەپ باي، راست مېنىڭ كېپىنىم قېنى؟ ئەترەتتە كېپەن تارقاتقاندا مېنى ئۇنتۇپ قالغانمۇ قانداق؟ ئۆز ۋاقتىدا، ئەزالارغا نورما ئاشلىق تارقاتقاندىمۇ كەم بېرىپ، قاقتى-سوقتى قىلىدىغان ئىشلار بولىدىغان. ئەمدى ئادەم بېشىغا بىر دىنلا توغرا كېلىدىغان بۇ كېپەننىمۇ مۇشۇنداق كانتىلىساڭلا قانداق بولىدۇ رەجەپباي؟... ماۋۇ كېپەننى بولسىمۇ تەڭ يېپىنايلى دەپ ھەدەپ رەجەپ باينىڭ كېپىنىنى تارتقىلى تۇرۇپتۇ. رەجەپ باينىڭ تازا ئاچچىقى كەپتۇ. مەھەللىدە بولغان بولسا، قۇناڭكامنىڭ كۆرگىلىكىنى كۆرسىتەر ئىكەن. گۆردە - سوراقچىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تەستە تۇتۇۋېلىپ: «قۇناخۇن، كېپەن دېگەننى ئۆلگەندە ياپىدىغان نېمە. سىلىنىڭ قاچان، قانداق ئۆلۈپ كەتكىنىڭلىنى مەن بىلمىسەم. مەن ئۆلگەندە سىلە مېنىڭ يەرلىكىمنى كولىغان تۇرساڭلا، مەن سىلىنىڭ كېپىنىڭلىنىڭ ئىشىنى نېمە بىلەي؟» دەپتۇ. قۇناڭكام: «ئۇنداق بولسا، مەن كەمبەغەل ئادەم، باللىرىم كېپەنلىمەيلا كۆمۈۋەتكەن ئوخشىمامدۇ» دەپتۇ. سوراقچىلار: «ماڭ، چىقىپ كېپىنىڭنى ئېيىپ كىر!» دەپ گەجگىسىدىن تۇتۇپ پىرقىرىتىپ بىر ئېتىپتىكەن، قۇناڭكام ھويلىسىغا چۈشۈپتۇ. قارىسا، گۆر كولايدىغان گۈرجىكىمۇ قولىدا تۇرغىدەك...

ياشىراق يىگىتلەر تېخى بۇ گەپكە خىيالىغا كەلگەن مەزمۇنلارنى قوشۇپ چاقچاققا ئايلاندۇراتتى:

- قۇناڭكامنى جامائەتنىڭ ئوقۇشماي رەجەپ باي بىلەن بىللە كۆمۈۋەتكىنى راست گەپكەن، - دەپ گەپ باشلايتتى ئۇلار، - سوراقچىلار كىرىپ شۇنداق قارىسا، قاتارلىشىپ ئىككى ئادەم ياتقان. نېرى-بېرىسىنى سورۇشتە قىلمايلا سوراقنى باشلىۋېتىپتۇ. باشتا رەجەپ باينى سوراق قىلغانىكەن، كىشىگە ئېيتقىلى بولمايدىغان شۇنداق جىق ئەسكىلىكلىرى چۇۋۇلۇپ چىقىپ كېتىپتىمىش. «قوپ ئورنۇڭدىن!» دەپ رەجەپ باينى توپتوغرا دوزاققىلا ئېلىپ مېڭىپتۇ. قۇناڭكام رەجەپ باينىڭ قورققىنىدىن دىر-دىر تىترەپ، لاۋۇلداپ ئوت كۆيۈۋاتقان دوزاخ تەرەپكە پۇتىنى سۆرەپ، نائىلاج قانداق كېتىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ يېتىپتۇدەك. سوراقچىلار قايتىپ كېلىپ قۇناڭكامنى سوراق قىلىشنى باشلاپتۇ. بۇ بىچارە كەمبەغەلدە نېمە گۇناھ بار دەيسىلەر؟ خۇدانىڭ بىر مۆمىنى - دە ئۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئىنچىكىلەپ سورۇشتۇرۇپتىكەن، بەزىدە روزا ۋاقتىدا ئويغىنالماي 30 كۈن روزىنى ساق تۇتالمىغانلىرى، نامازنى ۋاقتىدا ئۆتىيەلمەي قازا قىلغانلىرى پاش بوپتۇ. «مەيلىلا، تىرىكچىلىكنىڭ غېمىدە، بەزىدە شۇنداق بولسىمۇ بولغاندۇ» دەپ ئۇنىڭ مۇنداق ئۇششاق-چۈشەك گۇناھلىرىنى كەچۈرۈۋېتىپ، قۇناڭكامنى جەننەتكە ئېلىپ مېڭىپتۇ. قۇناڭكام شۇنداق قارىسا، ئالدىدا ياپيېشىل بىر باغۇ-بوستانلىق تۇرغىدەك. باغنىڭ ئىچىدە نېپىز يىپەك كىيىملىرىدىن ئاپئاق بەدەنلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان ھۆر-پەرىلەر ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىپ يۈرگەنمىش. قۇناڭكام: «ياﺋاللا! مەن قېرىپ قالغان ئادەم تۇرسام، مۇنچىۋالا كۆپ خوتۇننىڭ ھۆددىسىدىن قانداق چىقىمەن!» دەپ ئالدى-كەينىگە قارىماي قېچىپ يېنىپ چىقىپتۇدەك...

مەھەللىدە ئىچى پۇشقان ئادەملەر مۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغاندا ھەيران بولۇپ كۈلۈپ، ئازراق بولسىمۇ راھەتلىنىپ قېلىشاتتى.

بىر كۈنى، قۇناخۇن رەجەپ باينىڭ ئوغلى بىلەن يولدا يۈزمۇ يۈز كېزىكىپ قالدى.

- ھەي ئالجىغان قېرى، توختىغىنە! - دەپ ۋارقىرىدى رەجەپ باينىڭ چوڭ ئوغلى.

قۇناخۇن توختاپ، رەجەپ باينىڭ ئوغلىغا زەردە بىلەن قارىدى. «ئالجىغان قېرى» دېگەن بۇ گەپ كىشى يوق دالدىراق يەردە دېيىلگەن بولسىمۇ، قۇناخۇن يەنە دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ بولدى قىلاتتىمىكىن، كۆپكۈندۈزدە، جامائەت ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان چوڭ يولدا قىلىنغان بۇ ئاھانەت قۇناخۇنغا قاتتىق ھار كەلدى. قۇناخۇن ھەرقانچە ياۋاش، كەمبەغەل بولسىمۇ، ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ئادەملىك غورۇرى بار-دە!

- ئۇكام، سەل ئاغزىڭلارغا باققاچ گەپ قىلسىلا بولامدىكىن، - دېدى قۇناخۇن.

- ۋاھ، ماۋۇ قېرىنىڭ يوغانچىلىقىنى كۆرۈڭ! خەقنىڭ ئاغزىدا تارقىلىپ يۈرگەن گەپ - سۆزلەر سەن ئالجىغان قېرىنىڭ ئاغزىدىن چىقمىسا، نەدىن چىقىدۇ؟ ئۆتكەندە ماڭا: «دادىلىرى توغرىسىدا باشقا ھېچيەردە قالايمىقان گەپ قىلمايمەن» دەپ ۋەدە قىلمىغانمىدىڭ؟

- مەن دادىلىرى توغرىلىق ھېچيەردە ئۇششۇق-تۈشۈك گەپ قىلمىدىم. ئەمدى كۆپ دېگەننىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالغىلى بولمايدىكەن، ئۇلارنىڭ نېمىلەرنى دەپ يۈرگىنىدىنمۇ خەۋىرىم يوق... مېنى «ئالجىغان قېرى» دەپ قالدىلا. راست ئالجىغان بولسام، ئالجىغىنىمنى بىر كۆرسىتىپ قويىمەن.

- ھە، قانداق قىلارسەن؟!

- قانداق قىلاتتىم، ئالجىغان ئادەمنىڭ ئاغزىدىن ھەممە گەپ چىقىدۇ. رەجەپ باينىڭ ئەترەت باشلىقى بولغان چاغلىرىدا چىرايلىق، ياش چوكانلارنىڭ ئېرىنى ھاشاغا ماڭغۇزىۋېتىپ قىلغان ئەسكىلىكلىرىدىن تارتىپ قېرىغاندا شەھەردە مەخپىي ئۆيلەنگەنلىرىگىچە، قوينۇم ئوغرى - قونچۇم ئوغرى قىلىپ، كۆپچىلىكنىڭكىنى بۇلاپ-تالاپ يىغقان مال-دۇنيالىرىدىن تارتىپ، «يەر-سۇ پۇلى تۆلىمىدىڭ» دەپ قانچە بىچارىلەرنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىنى تارتىۋېلىپ ئۆزىنىڭ قىلىۋالغانلىرىغىچە،

بالا-چاقا، ئۇرۇق - جەمەتلىرىنىڭ ئەسكىلىكلىرىنىمۇ قوشۇپ، كۆزۈمنى يۇمۇۋېلىپ ھەممە يەردە بىر سۆزلىگىلى تۇرىمەن. بۇ دۇنيادا بۇنداق ناھەقچىلىكلەرنى سورايدىغان بىرەر يەرمۇ چىقىپ قالار؟ . . . چىقمىسا، بېشىمغا كەلگەننى كۆرەرمەن. يامىنى كەلسە ئۆلۈمكەنغۇ! ئۆلۈپ، ئاشۇ خاتىرجەم يەرگە بېرىپ يېتىۋېلىشنى ئۆزۈممۇ خالاپ قالدىم. . .

رەجەپ باينىڭ ئوغلى قۇناخۇننىڭ پەيلىدىن چۆچۈپ قالدى.

- سەن، سەن، زادى نېمە دېمەكچى؟ بىزدىن تەلەپ قىلىپ ئالىدىغان بىرنېمەڭ بارمىدى؟ - دېدى ئۇ.

- ھېچنېمىلىرىنىڭ كېرىكى يوق! - دېدى قۇناخۇن، - مۇشۇ ياشقا كېلىپ مەن بۇ يۇرتتا ئىككى زۆمىگەرنى كۆردۈم. بىرى، مۇشۇ يۇرتنىڭ ئەسلىدىكى يەر ئىگىسى موللاق تاز. خەققە قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغاندى، يېڭى ھۆكۈمەت كېلىپ جاجىسىنى بەرگەن؛ يەنە بىرى، سىلىنىڭ دادىلىرى، يېڭى ھۆكۈمەت ئۆزى يېتىشتۇرگەن. بۇ جاھان پىرقىراپ كونا ئىزىغا چۈشۈپ قېلىۋاتامدۇ، ھېچ بىلەلمىدىم. . . مەن سىلىگە ئېيتىپ قوياي، بۇ ئالەمدە سورىقى يوق ئىش يوق جۇما. . . ياخشىسى، ماۋۇ «ئالجىغان قېرى» دېگەن گەپلىرىنى يىغىشتۇرۇۋالسىلا. مەن سىلىدىن ياشتا خېلى چوڭ. بىر-بىرىمىزنى ئىززەتلەپ ئۆتكىنىمىز تۈزۈك. قالغىنىنى ئۆزلىرى بىلسىلە.

قۇناخۇن دەيدىغاننى دەپ قورسىقىنى بوشىتىۋېلىپ، يېنىكلەپ قالغاندەك بولۇپ مېڭىپ كەتتى.

* * *

ئەتىسى قۇناخۇن ناماز پېشىننى ئۆتەش ئۈچۈن مەسچىتكە قاراپ كېتىۋاتاتتى. مەسچىتنىڭ يېنىدىكى يولدىن بىر ئىش بىلەن ئالدىراش ئۆتۈپ كېتىۋاتقان رەجەپ باينىڭ چوڭ ئوغلى ئۇنىڭغا ئېگىلىپ سالام قىلدى:

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، قۇناخۇنكا!

- ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! - دېدى قۇناخۇن.

رەجەپ باينىڭ ئوغلى قۇناخۇنغا يېقىن كېلىپ پىچىرلىدى:

- بىزنىڭ يەرگە قېتىلىپ قالغان يەرلىرىنى ئەتىيازدىن باشلاپ ئۆزلىرى تېرىسىلا.

- ھىممەتلىرىگە رەھمەت، ئوكام.

مەسچىت سەيناسىدا تۇرغان بىرنەچچەيلەن ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قېلىشتى. بۇ - رەجەپ باي ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تۇنجى قېتىم ئاددىي بىر دېھقانغا ئېگىلىپ سالام قىلىشى ئىدى.

- قۇناخۇن، رەجەپ باينىڭ ئوغلى سىلىگە ئەجەب ئېگىلىپ سالام قىلىپ كەتتا؟ ! - دېدى مەسچىت سەيناسىدا تۇرغانلارنىڭ بىرى، - قۇلاقلىرىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ پىچىرلاۋاتاتتى، نېمە دېدى؟

- ئاخشام رەھمەتلىك دادام چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ. ئۇ دۇنيادىمۇ سوئال-سوراق بەك قاتتىق بولۇۋېتىپتۇدەك، دېدى، - دېدى قۇناخۇن.

قۇناخۇننىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىپ تۇرغانلار كۈلۈشۈپ كەتتى. مەسچىت ياغاچلىرىدا كەپتەرلەر كۆكۈللۇك بۇغۇلدۇشاتتى. . .

2000-يىل نويابىر، غۇلجا

رەسسام: ئابلىمىت ئابلىز

---

ئاپتور: ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ش ئۇ ئا ر يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى (M1)

كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ماشىنىست ۋە بەتچى رىسالەت مۇھەممەت

بۇ سانىنىڭ تەھرىر-كورېكتورى ۋە مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت



# شەھەردە كالا يوق

(ھېكايە)

خالىدە ئىسرائىل

قاچانلاردا يۇرتۇمدىكى دەريا بويىغا كەپقالغاندىمەن، ئەنە ئاۋۇ يەردە كىچىك چاغلىرىمدىكى ئاغىنىلىرىم يالىڭاچ بولۇۋېلىپ سۇغا چۆمۈلۈۋاتىدۇ. بەزىلىرى بەس-بەستە سۇغا شۇڭغىسا، بەزىلىرى غۇلاچلاپ بۇژغۇن چاچرىتىپ ئۈزۈپ كېتىۋاتىدۇ، يۈرەكسىزرەكلىرى سۇنىڭ تېيىز يېرىدە تۇرۇۋېلىپ، ئىككى مۇرىسىنى قورىغىنىچە ئوچۇملاپ سۇ ئېلىپ بەدەنلىرىگە چېچىۋاتىدۇ...

تازا ھۇزۇرلىنىۋېتىپتۇ-دە، بۇ ئاغىنىلەر. قېنى، يانلىرىغا بىر بېرىپ باقاي، مېنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشارمىكىن...

نېمىشقىدۇر بۇ سۇ باللىق چاغلىرىمدىكىدەك مۇزدەك سوغۇق ھەم سۈزۈك ئەمەس، تۆۋەن دەرىجىلىك ئاشپۇزۇللارنىڭ قاچا يۇيىدىغان سۈيىگە ئوخشاش قويۇق، مايلىشاڭغۇ ئىدى، بەدەنگە تەگكەنلا يەردە سارغۇچ داغ قالدۇراتتى. سۇنىڭ سۈزۈك يېرىنى تاپماقچى بولۇپ دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا - ئاغىنىلىرىمنىڭ يېنىغا قاراپ ئۈزۈپ كەتتىم. پۇت-قولۇم باغلاپ قويغاندەك ئېغىر ئىدى. ھاسىراپ - ھۆمىدەپ مىڭبىر جاپادا دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا باردىم. ئەمما سۇ يەنىلا شۇنداق يېپىشقاق، سارغۇچ، ئاغىنىلىرىمدىن بولسا دېرەك يوق. قانداقلارچە شۇنچە كەڭ دەريادا ئۆزۈم يالغۇز قالدىمكىن؟ پاسكىنا سۇ لۆمۈلدەپ ئېقىۋاتىدۇ، ئېگىز بىر دولقۇن باش ئۈستۈمگە يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتىدۇ. قانداق قىلىپ ئۆزۈمنى ئېلىپ قاچارمەن، دەپ ھەريان تەلپۈنۈپ تۇراتتىم، تۇيۇقسىز ئايالىمنىڭ:

- تۇرسۇن، ھەي تۇرسۇن! قوپۇڭ، ئىشقا ۋاق قالدىڭىز، - دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. ئايالىم ئاشخانىدا سۇنى شارىلدىتىپ قويۇپ بېرىپ قاچا يۇيۇۋاتاتتى.

ئەسلىدە مۇنداق ئىكەن-دە، ئاشخانىدىكى سۇنىڭ شارقىرىغان ئاۋازى چۈشۈمدە مېنى يۇرتۇمدىكى دەريا بويىغا ئەپكېتىپتۇ. دېمىسىمۇ چۈش دېگەن تولا ۋاقىتلاردا رېئاللىقتىكى بەزى ھادىسىلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئەتتىك سائەتكە قارىسام، چۈشتىن كېيىنكى ئىككى يېرىمگە يېقىنلىشىپ قالغانىكەن. ھۆل لۆڭگە بىلەن يۈزۈمنى چالا-بۇلا سۈرتۈپ، پىيالىدىكى سوغۇق چايدىن ئوتلىۋېلىپ دەرھال سىرتقا قاراپ ماڭدىم. بىزنىڭ بۇ بىنانىڭ ھەر قەۋىتىدە ئۈچتىن ئۆي بار. ئوڭ تەرەپتىكىسى باشلىقلار ئولتۇرىدىغان چوڭ ئۆيلەر، ئوتتۇرىدىكىسى كىچىكرەك باشلىقلار، سول تەرەپتىكىسى ماڭا ئوخشاش ئادەتتىكى كادىرلار ئولتۇرىدىغان كىچىكرەك ئۆيلەر. يان قوشنامنىڭ ئىشىكى چىڭ تاقاقلىق تۇرىدۇ. ئۇ، ناھايىتى مەسئۇلىيەتچان، خىزمەتتىمۇ، مەنپەئەتتىمۇ ئالدىدا ماڭىدىغان ئادەم. ئوڭ تەرەپتىكى چوڭ ئۆينىڭ ئىشىكى ھاڭغىرقاي ئوچۇق. ئىشىك يېنىدىكى ئاياغ ئىشكاپىنىڭ ئۈستىدە خوجايىنىنىڭ دائىم كۆتۈرۈۋالىدىغان ھۆججەت سومكىسى، ئىشكاپ ئالدىدا ئۇنىڭ ئالاھىدە نومۇرلۇق يوغان ساپما كەشى كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. ھەرقاچانقىدەك چوڭ ئۆينىڭ ئالدىدىن ئېھتىيات بىلەن ئەتتىك ئۆتۈپ كەتتىم-دە، ئىككى قانىتى كەڭ ئېچىۋېتىلگەن زال ئىشىكىدىن سىرتقا چىقتىم. چىقتىممۇ، بوران ئۇرۇلغاندەك كەينىمگە يېنىپ، ئۆزۈمنى ئىشىكنىڭ ئارقىسىغا ئېتىشقا ئاران ئۈلگۈردۈم. ماڭا سوڭدىشىپ يوغان بىر كالا ھەيۋەتلىك مۈڭگۈزىنى دىۋەيلىگىنىچە زال ئىشىكىدىن ئۈچقاندەك كىرىپ

كەلدى. پاتىراقشىپ چاپقىنىچە ئىككى باسقۇچلۇق پەلەمپەيدىن سەكرەپ چىقىپ، خوجايىنىنىڭ ھاڭگىرقاي ئوچۇق تۇرغان ئىشىكىدىن لوڭگىدە كىرىپ كەتتى. ئىشىكتىن كىرىشتىكى زالغا سىپسىلىق ھاۋارەڭ چاقچۇق ياتقۇزۇلغانىدى. كالا مۆدىرىگەندەك بولۇپ قەدىمىنى ئاستىلىتىپ، كەينىگە تىرەجەپ تۇرۇپ قالدى. ئەمما كۆزۈكتەك تېز-تېز كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان بېقىنىدىن، جاۋغايلىرىدىن ماغزاپ ئېقىپ، كۆزلىرى ئالايغان ئەلپازىدىن گويا ھازىرلا كۆرگەن نەرسىنى ئۇسسۇپ ۋەيران قىلىۋېتىدىغاندەك تۇراتتى. دەل شۇ پەيتتە يان تەرەپتىن قولىنى سۈرتكىنىچە خوجايىن چىقىپ كەلدى. ئۇ، ئېگىز بوي، قامەتلىك كىشى ئىدى. ئۇ، بىخىرامان ھالدا ئىشىك تەرەپكە ئىككى قەدەم مېڭىپ بولۇپ، بىردىنلا كۆزىنى چەكچەيتىپ:

- ۋايجان، كا... قا... قالا! - دەپ غەلىتە ئاۋازدا ۋارقىرىۋەتتى.

خوجايىن بىلەن كالا بىرەر مىنۇتقىچە ئارىلىقتا بىر-بىرىگە چەكچىيىپ قاراپ تۇرۇپ قېلىشتى. كالىنىڭ سەل ئېگىلگەن ئاجايىپ يوغان ھەم ئۇچلۇق مۈڭگۈزى قان ۋە كۆچكە تولغان ئاشۇ قامەتلىك بەدەننى ھازىرلا تېشىپ ئۆتىدىغاندەك تىترەيتتى. خوجايىنىنىڭ كۆزى مۈڭگۈزىنىڭ ئۇچىغا تىكىلگەنىدى. خوجايىن تۇيۇقسىز ئاجايىپ چاققانلىق بىلەن قولياغلىقنى تاشلاپ، چاي شىرەسى ئۈستىدىكى چۈچىلىق داستىخاننى يۇلۇپلا ئالدى! زەر يىپتا توقۇلغان داستىخان ۋال-ۋۇل قىپكەتتى.

پاھ، بىر قەپەس ئىسپانچە ئېلىشىش بولامدۇ، نېمە؟ دېگەن غەلىتە خىيال كاللامغا كەلدى. دېمىسىمۇ قالتىس ئادەمدە بۇ. ئەمەل سورۇنىدىكى رىقابەتلەردە، ھاراق ۋە چاقچاق سورۇنلىرىدا ئۇنىڭ كارامىتىنى كۆرگەنمىز. ئۆزۈمچە ھاياجانلىنىپ كەتتىم.

قوشنام داستىخاننى بىردەم پۇلاپ تۇتۇپ، بىردىنلا ئىككى قوللاپ بېشىدىن ئېگىز كۆتۈردى. داستىخان پەسكە سىلىنىپ كالىنى توسۇپلىۋالدى.

- داستىخاننى يانغا تۇتۇڭ، يانغا!

ھاياجانلىنىپ تۇۋلاۋېتىپ قوشنامنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ قالدىم. قوشنام داستىخان بىلەن ئۆزىنى توسقان پېتى ئاستا-ئاستا چېكىنمەكتە ئىدى.

كالىمۇ ھامان ئىسپانىيىنىڭ كالىسى ئەمەستە. ئۇ، پالاق-پۇلۇق كەينىگە ئۆرۈلۈپ، زال ئىشىكىدىن چىقىپلا يان تەرەپتىكى قورۇق تامنى بويلاپ يۈگرۈپ كەتتى. كالا دوقمۇشتىن ئۆتۈپ كۆزدىن يىتتىشىگە، تۇرقىدىن سەھرالىق ئوقەتچىلەرگە ئوخشايدىغان ئىككى كىشى، ئىدارە دەرۋازىسىنىڭ كۆزەتچىسى ۋە ئىككى - ئۈچ بىكارچى يۈگرۈپ يېتىپ كېلىشتى.

- مۇشۇ يەردىن كالا ئۆتتىمۇ؟ - دەپ ھودۇقۇپ سورىدى كۆزەتچى.

- ھازىر بىزنىڭ بىنادىن چىقىپ ماۋۇ قورۇق تامنى بويلاپ چېپىپ كەتتى، - دېۋىدىم، ھەممەيلەن قورۇقتام تەرەپكە قاراپ يۈگرۈپ كېتىشتى، پاقلاندەك سېمىز بوۋاقنى كۆتۈرۈۋالغان بىر بالا باققۇچى ئايالمۇ ئۇلارغا ئەگىشىۋالغانىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي كۆزەتچى بىلەن بىكارچىلار، بالا باققۇچى ئايال قايتىپ كېلىشتى.

- قانداقراق كالىكەن، سىز كۆردىڭىزمۇ زادى؟

- فورما كىيگەن كۆزەتچى مەندىن ئىنچىكىلەپ سوراشقا باشلىدى.

- ئۇ راستىنلا بىناغا كىردىمۇ؟ تېخى خوجايىنىنىڭ ئۆيىگە كىردى، دەڭ! بىر كىمگە زىيان يەتكۈزمىگەن بولسىلا مەيلىغۇ... ئىسسىقتا مۇگدەپ قاپتىكەنمەن، دەرۋازىدىن يوغانلا بىر نەرسە لوڭگىدە كىرگەندەك قىپقالدى...

ئاڭغىچە كىشىلەر «ساۋۇت بوتكا» دەپ ئاتايدىغان دۇكانچىمۇ كېلىپ گەپكە ئارىلاشتى:

- دۇكانىنىڭ ئىشىكىدىن شۇنداق قارىسام، سېمونت يولدا بىرنەرسە چېپىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ شەھەردە كالا نېمىش قىلسۇن، كۆزۈمگە كۆپكۈندۈزدە شەيتان كۆرۈنۈۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ ئىككى يېنىمغا تۈكۈرۈپ تۇرسام، ماۋۇلار كالىسىنى ئىزدەپ كەپقالدى...

بالا باققۇچى ئايالمۇ ئۇنىڭغا ئۇلاپلا:

- شۇنداق يوغان تاغىل كالىكەن، مۈڭگۈزىنىڭ يوغانلىقىچۇ تېخى. ھېلىمۇ خۇدايىم ساقلاپ بىرەركىمنى ناكا قىپ قويمىدى.

- چۈش ۋاقتى بولغاچ، يولدا ئۇششاق بالىلارمۇ يوقكەن، دەڭلار...

شۇنداق دېيىشىپ تۇرساق، ھۆججەت سومكىسىنى كۆتۈرگەن قوشنام چىقىپ قالدى. كۆزەتچى ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگرۈپ بېرىپ:

- ئاڭلىسام، ھېلىقى كالا... - دەپ گەپ باشلىۋېدى، قوشنام ئۇنى قاتتىق سىلكىدى:

- ھە، نېمە كالا، كالا دەپ تىلىڭلىنى چاينايسىلە! جۆيلىۋاتامسىلە، نېمە؟ مېڭىڭلا، بېرىپ ئىشىڭلىنى قىلىڭلا!

* * *

كەچتە ئىشتىن چۈشۈپ كېتىۋاتسام، دەرۋازا تۈۋىدە بىرتوپ ئادەم يىغىلىۋېلىپ قىزىق پاراڭغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كۆزەتچى، پېنسىيىگە چىققان ئىككى بوۋاي، «ساۋۇت بوتكا» ۋە ئۇ بىر قوللۇق يېتىشتۈرگەن ئىككى-ئۈچ ئىچەرمەن، چىرايىدىن مەسئۇلىيەتچانلىق چىقىپ تۇرىدىغان يان قوشنام بار ئىكەن. مېنى كۆرۈپ ئۇلار كۈلۈشۈپ قاراپ تۇرۇشتى. ئۇدۇل كېتىۋەرسەم بولماسمىدى، ئادىتىم بويىچە ئۇلارنىڭ يېنىغا باردىم.

- ھە، مانا تۇرسۇن ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپتۇ، ھېلىقى كالا دەل مۇشۇلارنىڭ بىناسىغا، يەنە كېلىپ ئۇدۇل خوجايىنىنىڭ ئۆيىگە ئۇسسۇپ كىرىپتۇ، - دېدى كۆزەتچى مېنى گەپكە قىزىقتۇرۇپ.

- تۇرسۇناخۇننى ئۇسسۇپ ئۆرۈۋەتكىلى قىل قاپتۇ ئەمەسما، - دېدى «ساۋۇت بوتكا». شۇ ئەسنادا سەل نېرىدا بالا كۆتۈرۈپ تۇرغان ئايالمۇ قېشىمىزغا

كېلىپ سۆزلەپلا كەتتى:

- توۋا، شۇنداق يوغان كالىكەنكى، مۈڭگۈزىنىڭ ئۇزۇنلۇقىلا بىرەر-ئىككى مېتىر كېلەمدىكىن، دەيمەن. ئادەمنى ئەمەس، بىرەر بىنانى-مۇ ئۈسسۈپ ئۆرۈۋەتكۈدەك پەيلى بار، جۇما.

ھەممىسى ھىجىيىشىپ ئاغزىمغا قاراپ تۇرۇشاتتى. مەنمۇ ھىجايدىم. ئەمما خوجايىنىنىڭ چۈشتىكى ئەلپازىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ زوۋان سۈرمىدىم.

- ھە، شۇنداق قىلىپىزە، كالا ئۇدۇل خوجايىنىنىڭ ئۆيىگە كىردى، دەڭ. يامانلىقىنى. كۆزى بارىكەن جۇمۇ كاساپەتنىڭ.

- ھەي، قويۇڭلا، شۇنداقمۇ بىمەنە گەپ بولامدۇ، كالا دېگەننىڭ چوڭ يولنى تاشلاپ بىناغا، يەنە كېلىپ ئۆيگە ئۈسسۈپ كىرىشى ئادەمنىڭ ھېچ ئەقلىگە سىغمايدۇ، جۇمۇ.

يان قوشنامنىڭ گەپ قىلغاندىكى تەلەپپۇزى بىردىنلا قېنىمنى قىزىتىپ قويدى.

- بەزىدە شۇنداق ئەقىلغە سىغمايدىغان ئىشلارمۇ بوپقالىدىكەن. ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىگەن بولسام، مەنمۇ ئىشەنمەيتتىم.

- مانا مەنمۇ كۆردۈم. بالا ئۇخلىماي قەغىشلىك قىلىپ يولنىڭ چېتىدە مېڭىپ يۈرەتتىم، كالا باتىراقشىپ چاپقىنىچە ئۇدۇل ئاشۇ بىناغا كىرىپ كەتتى. ۋاي ئىسىت، دەپ قالدىم. تىللاخانىمنىڭ يۈرىكى ئاجىزتى، ھېلىمۇ ياخشى ئۇنىڭغا ئۇچراپ قالماپتۇ...

- ئۇنداق بولسا، ئۇ ئۆيگە كىرىپ بىرەر قۇر ئايلىنىۋېتىپ چىقىپ كېتىپتۇ-دە. قارىسا ھەممە يەر ۋال-ۋۇل قىپ تۇرغان، ئەسكىلىك قىلىشتىن ئەيمەنگەندۇ، تايىنلىق.

- ئىشىك تۇۋىدىلا توختاپ قالدى، سېرىلىپ ماڭالمىدى بولغاي، يا ئالدىغا ماڭماي، يا ئارقىسىغا يانالماي تىرەجەپ بىردەم تۇردى:..

- بىرەرسى چىقىپ قالمىدىمۇ؟

- چىقتى. باشلىق ھاجەتخانىدىن قولىنى سۈرتكىنىچە چىقىپ كەلدى، كالىنى كۆرمەي ئالدىغا ئىككى قەدەم مېڭىپ بولۇپ، ئاندىن كۆردى.

- ۋارقىراپ تاشلىمىدىمۇ؟

- ۋارقىرىدى. «كالا» دەيمەن دەپ «قا... قالا!» دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى.

- ھا-ھا-ھا... تازا قورقۇپتۇ-دە...

- كىملا بولمىسۇن قورقىدۇ. بىزدەك ئادەملەر بولساق، قورقۇپ يۈرىكىمىز يېرىلىپمۇ كېتەرىدى.

- خوجايىن بىلەن كالا خېلىغىچە بىر-بىرىگە تىكىلىشىپ تۇردى. لېكىن خوجايىن بەك تەمكىن ئىكەن، شۇنداق خەتەرلىك شارائىتتىمۇ ئۆزىنى يوقىتىپ قويمىدى.

- خوجايىن دېگەن خوجايىن-دە.

- قالتىس ئادەم جۇمۇ...

- شۇنداق چەبدەسلىك بىلەن شىرە ئۈستىدىكى داستىخاننى ئالدى-دە، بېشىدىن ئېگىز كۆتۈردى.

- پاھ، ما يۈرەكنى!

- مەن تېخى خوجايىن چەت ئەلگە چىققاندا ئۆگىنىپ كەلگەن بولسا... بىر قەپەس ئىسپانچە ئېلىشىش بولىدىغان بولدى، دەپ ھاياجانلىنىپ كېتىپتىمەن.

- شۇنداق قىلسىمۇ قىلىدۇ، جۇمۇ.

- بىزنىڭ خوجايىن بەك قاۋۇل-دە.

- ھەم بەك چاقچاقچى...

- خوجايىن داستىخاننى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرگەن پېتى كەينىگە چېكىنىپ، شارتتىدە يانغا بۇرۇلدى-دە، ئۆيگە كىرىپ ئىشىكنى تاقىۋالدى.

-ھا-ھا-ھا... قاراڭلار، ماۋۇ پەم-پاراسەتنى!

- ھى-ھى-ھى... بىكار باشلىق بولمىغان-دە... كالىچۇ؟

- كالىمۇ لوڭگىدە بۇرۇلۇپلا چېپىپ چىقىپ كەتتى. ئارقىسىدىن قارىسام، بىنانىڭ كەينىگە ئۆتۈپ قورۇق تامنى بويلاپ چېپىپ كېتىۋاتىدۇ، ئاڭغىچە سىلەرمۇ كەپقالدىڭلار...

بىز بۇ پاراڭنى سېلىۋاتقاندا توپقا قوشۇلغان بىرنەچچەيلەن قىزىقىپ سورىغىلى تۇردى.

- نېمە كالا؟ نەدىن كەلگەن كالىكەن ئۇ؟

- سەھرالىقلار سېتىۋېلىپ يۇرتىغا ئەكېتىۋاتقان كالىكەن، مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ماشىنا بۇزۇلۇپ قېلىپ...

كۆزەتچى بىلەن «ساۋۇت بوتكا» ھېكايىسىنى باشتىن باشلىغىلى تۇرۇۋېدى، ئايالىمنىڭ كېچىلىك سېمىنىدا ئىشلەيدىغانلىقى، كەچلىك تاماقنى ئۆزۈم ئېتىشىم كېرەكلىكى ئېسىمگە كېلىپ، دەرھال ئۆيگە قاراپ ماڭدىم. ئىشىك ئالدىدا سومكىسىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ مېنى ساقلاۋاتقان ئوغلۇمنى كۆرۈپ بىردىنلا: «ھېلىقى كالا ئوغلۇم مۇشۇنداق ئولتۇرغان چاغدا كەپقالغان بولسىچۇ...» دېگەن خىيال كەلدى-دە، كۆڭلۇم باشقىچە بولۇپ ئوغلۇمغا ئىچىم ئاغرىپ كەتتى. كەچتە ئوغلۇمغا ئامراق غىزاسىنى ئېتىپ بېرىپ، تېلېۋىزور كۆرگەچ ئۇنىڭ يېنىدا ياتقان ۋاقتىمدا بۇ بىركۈندە يۈز بەرگەن ھەممە ئىش ئېسىمدىن كۆتۈرۈلگەنىدى.

* * *

بىر كۈنى كەچتە ئايالىم: تىللاخاچام چاقىرتىپتۇ، نېمە گېپى باركى، دەپ چىقىپ كېتىپ ئۆڭسۈلى يوقلا يېنىپ كىردى. بىرنەرسە دەرمىكىن، دەپ تېلېۋىزورنىڭ يېنىدا ساقلاپ ئولتۇرسام، ماڭا قاراپمۇ قويماي، ئاشخانىغا كىرىۋېلىپ دومسىيىپ كىر يۇيغىلى تۇردى. ئارقىسىدىن كىرىپ: نېمە بولدى، دەپ سورىسام، قولىدىكى داسنى «پالاققىدە» قويۇپ:

- سىززە، زادى ئادەم بولمايسىز، نېمىدەپ ئاغزىڭىزنى يىغماي خەقنىڭ كەينىدە يوقىلاڭ گەپ قىلىپ يۈرىسىز؟ باشقا ئادەم ئەمەس، يەنە كېلىپ دۆلەت ئاكىنىڭ كەينىدىن! - دەپ قايناپلا كەتتى.

- مەن؟... دۆلەتكامنىڭ كەينىدىن...؟ مەن نېمە دەپتىمەن؟

– نېمە دەيدۇ، خۇدايىم. . . يوقلا بىر گەپنى تېپىپسىزغۇ. كۈپكۈندۈزدە بىزنىڭ بۇ بىناغا بىر كالا كىرىپتىمىش، ھە تېخى، دۆلەت ئاكىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۇنى قوغلاپ كېتىپتىمىش. . . تىللاخاچام: تۇرسۇننى خېلى تۈزۈك بالا دېسەم، تازا بىر ئولۇڭ-تەتۈرىنىڭ تايىنى يوق نېمىكەنغۇ، دەپ بەك خاپا بولدى، دېمىسىمۇ. . .

– توختا، توختىغىنا، دۆلىتىكام بارمىتى؟ ئۇ نېمە دېدى؟

– نېمە دەيتتى؟ تۇرسۇن تولا كۈپكۈندۈزدە جۆيلۈپ يۈرمىسۇن، دەيدۇ!

تىلىم تۇتۇلۇپ پىشانەمگە پاققىدە بىرنى قويدۇم. ئايالىممۇ ماڭا قاراپ بىردەم تۇرۇپ كېتىپ، يۇمشاق ئاھاڭدا:

– مەن ئۇلارغا: مەن تۇرسۇننى چۈشىنىمەن، ئۇ، قارىسىغا سۆزلەپ يۈرىدىغان ئادەم ئەمەس، بۇ يەردە چوقۇم ئويۇن بار، دېدىم. ماڭا قارىڭا، سىزگە بىرسى زىيانكەشلىك قىلىۋاتامدۇيە؟

مەن ئايالىمغا شۇ كۈنى بولغان ئىشنى يىپىدىن يىڭنىسىغىچە سۆزلەپ بېرىۋېدىم، ئايالىم تۇرۇپ كېتىپ:

– باشقىلارمۇ كۆرۈپتىكەنغۇ. ئۇنداق بولسا، سىز ياۋاشلىق قىلىپ تۇرماي گۇۋاھچىلارنى چاقىرىپ، تىللاخاچامنىڭ ئالدىدا ئۆزىڭىزنى ئاقلاڭ، – دېدى.

– مانا، خوتۇن كىشىلىكىڭنى قىلغىلى تۇردۇڭ. دۆلىتىكام ئۆزى مېنى جۆيلۈپتۇ، دەپ يۈرگەن يەردە، كىم ئۇتتۇرىغا چىقىپ بىرنەرسە دېيەلەيدۇ.

ئىككىمىز خېلىغىچە ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدۇق. ئاخىرى ئايالىم ئېغىز ئاچتى:

– بۇغۇ چوڭ ئىشمۇ ئەمەسكەن، ئەگەر كالا بىزنىڭكىگە كىرىپ، ھېلىقى ھۇنەرنى سىز كۆرسەتكەن بولسىڭىزتى، دۆلىتىكام خەقنى بىرەر يىل كۈلدۈرەتتى. . . بوپتۇ، كەچۈرۈڭمۇ سورىماي، ئۆزىڭىزنىمۇ ئاقلىماي ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرۈۋېرىڭ. سىزدە گۇناھ يوقكەن.

* * *

كېيىن مەن مۇشۇ گەپلەرنى تالاي قېتىم ئەسلەپ ئۆزۈمگە: «راستىنلا مەندە گۇناھ يوقمۇ؟» ، «شۇچاغدا كەچۈرۈڭمۇ سورىماي، ئۆزۈمنىمۇ ئاقلىماي يۈرگىنىم توغرا بولغانمۇ؟» دەپ سوئال قويدۇم ۋە سوئالىمغا ئېنىق جاۋاب تاپالمىدىم. گۇناھىم بارمىكىن دېسەم يوقتەك تۇرىدۇ، يوقمىكىن دېسەم باردەك. تۇرمۇشتىكى ھەرقانداق ئادەم ئۇشتۇمتۇت بىرەر خېيىم – خەتەرگە ئۇچراپ قالمايمەن، دېيەلمەيدۇ. خېيىم – خەتەردىن ھەممە ئادەم قورقىدۇ، تېخى كۆپىنچە كىشىلەر قورققىنىدىن ئەقلى-ھوشىنى يوقىتىپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي قالىدۇ. ئۇلارغا سېلىشتۇرغاندا دۆلىتىكامنى كارامەت قاملاشتۇردى، دېيىش كېرەك. ئەنە شۇنداق قاملاشتۇرۇپ ئۆزىنى قوغداشمۇ بىر ماھارەت. ئاشۇ چاغدا مەن دۆلىتىكامغا ھەقىقەتەن قول قويغانىدىم.

كېيىن باشقىلارمۇ قايىل بولۇشتى. دېمىسىمۇ، باشقىلىرىمىز شۇنداق قىلالىساق تازا ماختانغان بولاتتۇققۇ. لېكىن. . .

* * *

كېيىن ئىشلار بىردىنلا مۇرەككەپلىشىپ كەتتى. يېقىنلىرىم ئالدىمنى توسۇپ:

– ھەي تۇرسۇن، سەن دۆلىتىكامنى كالا قوغلاپ كەتتى، دەپ يۈرۈپسىنا، بۇ ھىندىستان بولمىسا. . .

– نېمىشقا بۇنداق غەلىتە گەپلەرنى قىلىپ يۈردۈڭ، بۇ شەھەردە كالا نېمىش قىلسۇن، – دېيىشتى.

بەزىلىرى ھېسداشلىق قىلغان بولۇپ قەستەن گەپ ئالماقچى بولاتتى. مۇنداقلارنىڭ بەزىلىرىگە گەپ قىلغۇممۇ كەلمەيتتى. بەزىدە تۇرۇپلا ۋىجدانىم قايناپ، ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى سۆزلەپ كېتەتتىم. بارا-بارا «يېقىن»لىرىمغا قىلىپ بەرگەن ھەربىر ئېغىز سۆزۈمنىڭ ئەتىسىلا ئىدارىدە ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدا يۈرگىنىنى، مېنىڭ سۆزۈمگە ھېچكىمنىڭ ئىشەنمەيدىغانلىقىنى ياكى ئىشەنگۈسى يوقلۇقىنى كۆرۈپ يەتتىم. دوستلىرىم بىلەن «يېقىنلىرىم» ناھايىتى تېزلا مەندىن يۈز ئۆرۈشتى، دۈشمەنلىرىم قىن-قىنىغا پاتماي قېلىشتى. بىر كۈنى ئىشتىن چۈشۈپ دەرۋازا ئالدىغا كەلسەم، بىر توپ ئادەم تازا قىزىق پاراڭغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. كۆزەتچى ئاغزىدىن كۆپۈك قاينىتىپ:

– توۋا دەڭلار، بۇ شەھەردە كالا نېمىش قىلسۇن، مانا مەن مۇشۇ يەردە تۇرۇۋاتقان ئۇ يىلدىن بېرى. . .– دەپ قايناۋېتىپتۇ. دەرھال ئۆزۈمنى بىر دۇكاننىڭ ئىچىگە تارتىپ قولا سالسام، «ساۋۇت بوتكا» :

– ئاشۇ ئالىقاپىنىڭ گېپىگە ھەممىمىز ئىشىنىپ قاپتۇق ئەمەسما. ئەمەلىيەتتە نەدىمۇ ئۇنداق ئىش بولسۇن، بولسا قېنى كىم كۆرۈپتۇ، – دېدى

– ئادەم دېگەن گېپىم بار، دەپ ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلىسە قانداق بولىدۇ. قايسى كۈنى، مۇشۇ يەردە ھېلىقى گەپ بولغان كۈنى خوجايىنىنىڭ ئۆيىگە كىرسەم. . . خوجايىن ئاڭلاپ ناھايىتى تېرىكتى. دېمىسىمۇ بۇ دېگەن رەھبەرلىكنىڭ ئابرۇيىنى چۈشۈرمەكچى بولغانلىقتە!

بۇ، يان قوشنامنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا بالا باققۇچى ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

– مۇشتەك تۇرۇپ ئەجەب ئالانىيەت بالىكىنا ئۇ! قاراپ تۇرۇپ دۆلەت جۇيجاڭنى قولىغا داستىخان ئېلىپ كالا بىلەن چەت ئەلچە ئۇسسۇل ئوينىدى، دەۋاتامدا! توۋادەيمەن، توۋا. مەنغۇ بۇ شەھەرگە كەلگەندىن بېرى كالا كۆرۈپ باقمىدىم، كالا دېگەن سەھرادا بولمامدىغان. . .

دۇكاننىڭ تار، قاراڭغۇ دالىنىدا قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم. دۇكانغا ئالدىراپ كىرىپ-چىقىپ يۈرگەنلەر مېنى ئۇيان-بۇيان سوقۇپ يىقىتىۋەتكىلى تاس قالاتتى. كۆزۈمگە ھېچنەرسە كۆرۈنمەيتتى، ھېچنەرسە ئويلىيالمايتتىم، پەقەتلا قۇلاق تۈۋىمدە

بايىقى نەپرەتلىك ئاۋازلار ياڭرايتتى. تىترەپ تۇرغان قوللىرىم بىلەن موخوركا يۆگەپ، ئاچچىق ئىسىنى كۆچەپ ئىچىمگە تارتتىم. ئاغزى-بۇرنۇمدىن پۇرقىراپ چىقىۋاتقىنى قاپقارا ئىس ئەمەس، ئىچىمگە توشۇپ كەتكەن دەرد-ئەلەمدەك قىلاتتى. ھەممىدىنمۇ، ئاۋۇلارنىڭ گېپى يېنىمدىن ئۆتكەن بولسا، يان قوشنامنىڭ گېپى جېنىمدىن ئۆتكەندى. نەچچە يىلدىن بېرى بىر-بىرىمىزگە ھال-مۇڭ بولۇپ، ئۇرۇق-تۇغقاندەك ئۆتكەن يان قوشنامنىڭ بىقىنىمدىن پىچاق ئۇرۇشنى ئەسلا ئويلىمىغانىكەنمەن.

ئاستا-ئاستا تىنچلاندىم. خەير، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر، سۆزلەپ-سۆزلەپ ئۇنتۇپمۇ قېلىشار، بۇ ئۇزۇن جاھانغۇ، دەيتتىم.

توپلاشقانلارنىڭ يېنىدىن بېشىمنى تىك تۇتۇپ ئۆتۈپ كەتتىم. ئۆيگە كېتىۋېتىپ كاللامغا بىر سوئال كەلدى: ئەگەر مەن كۆرگەن ئىش يان قوشنامغا ئۇچرىغان بولسىچۇ...؟ بەلكىم ھېچ ئىش كۆرمىگەندەك ئاغزىنى چىڭ يۇمۇپ يۈرگەن بولاتتى. ..ياق! خوجايىن باتۇرلۇق بىلەن كالىنى بىنادىن قوغلاپ چۇشۇرۇپ، كۆپچىلىكنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكىنى قوغدىدى، دەپ تەشۋىق قىلغان بولاتتى. توغرا، شۇنداق قىلاتتى. شۇنداق ئىشلار نېمىشقا خىيالىمغا كەلمەيدىكىنا. بىردىنلا كۈلكەم قىستاپ ئىچ-ئىچىمدىن سەت بىر كۈلكە قايناپ چىقتى.

-ھى-ھى-ھى...

بىنانىڭ ئىشىكىدە ئالدىمغا ئۇچرىغان ئايال-يان قوشنام پاتەمخان كۆزۈمگە قورقۇمسىراپ بىر قاراپ قويۇپ، قايسى كۈنى مەن كالىدىن قورقۇپ قاچقاندەك ئالدىمدا پاتىراقشىپ قېچىپ ئۆيگە كىرىۋالدى. ئىشىكنى ئېچىۋاتقىنىمدىمۇ ئىشىكنى قىيا ئېچىپ ئوغرىلىقچە مارىلاپ تۇردى. پاكار، دوغىلاق كەلگەن بۇ ئايالنىڭ ئۇچبۇرجەك يۈزى، كىچىك، ھەرىكەتچان كۆزلىرى، بوينى ۋە پۇت-قوللىرىنى ئىتتىك ئويان-بۇيان سوزۇپ، ئىتتىك يىغىۋېلىشلىرى كىشىگە چاشقاننىلا ئەسلىتەتتى.

- مىيا...ۋ، مىيا...ۋ، مىيا...ۋ...

شۇنچىلىك ئوخشىتىپ مىياڭلىۋەتتىمكى، ئىسىت، ئوغلۇم يېنىمدا بولسا نەقەدەر خۇشال بولغان بولاتتى-ھە.

پاتەمخاننىڭ ئىشىككە قىسىلىپ تۇرغان ئۇچبۇرجەك يۈزى شۇئان يوقالدى.

* * *

كېيىنكى كۈنلەردە كىشىلەرنىڭ قورقۇپ-قورقۇپ قاراشلىرىدىن، مېنى كۆرسە ئىتتىك ئۆزىنى ئېلىپ قېچىشلىرى ياكى زورۇقۇپ بىر-ئىككى ئېغىز ئەھۋال سوراپلا كېتىپ قېلىشلىرىدىن يەنە قانداقتۇ بىر پېشكەللىكنى سەزگەندەك بولدۇم. بىر كۈنى ئىشتىن كەلسەم، دۆلىتىكامنىڭ تۆمۈر ئىشىكى ۋالىلداپ تۇرىدىغان يېڭى پولات ئىشىككە ئالماشتۇرۇلۇپتۇ. ئەتىسى يان قوشناممۇ تۆمۈر ئىشىكىنى ئالماشتۇردى. ئۇنىڭ ئىشىكى دۆلىتىكامنىڭكىدىن ئاددىيراق، ئەمما سىرتىغا خەنزۇلارنىڭ جىننى قورقىتىدىغان ئىلاھىنىڭ باش شەكلى ئورنىتىلغانىدى. ئۇلارنىڭ پولات ئىشىكى دائىم دېگۈدەك تاقاقلىق تۇراتتى. ئۇچرىشىپ قالساق، ئەرلىرىلا ئەمەس، خوتۇنلىرىمۇ كۆرمەسكە سالاتتى. فورما كىيگەن مۇھاپىزەتچىلەرمۇ پات-پات ئۆيىمىزنىڭ ئەتراپىنى چۆرگىلەپ تۇرىدىغان بوپقالدى.

«تېررورچىلار سەل ئەدەپ قالغان ئوخشايدۇ» دەپ پەرەز قىلدىم. يەنە بىر قېتىم بالا باققۇچى ئايالنىڭ مېنى كۆرۈپ، يولدا تايتاڭلاپ كېتىۋاتقان بالىنى كۆتۈرۈپلا قاچقاندەك كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سەل ئەجەبلەندىم. يەنە بىر تۇرۇپ ئۇمۇ ئادەمدە، بەلكىم ئىككىيۈزلىمىلىك قىلغىنىدىن خىجىل بولىۋاتسا كېرەك، دەپمۇ ئويلىدىم. شۇ ئارىدا روزى ھېيتمۇ كەپقالدى. ھېيتنىڭ تۇنجى كۈنى بىزنىڭ بىنانىڭ ئالدىدا پەتىچىلەر ئۆچرەتتە تۇرغاندەك بوپكېتىشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاياللىرىنى چىرايلىق ياساندۇرغان تەكتۇشلىرىمۇ بارئىدى. ئەمما بۇ قېتىم ئۇلارمېنىڭ ئىشىكىمگە قاراپمۇ قويۇشمىدى.

ئاخىرى بىر كۈنى ئايالىم سىرتتىن كىرىپلا ماڭا سەپسېلىپ قاراپ كەتتى. يۈرۈش-تۇرۇش، ئولتۇرۇش-قوپۇشۇم، چاي ئىچىشىم، تاماق يېيىشىمگە زەن سالدى. ھاجەتخانىغا كىرسەم ئالايىتەن كەينىمدىن كىرىپ قاراپ باقتى. ئوغلۇم ئۇخلاپ بولغاندىن كېيىن يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرۇپ:

- تۇرسۇن، راست گېپىڭىزنى ئېيتىڭا، يېقىندىن بۇيان مىجەزىڭىز قانداقراق؟ كۆزىڭىزگە باشقىچە بىرنەرسىلەر كۆرۈنمەيدىغاندۇ؟ - دەپ سورىدى.

- نېمە دەيدۇ ماۋۇ! مىجەزىمنىڭ قانداقلىقىنى سەن بىلمەمسەن؟ مېنىڭ كۆزۈمگە نېمە كۆرۈنىدىكەن، يەنە شۇ كالىنىڭ گېپىما؟ قويە شۇگەپنى، مەنمۇ ھېچنېمىنى كۆرمىگەن بولاي.

- كالىنىڭ گېپىگىغۇ ئىشەنگەنتىم. بىراق... بەزىلەر سىزنى ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىدىغان، ئۆزىچە كۈلىدىغان بوپقاپتۇ، شۇڭا كۆزىگە كالا كۆرۈنگىنىمۇ بىكار ئەمەس، دېيىشىۋاتىدىغۇ؟ ئادەمنى قورقۇتماي راست گېپىڭىزنى قىلىڭە، زادى...

- ئەخمەق. مەن شۇ ھالەتتە بولسام، سەن بىلەن مۇشۇنداق پاراڭلىشىپ ئولتۇرارمىدىم؟ تولا بېشىمنى ئاغرىتمىغىنا. شۇنداق دېگەنلەر ئۆزلىرى ئېلىشىپ قاپتۇ.

- سىز شۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن، پاتەمخاچام ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ: تۇرسۇن كېتىۋېتىپلا ئۆزى بىلەن ئۆزى كۈلىدىغان، مۇشۇكتەك مىياڭشىيدىغان بوپقاپتۇ، دەپ نامىڭىزنى سېسىتىپ بوپتۇ. سىززە...

- خەقلەر شۇ خوتۇننىڭ گېپىگە ئىشىنەرما؟

- ئارقىسىدا ئېرى، دۆلىتىكام بىلەن تىللاخاچاملار تۇرسا، ئۇنىڭغا ئىشەنمەي سىزگە ئىشىنەمتى ئەمىسە.

يېتىپ بولغاندىن كېيىنمۇ ئايالىم: «سىز

بىرنىمە بوپقالسىڭىز، مەن قانداق قىلىمەن، بالا تېخى كىچىك تۇرسا» دەپ خېلىغىچە يىغلاپ چىقتى.

* * *

يېقىندىن بۇيان ئۆزۈمچە سارائىلارغا ھېسداشلىق قىلىدىغان بوپقالدىم. قارىغاندا، سارائىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئادەملەرنىڭ رەزىللىكىدىن شۇنداق بوپقالسا كېرەك. ھەيرانمەن، «ساراڭ» بوپقاپتۇ، «سۆزلەپ قاپتۇ» ياكى «ئوڭ-تەتۈر» بوپقاپتۇ دېگەندەك گەپلەر شامالدا تارالغاندەك شۇنداق تېز تارىلىدىكەن، ياكى بۇ بۈگۈنكى ئۈچۈر دەۋرىنىڭ ئەۋزەللىكىمىكىن. بۇ ئالاھىدە ئاتاق بىر ئادەمنى ئەقەللىي ئادەملىك ئىززەت-ھۆرمىتىدىن، ئىنسانىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىدىكەن. كىشىلەر سەندىن قاچىدىكەن، نورمال گەپلىرىڭگە ھىجىيىشىپ بىر-بىرىگە كۆز قىسىشىدىكەن، رەزىل-شاللاق ئادەملەر سېنى مايمۇن ئويناتقاندەك ئويناتماقچى بولۇشىدىكەن. بىر ئادەمگە ئۆزى خالىغانچە مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن باھا بېرىشىپ، ئاشۇ باھالارغا ئۆزلىرىچە ئىشىنىپ، ئۇنى ئەڭ تېز سۈرئەتتە تارقىتىپ ئىچ پۇشىقىنى چىقىرىشىدىكەن. باشقىلارنىڭ بەختسىزلىكى ھېسابىغا روھىي جەھەتتىكى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىماقچى بولۇشىدىكەن. قان چىقارماي جان ئالىدىغان بۇنداق ئادەملەر، بۇنداق مەسئۇلىيەتسىز-لىكلەر، ئىنساننىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى شۇقەدەر دەپسەندە قىلىشلار ھېچقاچان ھېچقانداق قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچرىمايدىكەن.

شۇنىڭغا ھەيرانمەنكى، شۇنچە ئادەملەر ئىچىدىن بىرەرسىمۇ: «ئەمەلىيەت راستتىنلا شۇنداقمىدۇ؟» دېمەيدىكەن.

خىيالىم شۇيەرگە يەتكەندە ئىختىيارسىز بىرزامانلاردا ئىستىبداتى ئەمما تۈز كۆڭۈللۈكى بىلەن داڭق چىقارغان، مۇشۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ياشاشقا ئامالسىز قېلىپ، ھەسرەت-نادامەت چېكىپ ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كەتكەن بىركىشىنى، قۇرۇق تۆھمەتلەرنىڭ قۇربانى بولۇپ يېرىم ھاياتىنى روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسىدا ئۆتكۈزگەن يەنە بىر بەختسىز سەنئەتكارنى ھېسداشلىق ئىچىدە ئەسلىدىم. تارىختىكى ئۆزۈم بىلىدىغان نۇرغۇن مىساللارنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. ھېلىگەر، رەزىل ئادەملەرگە ئالدىنىپ، سەممىي، ئاقكۆڭۈل ئادەملەرگە زۇۋال قىلىش ئىنسانىيەتنىڭ تارىخىي ئاجىزلىقى ئىكەنلىكى، شۇنداقلا ئۆزۈمنىڭ زۇۋال قىلىنغان تۇنجى ھەم ئاخىرقى سەممىي ئادەم ئەمەسلىكىمنى تونۇپ يېتىش ماڭا غايەت زور تەسەللىي بولدى.

* * *

كۈتمىگەندە يۇرتۇمدىن تاغام كەپقالدى.

— سىلەرنى كۆرۈپ كېلەي، دېدىم. يېقىندىن بېرى ئاچام تولا چۈشۈمگە كىرىدىغان بوپقالدى. سىلەردىن ئەنسىرەپ زادىلا ئولتۇرالمىدىم، — دېدى. ئەمما تاغامنىڭ بىزدىن ئەنسىرەپلا كەپقالىدىغان ئادەم ئەمەسلىكى ماڭا ئايان.

تاغام يەنىلا بۇرۇنقى تاغام ئىدى. پەقەتلا ئۇنىڭ ئۆتكەن قېتىم كېيىپ كەلگىنى چىمەن دوپپا بولسا، بۇ قېتىم يېشىل دۇخاۋا دوپپا، ئۆتكەندە ئۇچىسىغا كونا توپىرەڭ سارجا تۇجۇركا كىيگەن بولسا، بۇ قېتىم كۈلرەڭ مېترو تۇجۇركا، ئۆتكەن قېتىم ئىچىگە ئىككى چاپان، بىر مايكا كىيگەن بولسا، بۇ قېتىم بىر چاپان بىر مايكا كىيىۋالغانىدى. مىسرەڭ چىرايىدىكى قورۇقلار تېخىمۇ كۆپىيىپ، قىپقىزىل كۆزلىرى تېخىمۇ غىلايلىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. تاغام كۆپنى كۆرگەن ئادەم بولغاچقىمىكىن، ماڭا بەك سىنچىلاپ قاراپ كەتمىدى، ئالدىمدا پۇل تاپار ئوغۇللىرىنى ئۆتكەندىكىدەك ماختاپمۇ كەتمىدى. ماڭا مېھرىبانلىقى تۇتۇپ كەتكەنلىكىدىنمۇ ياكى يىللار ئۇنىڭ قەددىنىلا ئەمەس، روھىنىمۇ پۈكۈپ قويغانلىقىدىنمۇ، ئۇنىڭ كۆزىدىكى مېنى بىزار قىلىدىغان مەنسىتمەسلىككە-مۇ، ئىچ ئاغرىتىشقىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان ھېلىقى ئىپادە پەقەت بىر قېتىملا غىل-پال چاقناپ يوق بوپكەتتى. ئۇئانچە-مۇنچە ئاشخانىغا كىرىۋېلىپ ئايالىم بىلەن كوسورلاشقاندىن باشقا چاغلاردا بازارغا چىقىپ كېتىپ ئايلىنىپ يۈردى. ھەركۈنى كەچتە تۆردىكى كۆرپىدە تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپ، دوپپىسىنى تىزىغا كىيدۈرۈۋېلىپ، تۈكسىز بېشىنى سىلىغاچ:

— ياپىرىم، بۇ ئۈرۈمچى بىر قارىساڭ توختىماي ئۆزگىرىپ، كۈندىن كۈنگە زورىيىۋاتقان ئاجايىپ يوغان مەخلۇققا ئوخشايدىكەن. بۇنىڭدىكى بىنالارنىڭ ئېگىزلىكى، ماشىنىلارنىڭ كۆپلىكى، چوڭمۇلىدەك پاتماي مىغىلدىشىپ يۈرگەن ئادەملەر... ھەركۈنى چۈشتە بۇ چوڭمۇلىلەر ئېگىز بىنالاردىن مىغىلداپ چىقىشىپ ئاشخانىلارغا ئاقىدىكەن. ئېگىزدىكى ئاشخانا، پەستىكى ئاشخانا، ئالىي ئاشخانا، ئادەتتىكى ئاشخانا، بۇلۇڭ-پۇچقاقتىكى ئاشخانا قويماي ھەممىسىگە تولۇپ شالاپلىتىپ يەيدىكەن. خۇددى پۈتۈن جاھاننى يالماپ قۇرۇتىۋېتىدىغاندەك يەپ توختىمايدىكەن. شۇنىڭغا قاراپ ئادەم بۇ جاھاندا ھېلىمۇ يەيدىغان نەرسە تۈگەپ قالمايدىكەن، دەپقالىدىكەن... — دەيتتى. جەنۇبتىكى كىچىك شەھەرلەر بىلەن ئۈرۈمچىنى، دېھقانلار بىلەن بۇيەردە ياشاۋاتقانلارنى سېلىشتۇرۇپ: «پۈتۈن شىنجاڭدىكى بايلىق، راھەتنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئۈرۈمچىدىكەن. شۇڭا ھەممە ئادەم بۇ يەرگە كېلىۋالىدىكەن...» دەپ تەھلىل قىلىپ كېتەتتى. بىرەر ھەپتىلەردىن كېيىنكى بىر ئاخشىمى تاغام ئاخىرى راست گېپىنى قىلىپ، ئەسلى مۇشۇ يەردىن جەنۇبقا تۇغقان يوقلاشقا بارغان بىرەيلەندىن مېنى ساقىسىز بوپقاپتۇ، دەپ ئاڭلاپ تۇغقانلارنىڭ ناھايىتى قايغۇرغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ھەممەيلەنگە ۋاكالىتەن مېنى كۆرگىلى، زۆرۈر تېپىلسا يۇرتقا ئەكېتىپ داۋالاتقىلى كەلگەنلىكىنى، ئەمما كەلگەندىن بۇيان مېنىڭ روھىي ھالىتىم، گەپ-سۆزۈمدە ھېچقانداق نورمالسىزلىقنى بايقىماي خاتىرجەم بولغانلىقىنى ئېيتتى. ئاخشىمى ئىككىمىز ئۇزاق مۇڭداشتۇق. تاغام گېپىمنى زەن قويۇپ ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن:

– بۇ ئىشنى تۈزگىلى بولىدۇ، يولىمۇ بەك ئاددىي. ئۆزلىرىڭنىڭ گېپىنى ئۆزلىرىڭگە قايتۇرۇپ بېرىمىز، شۇ. بىر ئاخشىمى ئىككىمىز بىللە دۆلەتئاخۇننىڭكىگە كىرىمىز، ماۋۇ يان قوشنائىڭنىمۇ چاقىرىمىز. مەن ئۇلاردىن كەچۈرۈم سوراپ، ئۆتكەنلەردە تۇرسۇناخۇننىڭ تازا مەجەزى يوق بوپقالغانىكەن، شۇڭا كۆزىگە بىرنەرسىلەر كۆرۈنۈپ، ھەرقايسىلىرىنى رەنجىتىپ قويۇپتۇ. مانا ئەمدى ساقىيىپ خىجىللىقتىن ئۆزىنى قويىدىغان يەرتاپالماي ئالدىلىرىدا ئولتۇرىدۇ. ئەيىبكە بۇيرۇشمىغايلا، – دېيمەن. سەندىن ناھايىتى كەتسە «ساراڭ» دېگەن ئاتاق كېتىدۇ، ئەمما ئىش شۇھامان ئوڭشىلىدۇ، - دېدى.

– نېمە؟ ساپساق تۇرۇپ ئۆزۈمنى ساراڭ بوپقالغانتىم، دەمدىمەن؟ ساراڭ مەن ئەمەس، ئاشۇلارنىڭ ئۆزى، – دەپ سەكرەپ كەتتىم.

– بالام تۇرسۇناخۇن، بۇ شەھەردە سېنى يۆلەيدىغان ھېچنېمەڭ يوق. بىر ھېسابتا مەيلى ياخشى بولسۇن، يامان بولسۇن، ئاتاڭمۇ شۇ دۆلەتئاخۇن، ئاناڭمۇ شۇ دۆلەتئاخۇن. ۋاقتى كەلسە گېپىڭنى قىلىدىغانمۇ شۇ دۆلەتئاخۇن. شۇ خەق بىلەن ئېيتىشىپ، بۇيەردە كۈن كۆرەلمەيسەن. ھازىرغۇ ساراڭغا چىقىپسەن، يەنە مۇشۇنداق كېتىۋەرسەڭ ئاقىۋىتىڭ نېمە بولار؟ بالاڭنىمۇ ئويلاپ قوي. . .

– ئاشۇنچىلىك ئىشقىمۇ مېنى بىرنېمە قىلىۋېتەرمۇ بۇ دۆلەتكام؟ ئۇ ھازىر كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ قىلىۋاتقان ئىشلارنىڭ ئالدىدا بۇ دېگەن . .

– ئۇنىڭغا بىرنېمە دېمەك تەس.

تاغامنىڭ بالامنى تىلغا ئېلىشى بىلەن، يېقىندىن بۇيان ئوغلۇمنىڭ كىيىملىرى يىرتىلىپ، ئۇ يەر-بۇيېرى قىزىرىپ قالىدىغان بوپقالغانلىقى ئېسىمگە كەلدى، ئىختىيارسىز چوڭقۇر بىر تىنىپ جىم بوپقالدىم.

* * *

ھەممە ئىش، ھەتتا ئاقىۋىتىمۇ تاغامنىڭ دېگىنىدەك بولدى. قوشنىلىرىمنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى، چىرايىمۇ ئېچىلدى. بىر تويدا دۆلەتكام يېنىمغا كېلىپ:

– ھە نوچى، قانداق؟ ئەمدى كۆزىمىزگە كالا كۆرۈنمەيدىغان بولغاندۇ؟ – دېۋىدى، تويدىكى ھەممە ئادەم پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىسمىم «تۇرسۇن كالا» بوپقالدى. ئەمدى كىشىلەر مەن بىلەن ئىلگىرىكىدەك كۈلۈمسىرەپ سالاملىشىدىغان، «ھە، قانداق، ياخشى بوپقال-دۇقمۇ؟» دەپ سورايدىغان، تەڭتۇشلىرىم: «جۆرە كالا، پوكەيگە يۆلىنىپ ئىككى رومكىدىن ئىچەيلى» دەيدىغان بولدى. تاغام ئەمدى ئوغۇللىرىنىڭ، نەۋرىلىرىنىڭ، ئوقىتىشنىڭ گېپىنى قىلىپ كېتىشنىڭ تەرەددۇتىگە چۈشتى. ئۇ ماڭىدىغان ئاخشىمى ئىككىمىز ئۇزاق مۇڭداشتۇق. ئۇ مەندىن ئۆتكەن قېتىم كەلگەندە تونۇشۇپ قالغان سوپاخۇنكامنى سورىدى. مەن ئۇ ئىدارىدىن يۆتكىلىپ كەتكەندىن بېرى ئۇنى بىرلا كۆرگىنىمنى، ئۇنى پېنسىيىگە چىقىپ راستىنلا سوپى بولۇۋاپتۇ، دەپ ئاڭلىغىنىمنى ئېيتىپ بېرىۋىدىم، تاغام كۈلۈپ كەتتى. مەن ئۇنىڭغا ئاشۇ قېتىم ئۇنىڭ بىر ئېغىز گېپى بىلەن يۈز بەرگەن ئىشلارنىمۇ دەپ بەردىم. تاغام دىققەت بىلەن ئاڭلاپ ئاخىرىدا:

– ھەي تۇرسۇناخۇن. . . ، خوتۇنۇڭنىڭ گېپىمۇ راستىكەن. سەن زادى چوڭ بولماپسەن. ھايۋان جېنىدا زىيان تارتىدىغان يولغا ماڭمايدۇ. سەنمۇ چوڭ بوپقالدىڭ، ھەرقانداق گەپ-سۆزنى ئويلاپ، پايدا-زىياننى دەڭسەپ قىلىشنى ئۆگەن. بەك راستچىل، ساددا بولۇپ كەتمە، بۇ جاھاندىكى ئىشلار دېگەن بىرى جەڭ، تۇققۇزى رەڭ بولىدۇ، – دېدى.

– ئۇنىمۇ دەيمىز، بۇنىمۇ دەيمىز، تاغا، ئەگەر سەن مەكتەپتە ئوقۇپ ئۈرۈمچىدەك يەرلەردە ئىشلەپ قالغان بولساڭىزە، قالتىس ياشايدىكەنسەن، – دېسەم،

– مەن سەندەك قۇرۇق خىيالنىڭ ئارقىسىدا يۈرمەيتتىم. بۇ چاغقا كىچىك دېگەندە نازىر بولۇپ بولاتتىم، – دېدى.

شۇنداق دەۋاتقان چېغىدا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى مېنى بىزار قىلىدىغان ھېلىقى ئۇچقۇن يەنە چاقناپ كەتتى.

تاغام كەتتى، قارىماققا ھەممە ئىش ئىزىغا چۈشۈپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئادەملەرنىڭ چاقچاقلىرىغا كۈلۈپ قوياتتىم، ئەمما ئۇلار كۆزۈمگە بىرقېلىپتا قۇيۇلغاندەك ئوخشىشىپ كېتىدىغان، مەنپەئەتتىن باشقىنى ئويلىمايدىغان، تۇترۇقسىز، خاراكتېرسىز، ھېسسىياتسىز «كلون ئادەم»لەردەك كۆرۈنەتتى. ئاغىنىلىرىم بىلەن بىللە ھاراق ئىچىشەتتىم، چاقچاقلىشاتتىم. ئەمما ئۇلارمۇ نەزىرىمدە ئۆتۈپ كەتكەن ئىككىيۈزلىمىچى ئەبلەخلەر، ياش تۇرۇپ چىرىپ كەتكەن پور كۆتەكلەرئىدى( ئۆزۈممۇ شۇلارنىڭ بىرى، ئەلۋەتتە).


مەن كىشىلەر ئارىسىدا يېتىمسىرايتتىم. ئىلگىرىكى يەككە-يېگانە يۈرگەن ۋاقىتلىرىمنى، ھەسرەتلىك ئەمما پاك، خورلانغان ئەمما پەيلاسوپلارچە ھېس-تۇيغۇلىرىمنى سېغىناتتىم. بىر قېتىم كۆزۈمدىن ئىختىيارسىز ياش چىقىپ كەتتى. تۇزلۇق ياش مەڭزىمنى بويلاپ ئۇدۇل ئاغزىمغا كىردى. ئۇ بىر رېستوران ئىدى. ئىچىپ قىزىشىۋالغان كىشىلەر شاۋقۇنلۇق، ئەسەبىي مۇزىكىغا ئەگىشىپ ئېگىز-پەس سەكرىشەتتى. ئۆچۈپ-يېنىپ تۇرغان چىراغ نۇرىدا ئۇلار بىركۆرۈنۈپ، بىر يوقاپ، كىشىگە گويا كۇنۇپكا بىلەن ھەرىكەتلىنىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

---

ئاپتور: «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مۇدىر مۇھەررىرى(M1)

# ئاسما چىراغ

(ھېكايە)



**تۇرسۇن مەھمۇت**

ئۆي بېزەيدىغان ئۈستىكار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۆزۈمنى دىۋانغا تاشلىدىم. بۇزۇلۇپ قالغان شامالدۇرغۇچ بىر بۇلۇڭدا تۇراتتى، ئىيۇننىڭ تىنجىق ئاپتىپىدا ئۆي خۇددى تونۇردەكلا ئىسسىپ كەتكەنىدى. ئېرىق بويىدىكى قۇمساڭغۇ توپا، كۆڭۈللۈك سايە تاشلاپ تۇرغان قېرى ئۈجمە، شىرىلداپ ئېقىپ تۇرغان سۈزۈك سۇ، مۇزدەك سوغۇق بىر چىنە دوغ. . . مەن تەشنالىقتىن قۇرۇغان لەۋلىرىمنى يالاپ قويۇپ شۇ نەرسىلەرنى خىيال قىلدىم.

دېرىزە تەكچىسىدىكى سۇلياۋ تەشتەكتىكى گۈللەرنىڭ يوپۇرماقلىرىمۇ سولىشىپ، سارغىيىپ تۇراتتى. شۇ ھالدا ئۆيىمىزدىكى جانلىقلا تەۋە ھەممە نەرسە تەشنالىق، ئىسسىق ئازابىدىن تۈگىشىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئادەمگۇ مەيلى، ئاشۇ گۈل-گىياھلارمۇ ھاياتىنىڭ تۈگىمەس ئازابلىرىدىن ئازار يېگەندەك مەيۈس بىر ھالدا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. تۇرۇبا سۈيى توختاپ قالسا. . . بۇنىڭ دەردى ئادەملەر بىلەنلا تۈگىمىسە. . .

مۇزدەك بىر بوتۇلكا پىۋا. . . مەن توڭلاتقۇنىڭ ئالدىغا باردىم. بۇ بىرنېمىنىڭ ئىچىدىن بىر نەرسە چىقمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم، شۇنداقتىمۇ شۇ ھالدا توساتتىن ئىچكىمدەك بىرنەرسە پەيدا بوپقالىدىغاندەك توڭلاتقۇنىڭ ئاغزىنى ئاچتىم. توڭلاتقۇ قۇپقۇرۇق، ئىچىدىن گۆش، كۆكتات دېگەندەك نېمىلەرنىڭ ئاللىقانداق بىر پۇرىقى گۈپپىدە ئۇرۇلدى. مەن ئۈمىدسىزلىنىپ جايىمغا ئولتۇردۇم.

پۇل تاپاي دېسەك ئۆي بېزەيدىغان ھۈنەرنى قىلساڭ بولغىدەك، مۇشۇ كىچىككىنە ئۆينى بېزەشكە سەككىز مىڭنى ئالىمەن، دەۋاتىدۇ. شۇنچىۋالا پۇلنى يېمەي - ئىچمەي بىر يىل جان قاقشاتساق ئاران تاپىدىغان گەپ. ئەمما يېمىسەك، ئىچمىسەك، كىيمىسەك يەنە بولمايدۇ. بىر يۇتۇم سۇ ئىچسەڭمۇ، بىر چۆگۈن چاي قايناتساڭمۇ، ئەقەللىيسى ھاجەتخانىغا كىرىپ - چىقساڭمۇ پۇل كەتكەن. ئايالىمنىڭ، بالىلىرىمنىڭ تۇغۇلغان كۈنلىرى كېلىۋاتقان، ئوقۇش پۇلى، كىتاب پۇلى، يەنە ئاللىقانداق نامىنى ئەستە ساقلاپ بولغىلى بولمايدىغان ناملاردىكى چىقىملار. . . يەنە تېخى ئەر-ئايال ئىككىمىزنىڭ يىلدا بىر كېلىدىغان توي خاتىرە كۈنىمىز. ئۇنىڭ

بىلەن توي قىلىپقۇ خاتىرىلەپ كەتكۈدەك بەختكە ئېرىشىپ كەتكىنىمىز يوق، لېكىن بۇ خوتۇن ئاشۇ كۈن كېلىشتىن بىر ئاي بۇرۇن كۈن ساناشقا باشلىسا. . . چاقىرىدىغان مېھمانلىرىنىڭ تولىلىقى، هاي دېسە ئاڭلىمىدىغان. ئاشۇ خەق ئىچىدە قانچە غۇدىرايدىغاندۇ. بىزمۇ شۇنداققۇ. . . مائاش تارقىتىدىغانغا 15كۈن قالغاندىن باشلاپ نامراتلىق بىزنى مەسخىرە قىلىشقا باشلايدۇ. يوقسۇزلۇقنىڭ غېرىب - ئۇنسىز كۈيى بىزنى بىر-بىرىمىزدىن بىزار قىلىۋېتىدۇ، مۇشۇنداق كۈنلەردە مېنىڭ گېپىم ئۇنىڭغا، ئۇنىڭ گېپى ماڭا ئېتىمايدۇ.

- بىزمۇ ئۆينى بېزەيلى، - دېدى ئايالىم ئەتىگەندە قۇرۇق ناننى چايغا تۆگۈرگەچ، - بىزلا قاپتۇق.

- يەنە تۆلەيدىغانغا 20مىڭدىن ئارتۇق قەرزىمىز تۇرسا. . . نېمىگە بېزەيمىز؟

مەن ئىچمەكچى بولغان چېيىمنى ئۈستەلگە قويۇپ، تاماكا تۇتاشتۇردۇم. ئايالىمنىڭ كەيپى ناھايىتى ئۇسال ئىدى. ئۇنىڭغا نېمە بولدىكىن، مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە يوقىلاڭ ئىشلار ئۇچۇن تولا چېچىلىدىغان، چىرايىدىن غەم - ئەندىشە كەتمەيدىغان بوپقېلىۋاتاتتى. يۈزىنىڭ قېنى قېچىپ بۆلەكچە خامۇش كۆرۈنەتتى. تۇرمۇشنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا سىڭىپ بېرىۋاتقان دۇرامچىلىقتىن ئىبارەت جاھان كېسىلى بۇ خوتۇنغىمۇ يۇقۇپ، ئۇنى كۈنسېرى جۇدىتىپ، ھېچ ھالىنى قويمايۋاتقاندەك ئىدى.

- قەرزىنىڭلا گېپىنى قىلىدىكەنسىز، - دېدى ئۇ زەردە بىلەن، - ئېشەك ئېشەكتىن قالسا قۇلىقىنى كەس، دەپتىكەن. . .

ھىم، ما گەپنى، نەدە يۈرۈپ بۇنداق تەمسىللەرنى ئۆگىنىۋالغاندۇ بۇ. . . سەندە نېمە بولسا مەندىمۇ شۇ بولۇشى كېرەك، دەيدىغان بۇنداق تايىنى يوق، ئەمما تۇرمۇشتا چوقۇم ئەمەل قىلمىسا بولمايدىغان ئورۇنسىز پرىنسىپ مۇشۇ كۈنلەردە ئادەملەرنى قىيناپ، كۈلكىسىنى يىغىغا، يىغىسىنى بۆلەك بىر نېمىگە ئوخشىتىپ قويۇۋاتاتتى. ھەممە مەئىشەتلەر تولۇق، ھېچنېمىدىن قىسىنمايدىغان، باي، نامرات دېگەن پەرق بولمىغان تۇرمۇشنى جەننەت ساۋاب تاپساق ئۆلگەندە جەننەتكە كىرگەندە كۆرەرمىز، بەلكىم. ئۆلىدىغان جاھانغا مۇشۇنداق ئاسانلىقچە نېسىپ بولمايدىغان، ئەمما دېگەندەك زۆرۈرىيىتى يوق نەرسىلەرنى قوغلىشىپ، پالاقلاپ، ھۆمۈدەپ يۈرۈپ، تۈگىشىپ كېتىدىغان ئوخشايمىز.

مەن ئىمكان بار سىلىق سۆزلەشكە تىرىشىپ ئۇنىڭغا دېدىم:

- ماڭا قاراڭ، بۇنداق ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز قىيناۋەرمەيلى، ئۆي دېگەننىڭچۇ، ئىسسىق - سوغۇقتىن پاناھلىنىش، بىر ئائىلە كىشىلىرى جەم بولۇش ۋە ئۇخلاشتىن باشقا ئارتۇق رولىمۇ يوق. .

.

- ئەمىسە بېرىپ ئۆڭكۈردىلا ياشىسىڭىز بولمامدۇ، دەۋاتقان گېپىنى، ئۆزىڭىز بىر كادىر تۇرۇپ، مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلىپ يۈرسىڭىز سەت ئەمەسمۇ؟ !

- ئىشقىلىپ، مۇشۇنداق بولىۋەرسە ئاخىر ئۆڭكۈرگە كېتىدىغاندەكمۇ قىلىمەن.

بۇ گېپىم ئۇنىڭ خېلى ئاچچىقىنى كەلتۈرگەن بولسا كېرەك، ماڭا ئالىيىپ قويۇپ باشقا ياققا قارىۋالدى. بىر تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئىچىممۇ ئاغرىپ قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ۋەسۋەسە جاراھەتلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەندەك ئىدى.

شۇ ئارىدا نېرىقى ئۆيدىن ئوغلۇم چىقىپ كەلدى، بىچارە بالامنىڭ سومكىسى ئۆزىدىنمۇ چوڭدەك قىلاتتى. ئۇنى ھەرقېتىم ئاشۇ ئېغىر سومكىنى كۆتۈرۈپ، تايتاڭلاپ مېڭىۋاتقان ھالدا كۆرسەم ئىچىم ئاغرىپ قالاتتى. بۇ سومكا ئۇنىڭ كىچىككىنە جىسمىنىلا ئەمەس، روھىنىمۇ بېسىپ تۇرىدىغاندەك ئىدى.

- ئاپا، پۇل بېرىڭە، - دېدى ئوغلۇم ئاپىسىنىڭ مۈزدەك تەلەتىگە قورقۇمسىراپ قاراپ قويۇپ.

- مەندە يوق، داداڭغا دە.

ئوغلۇم ئاستا مېڭىپ ئالدىمغا كەلدى.

- نەچچە پۇل كېرەك، بالام؟

- ئىككى كوي .

- نېمە قىلىسەن ئۇنى؟

- شاكىلات، چوكا مۇز ئېلىپ يەيمەن.

دادام پۇل بېرىدىغان بولدى، دەپ ئىشەنچ قىلغان بولسا كېرەك، ئوغلۇمنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈپ، كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتتى.

- ئۇنداق نېمىلەرنى يېمىسەڭ بولمامدۇ، ئۆزىمۇ زىيانلىق.

- سىنىپتىكى ھەممە بالىلار ئېلىپ يەيدۇ. مەن يېمەي قاراپ تۇرسام سەت تۇرۇدىكەن.

يۈرىكىم ئېچىشىپ، ئىچ-ئىچىمدىن يىغا قايناپ چىقتى، ئۇنىڭ سۆزلىرى بىلەن ئاپىسىنىڭ سۆزلىرىدىكى مەلۇم بىر ئورتاقلىقنى كۆرۈپ، ئاچچىق بىر سېزىمدىن بوغۇزىمغا بىر نەرسە كەپلەشكەندەك ئارامسىزلىنىپ كەتتىم.

ئوغلۇم سومكىسىنى يۈدۈپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى، ئۇنىڭغا يۈك بولۇۋاتقىنى يالغۇز ئېغىر سومكىلا ئەمەستەك قىلاتتى.

ئوغلۇم چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئايالىم يەنە شۇ گەپنى تەكرارلىدى:

- بۇگۈنلا بېرىپ ئوقۇشۇڭ، خەقتىن كېيىن

قالمايلى!

- ئۆينى بېزىمىسەڭ زادى بولمامدۇ؟

- بولمايدۇ!

ئۇنىڭ پوزىتسىيىسى كەسكىن ئىدى، زادى شۇنداق قىلمىسام بولمايدىغاندەك، ياق دېيىشكە ئورۇن قالمىغاندەك ئىدى.

- تاپقان پۇلغا ئۆي ئالىمىز، ئۆي ياسايمىز، ئۇنى قىلىمىز، بۇنى قىلىمىز دەپ يىقىلىپ قالمايلى يەنە. سىز تونۇمايسىز، ئىسمائىلكام دەپ بىرەيلەن بار، ئۆي-جايىنى شەھەردە ھەممىدىن ئېسىل قىلدۇرىمەن، دەپ يېمەي - ئىچمەي يۈرۈپ يىقىلىپ قاپتۇ، تەكشۈرتسە ئېغىر دەرىجىدە ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىكتىن شۇ ھالغا كېپقاپتىمىش... پات - پات ئەقلىدىن ئېزىپ قالىدىكەن. ئۇچرىغانلا ئادەمگە: بىزنىڭ ئۆينى كۆرۈپ كېتىڭلار، ئاغزىڭلار ئېچىلىپ قالىدۇ، ئۆتمۈشتىكى چوڭ پومېشچىك ئالاۋىدىن قوچقارنىڭكىدىن ئېسىل، دەپ سۆزلەپ يۈرەرمىش. ھابىلكامدىن ئاڭلىدىم. يەنە...

- نېمە دېمەكچىسىز، - دېدى ئايالىم كۆزلىرىمگە جىددىي تىكىلىپ. بىچارە خوتۇننىڭ كۆزلىرىنىڭ نۇرى قېچىپ، بۆلەكچە ئولتۇرۇشۇپ كېتىپتۇ.

- دېمەكچى بولغىنىم، ئىسمائىلكامغۇ پالاقشىپ يۈرۈپ ھەممىدىن كاتتا قورۇ - جاي قىلدۇرۇپتۇ، ئەمما ئۆزى ئەقلىدىن ئېزىپ قاپتۇ، تېخى ئۇ شۇنداق يۈرۈپ ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كەتمەيدۇ دېگىلى بولمايدۇ. شۇنداق ئەھۋالدا ئۇنىڭغا ئۇنچە ئېسىل قورۇ - جاينىڭ نېمە پايدىسى.

- ھە، شۇ گەپمىدى، ئۆينى بېزىتەيلى، يا ئۆلۈپلا تۈگىشەرمىز...

ئۇنىڭ گەپلىرىدىن چۆچۈپ كەتتىم، ئەتىگەندە نېمانداق ئاغزىنى ئۇششۇتىدىغاندۇبۇ خوتۇن.

- بۇ نېمە دېگىنىڭىز ئەمدى.

- شۇنداق دېگىنىم...

- بولىدۇ ئەمىسە، مەن ئۇستا ئىزدەپ باقاي.

ئىدارىدىن رۇخسەت سوراپ، ئۆي بېزەيدىغان ئادەمنى تاپتىم. ئۆزى خەقلەرنىڭ كۆزىنى ئالىچەكمەن قىلىپ بېزەكچىلىك قىلىپ يۈرگىنى بىلەن، توڭگۇز قوتىنىدەك سېسىق پۇرايدىغان، تاملىرى ئىسلاش، بورىلىرى ساڭگىلاپ قالغان بىر كونا ئۆيدە ئولتۇرىدىغان بۇ ئادەم مەن بىلەن بىللە ئۆيۈمگە كەلدى. ئۇ، ئۆينى بىر قۇر مېتىرلاپ، ئۆلچەپ چىققاندىن كېيىن توققۇز مىڭ كوي، دېدى. ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ سەككىز مىڭ كويغا كېلىشتۇق، شۇ تاپتا يانچۇقتىن سەككىز سوم چىقسا كىمنىڭ دەردى.

- بۇنىڭدىن ئەرزانراق بولماسمۇ، - دېدىمەن يالۋۇرغاندەك.

- ئەڭ ئەرزان باھا مۇشۇ، ئەگەر بولمايدۇ، دېسەڭ ھازىر 50كوي بېرىسەن.

- 50كوي، نېمىشقا؟

- مېنى ئىشى يوق بىكارچى، دەپ ئويلاپ قالدىڭمۇ، ئاۋارە بولۇپ ئۆيۈڭگە كەلدىم، ئۆلچىدىم، بۇلارنى بىكارغا قىلامتىم ئەمىسە؟!

پۇلنى ئوبدان تاپىدىغان نېمىكەن بۇ. مەن ئىككى كۈن ئىشلىسەم ئاران 50سوم تاپىمەن، بۇنىڭ بىر سائەتلىك ھەققى 50كوي بولسا... ھۇ مۇتتەھەم...

- ھە... بولدى، سىز دېگەن باھادا بولسۇن، ئىشنى قاچان باشلايسىز؟

- ئاۋۋال پۇلنى تەييار قىل، قاچان دېسەڭ شۇ چاغدا كېلىپ ئىشلەيمەن، بىراق گېپىڭدىن يېنىۋالساڭ ھېلى مەن دېگەن 50كوينى چوقۇم بېرىسەن.

- بولىدۇ، بولىدۇ، خاتىرجەم بولۇڭ، پۇلنى جايلاپ بولۇپلا سىزگە خەۋەر قىلىمەن.

ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇپ ئۆزۈمنى دىۋانغا تاشلىدىم. ئىچىدىن ئىچكىدەك ھېچنېمە چىقمىغان توڭلاتقۇغا، ئۇزۇندىن بېرى بۇزۇلۇپ ياتقان شامالدۇرغۇچقا قاراپ كۆڭلۈم شۇنداق يېرىم بولدى.

ئۆي ئىچىدە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى، قاچاندۇر ئۆيگە كىرىۋالغان بىرەڭ چىۋىنلەر گاھ-گاھ كۆڭۈلسىز گىژىلداپ ئالدىمدىن ئۇچۇپ ئۆتەتتى. ئايىغاق تام، سىپسىلىق پول، ئېھتىياجىمىزدىن چىقىپ كېلىۋاتقان يامان ئەمەس ئۆي جاھازلىرى... ئەمما بۇ نەرسىلەرگە شۈكۈر قىلىش دېگەن بىزدە يوق. بىر چىرايلىق ئۆيلەرنى يەنە ياسايمىز، بېزەيمىز دەپ قىلمىغان قىلىقلىرىمىز قالمايۋاتىدۇ. ئۆمرۈم مۇشۇنداق نەرسىلەرنى قوغلىشىپ ئۆتۈپ كېتەرمۇ. ياشمۇ 35كە تاقاپ قالدى، يەنە ئون يىلدىن كېيىن ئوتتۇرا ياشلىقلار قاتارىغا ئۆتىدىغان گەپ. ۋاقىت دېگەنمۇ بارغانسېرى تېز ئۆتىدىغان بوپقالدى، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە تۇرمۇشىمىزدا يۈز بەرگەن بەزى ئىشلارغا ئىككى-ئۈچ يىل بوپقالدى، بەش-ئالتە يىل بوپتۇ، دەپ قالىدىكەنمىز. كىچىك ۋاقىتلىرىمىزدا قىشنىڭ زىمىستان سوغۇقلىرىدا باھارنى، ئىللىق يازنى سېغىنىپ ناھايىتى تەستە شۇ كۈنلەرگە يېتەتتۇق. ھازىرقى كۈنلەردە ئارقىمىزدىن ئىت قوغلاۋاتقاندەك بىر خىل ئالدىراشلىق، قاتلاڭچىلىق ئىچىدە قاچان ياز كېلىپ، قاچان كۈز بولغىنىنىمۇ ئاڭقىرىپ بولغىلى بولمايدۇ. گاھ-گاھ سىرتلارغا شۇنداق قاراپ: دەرەخلەر كۆكىرىشكە باشلاپتۇ، ياز يېقىنلاپ قاپتۇ، دېگەنلەرنى خىيال قىلىمىز، ئارىدىن ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمىگەندەكلا قىشقالىدۇ. بىر چاغدا قارىسا، قىش كەپقالغان... مەنزىرىسى چىرايلىق جايلارغا

بېرىش، سەيلە قىلىش، دوستلار بىلەن دەريادىن بېلىق تۇتۇپ دەريا بويىدىلا كاۋاپ قىلىپ يېيىش، پىۋا بوتۇلكىلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان كۆپۈكلەرنىڭ بۇژۇلدىشىدىن ھۇزۇرلىنىش، خۇشھال كۈلكە - چاقچاق، قاملاشسا - قاملاشمىسا بار ئاۋاز بىلەن ناخشا توۋلاش. . . نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك. لېكىن ھازىر ھەممىمىز خالاپ - خالىماي، بىلىپ - بىلمەي ناھايىتى ئېغىر بوپىلارنى يۇدىۋالدۇق، خۇشھال كۈلكىمىز، ئەركىن - ئازادە، پاكىزە ھېس - تۇيغۇلىرىمىز ئاشۇ بوپىلارنىڭ تېگىدە قېلىپ، تۇنجۇقۇپ خاراب بولۇۋاتىدۇ. ئۇلۇغ-ئۇششاق ھەممىلا ئادەم جاھاننىڭ قانداقتۇ ئېغىر يۈكلىرىنى سۆرەپ ھالىدىن كېتىۋاتقاندەك پەرىشان، غەمكىن، ھارغىن كۆرۈنىدۇ. ئەدناسى، ئاشۇ كىچىككىنە ئوغلۇمنىڭ قەلبى بالىلىقنىڭ شادىمانلىقلىرىغا قانماي تۇرۇپ بۇ دۇنيانىڭ بوپىلىرىنى يۇدۇشقا مەجبۇر بولدى. بىچارىلەرگە بىر كۈندە ئالتە مۇئەللىم كىرىپ ئالتە خىل سوئال سوراۋاتقان، ئالتە خىل دەرس ئۆتۈۋاتقان، ئالتە خىل تاپشۇرۇق بېرىۋاتقان. . . ئەتىگەن - ئاخشاملىرى، ھەتتا شەنبە - يەكشەنبىلەردىمۇ باش كۆتۈرمەي بىرنېمىلەرنى ئۆگىنىۋاتقان، يادلاۋاتقان، تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتقان. . . بۇنىڭغۇ ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى دېيلى، لېكىن چەكتىن ئاشقان ھەر قانداق نەرسە ئەكس ئۈنۈم بەرمەي قالارمۇ. . . لېكىن بۇنىڭغا ئامال قانچە. . . سېزىپ تۇرۇپتىمەنكى، ئوغلۇم ھەركۈنى بىر خىل تەشۋىش، ئەندىشە، قورقۇش ئىچىدە مەكتىپىگە ماڭىدۇ.

چۈشلۈك دەم ئېلىشقا يەنە بىر سائەتتىن ئارتۇقراق ۋاقىت بار ئىكەن، ئايالىم كەلگىچە گۆش، كۆكتات دېگەندەك نېمىلەرنى ئېلىپ قوياي، دەپ پەسكە چۈشسەم، سەل نېرىدىكى سېمونت ئورۇندۇقتا قابىلكام گېزىت ئوقۇپ ئولتۇرۇپتۇ. پېنسىيىگە چىققان بۇ ئادەمنىڭ كۈنلىرى گېزىت ئوقۇش بىلەن ئۆتەتتى، جۇڭگونىڭ، دۇنيانىڭ ھەتتا بىزلەر نامىنى ئاڭلاپ باقمىغان ئاللىقانداق دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئەھۋاللىرىنى بۇ ئادەم ناھايىتى پىششىق بىلەتتى. دۇنيا ۋەزىيىتى ھەققىدە بىزنىڭ شەھەردە بۇ ئادەمچىلىك بىرنېمە بىلىدىغانلار بولمىسا كېرەك.

سالاملىشىپ ئۆتۈپ كېتەي، دەپ ئالدىغا باردىم.

- قانداق ئەھۋالىڭىز، قابىلكا؟

- ئەھۋالىم ئوبدان، ئۇكام. . . قاراڭ، ياۋروپادا يەنە ئۇرۇش پارتلاپتۇ، بۇ ئۇرۇشنىڭ شىددىتى پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدىن قېلىشمايدىغاندەك قىلىدۇ.

- شۇنداقمۇ، يەنە نېمە ئىش بولغاندۇ؟

- نېمە بولاتتى، زېمىن ماجىراسى بولمامدۇ. خۇدانىڭ زېمىنىنى ئانىسىدىن قالغان مىراسىنى تالاشقاندەك بىر-بىرىدىن تالىشىپ سوقۇشىدىغان گەپ. كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنىڭ يېرىنى بېسىۋالىدۇ، ئاندىن بوزەك بولغانلار قورال كۆتۈرۈپ چىقىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئادەم ئادەمنى ئۆلتۈرىدىغان ساراڭلىق باشلىنىدۇ.

- ئەجەب تۈگىمەي كەتتىغۇ بۇ ئۇرۇش - جېدەل دېگەن.

- شۇنى دەڭا، ھازىرقى قوراللار بەك ئىلغارلىشىپ كېتىپتۇ، گۇممىدە قىلىپ بىرنى ئاتسا، بىزنىڭ بىنادەك مۇشۇنداق يوغان، مۇستەھكەم قۇرۇلۇشلارمۇ ھەش - پەش دېگۈچە چاڭ - توزانغىلا ئايلىنىپ كېتىدىكەن. . . گاھىدا ئۇكام، ئاشۇ خەق ئاتقان بومبىدىن بىرەتى يېرىمى ئېزىپ-تېزىپ بىزنىڭ مۇشۇ بىناغىلا تېگىپ كېتەمدىكىن، دەپ ئەنسىرەپمۇ قالىمەن.

- قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىز، ئۇ ياۋروپا دېگەن نەدە، بىزنىڭ بۇ يەرلەرگە قانداق كەپقالىدۇ؟

- ھەر نېمىدەپ بولمايدۇ، قاراڭ، ھازىرقى قورااللارنىڭ دەھشىتىنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ.

- ئۇ خەقمۇ ئاتىدىغان يېرىنى تېپىپ ئاتار.

قابىلكامنىڭ گەپلىرىدىن كۈلۈپ قويدۇم، بۇ ئادەممۇ يوق ئىشلاردىن غەم يەپ يۈرىدىكەن، نەدە ئۇنداق ئىش بولسۇن، قىزىقچىلىق بولسۇن ئۈچۈن دەپ قويۇۋاتىدىغۇ تايىنلىق.

- سىزمۇ ئۆي بېزەشكە تۇردىڭىزمۇ؟ - دېدى قابىلكام ماڭماقچى بولۇپ تۇرسام.

- دېيىشىپ قويدۇم، - دېدىمەن.

- ئوبدان قىپسىز، ھازىر جاھان شۇنىڭغا يۈزلەندى، ئەينەك شىرە ئالدىڭىزمۇ.

- ياق.

- ئېلىڭ جۇمۇ، ئۇنى ئالمىسىڭىز قەتئىي بولمايدۇ. ھازىر ئۆيگە ئەينەك شىرە قويمىغانلار قاتاردىن چۈشۈپ قالغۇدەك. . .

نېمە دەيدىغاندۇ بۇ ئادەم، گېپىنىڭ ئۇرامىدىن يا چاقچاق قىلغىنىنى، يا راست سۆزلەۋاتقانلىقىنى ھېچ پەرق ئەتكىلى بولمايتتى.

- روزا ھېيتتا ئالدىنقى بىنادىكى تونۇشلارنىڭ ئۆيىگە ھېيتلاپ كىرسەك شۇ پاراڭ بولدى. پۈتۈن بىنادا ئىككى ئائىلە ھېيتلىق نازۇ-نېمەتلەرنى ئەينەك شىرەگە تىزماپتىكەن، ئۆيىگە باشقىلار ھېيتلىماپتۇ، ھېيتلىغانلارمۇ ئاغزىغا ھېچنېمە سالماي يېنىپ چىقىپتۇ.

- چاقچاق قىلماڭا قابىلكا، ھەرقانچە بولسىمۇ ئۇنداق ئىش يوقتۇ.

- چاقچاق قىلمىدىم، بۇ راست گەپ، ھازىر بولمىغان بولسا، كېيىن چوقۇم بولىدۇ. . . ھازىر دېگەن غەلىتە ئىشلار بەك تولا. ئۈچ-تۆت كۈننىڭ ئالدىدا مائاش ئالاي، دەپ ئىدارىغا بارسام، ئىشخانىدا بىر قىز ئولتۇرىدۇ، ئۆزى ناھايىتى قاملاشقان نېمىكەن، ئەمما، لېكىنزە بۇ كاساپەت ئۇڭ قۇلىقىنى

يەتتە يەردىن، سول قولىقىنى بەش يەردىن تېشىۋاپتۇ.

— مائىشنى، ئەمدى بۇ نېمە قىلىقتۇ...

— بىچارىنىڭ قولىقى قولاق بولغىنىغا تويۇپلا كەتكەندۇ. ئۇ بىرنېمىنى ئالىدىغان غوجام ئاشۇ تۆشۈكلەرگە قانداقمۇ ھالقا تۇشۇتۇپ بولار. يەنە كېلىپ ھازىر زىبۇ-زىننەت دېگەننىڭ ھەممىسى ئالتۇندىنلا بولىدىغان بوپكەتتى. ئالتۇن زىرە — ھالقا دېگەنلەرنىڭ تازا ئېغىرلىرىدىن ھەممە تۆشۈككە بىردىن تۇغرىلاپ ئاسىدىغان بولسا، قولاق دېگەن ئۈزۈلۈپلا چۈشەمدۇ تېخى.

— ھېلىمۇ خوتۇنلارنىڭ قولىقى تۆت ئەمەس، ئىككى بوپقالغىنى، — دېدىمەن چاقچاق قىلىپ.

— بۇمۇ ياش باللارنىڭ بەختى، ئۇكا. بولمىسا ئالتۇنغا ئىشلەپ بولالماي بىر ئۆمۈر بويتاق ئۆتۈپ كېتىدىغانلار ساماندەك چىقاتتى.

قابىلكام بىلەن خوشلىشىپ بازارغا ماڭدىم. بۇمۇ قىزىقلا سۆزلەيدىغان ئادەم، گېپىنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئەمما قانداقلا بىر گەپ ئاغزىدىن چىقىپلا كەتسە، گېپىنىڭ راستلىقىغا سىزنى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن كۆپ تىركىشىدۇ، گەپلىرىگە ئىشەنمەي دېسە تېخى، ئىشىنەي دېسە تېخى.

ئوتياش بازىرىنىڭ ئالدىدىكى بىر بۇلۇڭغا بىر نەچچە ئادەم دۆۋلىشىپ تۇرۇپتۇ، قارىسام 40 ياشلار چامىسىدىكى قارا ساقال بىرەيلەن دۇتار چېلىپ، ناخشا ئېيتىۋاتقانىكەن. يەتتە — سەككىز ئادەم ئۇنى چۆرىدەپ قاراپ تۇرۇپتۇ، بۇلار ناخشا ئاڭلاۋاتامدۇ ياكى ئۇنىڭ كۆپكۆندۈزدە قايناق بازاردا دۇتار چالغىنىغا قاراپ تۇرامدۇ، بۇنى بىلگىلى بولمايدۇ. بۇ ئادەمنىڭ چېلىۋاتقان دۇتارى ناھايىتى ئېسىل، قويۇق نەقىشلەنگەن دۇتاركەن، بۇ ئادەممۇ ئۆمەرجان ئالىمنىڭ ناخشىلىرىغا خېلى يامان ئەمەس تۇۋلاپ قويىدىكەن. تولا ئېيتىپ كەتكەنمۇ، ئاۋازى سەل بوغۇق ئىدى. چىرايى پاكىز، قاش-كۆزى جايىدا، ئۆزى تىمەن كۆرۈنەتتى. ئالدىدىكى داستىخانغا پارچە-پۇرات پۇللار تاشلاپ قويۇلغان، داستىخاننىڭ بىر تەرىپىدىكى كارتون قەغەزگە بىر بالىسىنىڭ ئېغىر پالەچ بوپقالغانلىقى، قېرىنداشلارنىڭ ياردەم قولىنى سۇنۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقى ئىپادىلەپ مۇراجىئەت يېزىپ قويۇپتۇ.

ئادەملەر ياشاش، ھاياتنىڭ مۇشەققەتلىرىنى يېڭىش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلمايدۇ. بۇ ئادەمنىڭ تاللىۋالغىنى مۇشۇ ئىش بولسا كېرەك. ئەگەر ئۇمۇ پۇلنى دېمىسە ئاشۇ ساقىلى، ئاشۇ بەستى بىلەن رەستىدە دۇتار چېلىپ، ناخشا تۇۋلاپ ئولتۇرماس ئىدى. موھتاجلىقنىڭ دەردى يامان، ئۇنىڭ بالام پالەچ ئىدى، دەپ يېزىپ قويغانلىرى راستتۇ ياكى يالغاندۇ، مۇھىمى ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغاش ئۈچۈن تاپقان چارىسى يامان ئەمەس بوپتۇ. بەزى ئادەملەر بۇ جاھاندا راھەت — پاراغەتتە، ھېچنېمىدىن قىسىلماي، بىر ئوبدان ياشاپ كېتىپ بارىدۇ، ئولتۇرغىلى كەڭ-كۇشادە قورۇ-جايلىرى، ئېسىل ماشىنا-پىكاپلىرى بار. ئاللاتائالا زۇۋۇلىسىنى چوڭ ئۈزگەن، دېگەن گەپ مۇشۇنداقلارغا قارىتىلغاندىمىكىن. ئۇلارنىڭ كۆڭلىرى خۇشھال، بەرىكەتلىك، خاتىرجەم ئۆتىدۇ، پېشانىسىدىن تەر ئاققۇدەك ئىشلىگىنىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. خۇدا بەخت-ئامەت دېگەننىمۇ بەرگۈسى كەلگەنلەرگە ئايىماي، سېخىيلىق بىلەن بېرىۋېرىدىغان ئوخشايدۇ.

چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا ئايالىم ئۆي بېزەش ئۈچۈن قىلغانلىرىمنى تولۇقى بىلەن سۈرۈشتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، كۆڭلى خېلى ئەمىن تېپىپ قالدىمۇ قانداق، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.

— ماۋۇ ئىشىڭىز خېلى جايىدا بوپتۇ.

— جايىدىغۇ بولدى، بىراق...

— بولدى، بولدى، ئەر كىشى دېگەن بىر ئىش قىلسا ئەمما، بىراق دېگەن گەپنى ئازراق قىلسا بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئەرلەرگە قويىدىغان ئۆلچىمى خېلى مەردانىلىقنى تەلەپ قىلىدىكەن، ئەممازە ئۇچۇشنى بىلىپ چۈشۈشنى بىلمىگەن بىلەر قاملاشمايدۇ-دە... تاپقان پۇلنىڭ تام-تورۇسلارغا چىققىنى ئاخىرزاماننىڭ ئالامەتلىرىدىن، دېگەن گەپنى ئاڭلىغاندىم. بۇنداق گەپلەر بىلەن بۇ خوتۇننى قايىل قىلىش مۇمكىن ئەمەس. بوپتۇ، بۇنىمۇ قىلىپ باقايلى، ئاخىرى بىر يەردىن چىقار.

كۆرۈنمەس بىر غەم — تەشۋىش، ئەندىشە بىلەن ھېچ ھالىم قالمىغاندەك ئىدى. بەلكىم قەرزدارلىق دېگەن ئادەمنى مۇشۇنداق بىزار قىلىپ، يەلكەڭدىن بېسىپ ئارام بەرمەيدىغاندۇ. مەنلا شۇنداقمەنمىكىن، دېسەم ھەممىلا ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىن شۇنداق بىر ئەنسىزلىك، خامۇشلۇق تۆكۈلۈپ تۇرغاندەك. گەدىنىمدىكى شۇ قەرزلەرنى تۆلەپ بولغان كۈنى مەن ئۈچۈن كاتتا بىر بايرام بوپكېتەرمىكىن، دەيمەن. ئەمما بۇ جاھاننىڭ كېتىۋېتىشىدىن قارىغاندا، ماڭا شۇ نەرسە ئايانكى ئۆي بېزەش، يەنە بىرنېمە، يەنە بىرنېمە دېگەنلەرنى قىلىپ بولغاندىن كېيىنمۇ يەنە ئارامچىلىق بولمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. يەنە يېڭى-يېڭى ئىشلار چىقىدۇ، يېڭى — يېڭى مودىلار شەكىللىنىدۇ، ئۇنى قوغلىشىدىغان گەپ. ئۇنىڭغا يېتىشىپ ئۇھ دېيىشكە ئۈلگۈرمەي تۇرۇپلا يەنە ئاللىقانداق ئىشلار مەيدانغا كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن پالاقشىيمىز. خۇدا بىزگە ئۆمۈرنى مۇشۇنداق ئىشلار ئۈچۈن بەرگەنمىدى. بىر قارىسا ھەممىلا ئادەمنىڭ ئىش يۈزىدە ئۆز كونتروللۇقىنى يوقىتىپ، بىر-بىرىنى دوراپ يۈرگىنى قىزىق، ئەقىل-ھوش دېگەن گەجگىگە ئۆتۈپ قالغاندەك.

قاسناقلىرى قويۇق گۈل-گىياھلار، دەرەخلەر بىلەن قورشالغان كەڭرى يول، ئادەملەر شالاڭ، ئۇچرىغانلا ئادەمنىڭ ـ قېرى-ياش، چوڭ-كىچىك، ئەر-ئايال ھەممىسىنىڭ چېھرىدە قانائەت ۋە شادىمانلىقنىڭ تاتلىق تەبەسسۇمى پارلاپ تۇرىدۇ. بۇ ئادەملەرنى ناھايىتى ئىلگىرىكى بىر زامانلاردا كۆرگەندەكلا ھېس قىلىپ قالدىم. يەنە بىر قارىسام، تونۇمايدىغاندەكمۇ قىلىمەن. ئىشقىلىپ، ئۇلارنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشىدىكى مەغرۇرلۇق، ھەرىكىتىدىكى ئازادىلىك ۋە شادىمانلىق شۇ قەدەر ساپ. . .

كېتىۋېتىپ شۇنداق يولغا قارىسام، ساپلا 100كويلۇق، 50كويلۇق پۇللار چېچىلىپ ياتىدۇ، پۇتكول كوچىنى پۇل قاپلاپ كەتكەندەك، پۇللار شۇنداق يېڭى، شۇنداق پاكىز، ھەممىسى نۇر چېچىپ تۇرىدۇ، ئەمما كېتىۋاتقان بۇ ئادەملەر ئۇ پۇللارنى كۆرمىگەندەك بىرەرسىمۇ ئېرەن قىلىپ قويمايدۇ. بۇ نېمە ئىشتۇ، ساراڭ خەقمۇ نېمە بۇ، بىرەرسىمۇ بۇ پۇللارنى ئېلىۋالىدىغاندەك ئەمەسقۇ.

ئەتراپقا ئالاڭلاپ قارىدىم، كىشىلەر بىخەۋەر، ھېچنېمە كۆرمىگەندەك، ھېچ ئىش بولمىغاندەك، يەنە شۇ ئازادە، شادىمان يۈرۈشلىرى بىلەن خىرامان كېتىشىۋاتاتتى. يول ئۈستىدىكى پۇللار كۆزۈمگە شۇ قەدەر چىرايلىق، نۇرلۇق كۆرۈنۈۋاتاتتى. پۇللار كۆلۈمسىرىمەكتە، كۆز قىسىپ ئەركىلەپ مېنى ئۆزىگە تارتماقتا ئىدى. ئادەم بولۇپ تۆرەلگىنىمدىن بۇيان ماڭا بۇنداق ئىللىق، بۇنداق مېھرى ئىسسىق نەرسە كۆرۈنۈپ باقمىغاندەك ئىدى. مەن خۇددى بۇ پۇللارنىڭ ھەممىسى ئىلكىمگە ئۆتۈپ كەتكەندەك سىغدۇرغۇسىز خۇشاللىق ئىچىدە ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويۇۋاتاتتىم.

شۇ ئارىدا يېنىمدا بىر بوۋاينىڭ ماڭا قاراپ تۇرغانلىقىنى سېزىپ ئالدىغا باردىم. بوۋاينىڭ كۆزلىرىدە ئۆلۈم ئالدىدىكى قەلەندەرگە ھېسداشلىق قىلغاندەك بىر تۇيغۇ ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

ـ بوۋا، بۇ پۇللار كىمنىڭ؟ ـ سورىدۇممەن بوۋايدىن.

ـ كىم بىلىدۇ، بەلكىم ئادىمىيلىكىگە قايتقان بىرەرسىنىڭ ئېھتىياجىدىن ئېشىپ قالغان پۇللىرى بولۇشى مۇمكىن. . .

ـ ماۋۇ كېتىۋاتقانلار بۇ پۇللارنى نېمىشقا تېرىۋالمايدۇ؟

ـ تېرىۋېلىپ نېمە قىلىدۇ، ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە لايىق بار، ئۆز ئېھتىياجىڭدىن تاشقىرى نەرسىنى كۆتۈرۈۋالساڭ سەندىن خۇشاللىق، ئازادىلىك قاچىدۇ. ئادەم دېگەن مەردانە، خۇشال ياشاش ئۈچۈن نەپسىنىڭ قۇلى بولماقتىن ساقلىنىشى كېرەك. بۇ دېگەن قانچىلىك نېمىدى. . .

«ئالجىپسەن. . . دېگەنلىرىڭ قۇرۇق گەپ، ماڭا مۇشۇ پۇللار بولسىلا ئاندىن خۇشاللىق نېسىپ بولىدۇ. كۆتۈر ئۇنداق گەپلىرىڭنى. »

مەن يولدا ئۈمىلەپ يۈرۈپ پۇللارنى يانچۇق، قويۇنلىرىمغا تىقىشقا باشلىدىم. يانچۇقلىرىم تومپىيىپ، قويۇنلىرىم توشۇپ كەتتى. . . ئەمما پۇللار يولدا تېخىچە ناھايىتى كۆپ ئىدى. بۇنچىۋالا پۇلنى قاراپ تۇرۇپ تاشلىۋېتەمدىم. مەن دەرھال ئىشتىنىمنى سېلىپ، پۇچقاقلىرىنى بوغۇپ، پۇل چىڭداشقا باشلىدىم. پۇللاردىن خۇشبۇي ھىد كېلەتتى. پۇللار شۇنداق ئىسسىق، يېقىملىق ئىدى. ئىشتانمۇ پۇلغا لىق تولدى.

ـ دادا، ـ بۇ، ئوغلۇمنىڭ ئاۋازى ئىدى، بۇرۇلۇپ قارىسام ئوغلۇم ھېلىقى ئېغىر سومكىسىنى يۆدۈپ قاراپ تۇرۇپتۇ، ماڭا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى.

ـ دادا، ئىشتىنىڭىز قېنى؟

ـ بولدى سورىما. ماۋۇ پۇللارنى كۆرمەيۋاتامسەن. . . پۇل بولسىلا ئىشتاننىڭ نېمە كېرىكى.

ئوغلۇم يولدىكى سان-ساناقسىز، كۈلۈمسىرەپ تۇرغان پۇللارغا قاراپلا قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى جامدەك ئېچىلغانىدى.

ـ بۇ پۇللارنى بىز ئېلىۋالامدۇق؟

ـ ئەلۋەتتە، بالام. قانچە كۆپ ئېلىۋالساق شۇنچە ياخشى.

ـ بىراق بۇ پۇللار بىزنىڭ بولمىسا. مۇئەللىم بىزگە خەقنىڭ نەرسىسىنى ئېلىۋالماڭلار، دېگەن.

ـ قوي ئۇنداق قۇرۇق گەپنى. سەندەك چېغىمدا مۇئەللىملەر ئۇنداق گەپنى ماڭىمۇ تولا دېگەن. . . ـ ئۇنىڭغا بىرنېمىدەپ ئولتۇرۇشقا رايىم بارماي، ئۆز ئىشىم بىلەن بوپكەتتىم.

ـ ئاھ، خۇدا، نىجاتلىق بەرگىنىڭگە رەھمەت، ـ بۇ، ئايالىمنىڭ ئاۋازى ئىدى. قارىسام سەل نېرىدا ئايالىم يەرگە چاپلىشىپ ئولتۇرۇپ پۇل يىغىشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدە كاسىداق بىلەن باغىرداقلا بار ئىدى. ئۇمۇ ئەقلىنى ئىشلىتىپ كوپتا، يوپكىلىرىغا لىققىدە پۇل چىڭداپ بوپتۇ. ئايالىم قوللىرىدىكى تۇتام-تۇتام 100كويلۇق پۇللارنى پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن سۆيەتتى، باغرىغا باساتتى. ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەندىن باشلاپ ھازىرغىچە بۇ خوتۇننىڭ ئېرى بولغان مېنى بىرەر قېتىم مۇشۇنداق ئىشتىياق بىلەن سۆيۈپ باققىنىنى بىلمەيمەن. ئايالىم تۇتام-تۇتام پۇللارنى يوپكا، كوپتىلىرىنىڭ ئايىغىنى بوغۇپ ياسىۋالغان قاپلارغا توختىماي چىڭداۋاتاتتى. ئۇ نېمىلەرمۇ توشتى، ئەمدى يىڭنە چاغلىق بىر نېمە پاتمىغۇدەك ھالدا چىڭدىلىپ توشۇپ كەتكەنىدى. مەن ھاڭۋاققىنىمچە ئۇنىڭغا قاراپلا قالدىم. بىر ياقتا ئوغلۇم ئاپىسى بىلەن ماڭا چەكچىيىپ قاراپ تۇرۇپتۇ، ھېلىقى ئېغىر سومكىسىنى مەھكەم قاماپ تۇتۇۋاپتۇ. ئايالىم يوپكا، كوپتىلىرىدىن قىلغان قاپلىرىغا ئەمدى بىرنېمە سىغمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى بولغاي، ئوت چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى ئوغلۇمنىڭ قولىدىكى سومكىغا

چۈشتى-دە، ئېتىلىپ بېرىپ سومكىنى قولىغا ئالدى ۋە ئىچىدىكى دەپتەر-كىتابلارنى پىرقىرىتىپ تاشلاشقا باشلىدى. ئوغلۇمنىڭ كىتاب-دەپتەرلىرى ھاۋادا لەيلەپ قالدى ۋە بىر-بىرلەپ نېرىدىكى ئەخلەت ساندۇقىغا كىرىپ كېتىشكە باشلىدى.

— كىتابلىرىم... — ئوغلۇم يەرگە دەپسىنىپ ۋارقىراپ كەتتى.

— پۇلنىڭ ئالدىدا ئۇنداق قەغەزلەر نېمىگە ئەسقاتاتتى... — ئايالىم شۇنداق دېگەچ بىكار بولغان سومكىغا يولدىكى پۇللارنى سۈپۈرۈپ دېگۈدەك سېلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى شۇنداق چاققان، شۇ قەدەر تېز ئىدى.

سومكىمۇ توشتى. ئايالىم دەرھال باغىرىدىقىنى يەشتى، ئۇنىڭغىمۇ پېتىشىچە پۇل تىقىپ تۈگۈپ قويدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ پۈتكۈل دۇنيانى يالماپ يۇتۇپ كېتىدىغاندەك قورقۇنچلۇق چاقناپ كەتكەنىدى. ئۇ، كاسىدىقىنى سالماقچى بولغاندەك قولىنى بېلىگە ئاپاردى، مەن شۇ چاغدا ئۆزۈمنى تۇتالماي ۋارقىرىدىم:

— ھوي، نومۇس قىلساڭچۇ، ماۋۇ دېگەن كوچا.

— ئىشىڭنى قىل، پۇل مۇھىممۇ، نومۇسمۇ؟ ماڭا پۇل ھەممىدىن مۇھىم، پۇلدىن باشقا نەرسە كېرەك ئەمەس.

— قوغلاڭلار ماۋۇ نومۇسسىزلارنى!

شۇنداق قارىسام، بىر توپ ئادەم بىز تەرەپكە دۈپۈرلۈشۈپ كېلىۋېتىپتۇ، ھەممىسىنىڭ قولىدا كالتەك، چوماق دېگەندەك نېمىلەر بار ئىدى.

— چاپسان قاچايلى، ئىش چاتاق...

مەن لىق پۇل قاچىلانغان ئىشتىنىمنى بوينۇمغا ئارتىپ، بىر قولۇمدا قىپيالىڭاچ بولۇۋالغان ئايالىمنى، بىر قولۇمدا ئوغلۇمنى تارتىشتۇرۇپ يۈگۈردۈم. ئايالىم سىلكىنىپ، سۆرۈلۈپ قولۇمدىن چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنۇۋاتاتتى.

— ئاۋۇ پۇللارنى ئېلىۋالايلى، مېنى قويۇۋەت.

— كۆرمىدىڭمۇ؟ ئاۋۇ خەق ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، چاپسان قاچايلى.

— ئۆلتۈرۈۋەتسە مەيلى، ماڭا پۇل لازىم.

ئىشتانغا قاچىلانغان پۇللار ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ، بارغانسېرى يۈگۈرۈش تۇگۇل، ماڭالمايلا قېلىۋاتاتتىم. قارىسام، ئوغلۇممۇ، ئايالىممۇ ماڭا ئوخشاش قارا تەرگە چۆمۈپ كېتىپتۇ... ئۈستۈمدىكى پۇللار قەدەمسېرى ئېغىرلاپ، قورام تاشتەك ئۈستۈمدىن بېسىشقا باشلىدى. ئەمدى ئېلىۋەتمىسەم بېسىلىپ ئۆلىدىغان ئوخشايمەن... مەن ئۈستۈمدىكىنى ئېلىۋەتمەكچى بولۇپ، شۇنچە كۈچىسەممۇ، پۇل لىقلانغان ئىشتان ئېغىرلىشىپ ئۈستۈمدىن زادىلا ئالالمىدىم، دېمىم سىقىلىپ تىنالمايلا قالدىم... جېنىم چىقىپ كېتىدىغاندەكلا قىلاتتى.

— ۋايجان، ئۆلىدىغان بولدۇم خوتۇن، ئۈستۈمدىكى پۇللارنى ئېلىۋەت.

قولۇم بىر نەرسىگە قاتتىق ئۇرۇلدى، بىر قول مۈرەمدىن سىلكىشلەۋاتاتتى. شۇ چاغدىلا خارتىدە بىر تىنىپ كۆزۈمنى ئاچتىم. يۈرىكىم گۈپۈلدەپ سوقۇۋاتاتتى، چىلىق - چىلىق تەرلەپ كېتىپتىمەن، تىنىقىمتىنىقىمغا ئۇلاشمايۋاتاتتى.

— نېمە بولدى، — دېدى ئايالىم ئۇيقۇلۇق ئاۋازدا، — ئەجەب سەت ۋارقىرىدىڭىزغۇ ئادەمنى قورقۇتۇپ.

— مېنى قارا بېسىپتۇ، — دېدىمەن ھاسىراپ تۇرۇپ، — بالىغا قاراپ بېقىڭ.

— ئۇ بىر ئوبدان ئۇخلاۋاتىدۇ، نېمە بولدى؟

— سىزنىمۇ قارا باستىمۇ؟

— ياق!

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۈستىۋېشىمدىكى تەرلەرنى سۈرتۈۋەتتىم. ئەجەب بىر چۈش كۆرۈپتىمەنا... مۇنداقمۇ چۈش بولىدىكەن، تۇۋا قىلدىم.

دېرىزىنى ئاچتىم، كېچە قاپقاراڭغۇ ئىدى. ئۆيگە ياز كېچىسىنىڭ ساپ-سالقىن ھاۋاسى كىردى. كۆز ئالدىمغا بايا چۈشۈمدە كۆرگەن ساناقسىز پۇللار، ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ قىرىنى سېلىپ قويماي مېڭىۋاتقان ئادەملەر، ھېلىقى بوۋاي، يەنە ئايالىم، ئوغلۇم ۋە مېنىڭ ئېچىنىشلىق قىياپەتلىرىم كېلىۋالدى. بۇ تازىمۇ غەلىتە، قاملاشمىغان چۈش بولدى. بۇنداق چۈشلەرنى بىراۋلارغا سۆزلەپ يۈرگۈلۈكمۇ ئەمەس. بولمىسا خەقنىڭ مەسخىرە-مازاقلىرىغا قالىدىغان گەپ.

كۈن بويى كۆڭلۈم غەش يۈردۈم، ھە دېسىلا ھېلىقى چۈشۈم ئېسىمگە كېلىۋالاتتى. باشقىلارمۇ مۇشۇنداق چۈشلەرنى كۆرەمدىغاندۇ، كۆرسىمۇ خەق بىراۋغا دەپ يۈرمەيدۇ، ھازىر پۇل، مال-دۇنيا دېگەن ئادەملەرنىڭ روھىنى چىرماپ كەتكەن زامان... بەلكىم نۇرغۇن ئادەملەر مەندىنمۇ ئۆتە غەلىتە چۈشلەرنى كۆرۈدىغاندۇ.

كەچتە ئىشتىن چۈشۈپ كەلسەم، قابىلكام يەنە ھېلىقى سېمونت ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ گېزىت ئوقۇغىلى تۇرۇپتۇ، مېنى كۆرۈپ سالام قىلغاچ يېنىغا چاقىردى:

— كېلىڭە، بىردەم ئولتۇرايلى.

قابىلكامنىڭ يېنىغا كەلدىم، ئۇنىڭ چۈپۈر قاشلىرى ئاستىدىكى ھەييار كۆزلىرى ئويناپ تۇراتتى.

— ئۆي بېزەيدىغان ئىشلار قانداق بولدى؟

— پۇل غەملەۋاتىمەن، ئۇستىلار خەۋەر قىلساملا كېلىپ ئىشلەيدىغان بولدى.

— ھەي، ئۇكام، نېمە بوپكېتىۋاتىمىز دەيمەن. ئىلگىرىكى زامانلاردا سوقما تاملىق پاكار ئۆيلەردە ئولتۇرۇپمۇ كۆڭۈل توق، خاتىرجەم كۈن ئالاتتۇق، ھازىر نېمە بولدى دەيمەن، ھۆكۈمەت بىر چىرايلىق

ئۆيلەرنى سېلىپ بېرىۋاتسىمۇ يەنە بېزەيمىز، دەپ خەقنىڭ شۇنچە ئاۋارە بوپكېتىۋاتقىنىنى كۆرسەم ھەيران قالىمەن. ئاتاڭ كېسەل، پۇل تاپشۇرمىساڭ دوختۇرغا ئالمايمىز، دېسە، ئىككى يېنىغا قارىماي، مانا دەپلا مىڭ كوي تاشلىيالايدىغان ئەركەكتىن نەچچىسى قالغاندۇ. تاپقاننى تامغا، پولغا، تورۇسقا چاپلاپلا يۈرۈۋاتىمىزغۇ. كېيىنكى كۈنلەردە ئەقلىدىن ئازغان بىرەر ساراڭ ئۆينىڭ پولىغا ئالتۇن يېيىتسا، ھەممەيلەن شۇنى قىلارمىكىن دەيمىنا.

- ھەرقانچە بولسىمۇ ئۇنداق بوپكەتمەس، - دېدىمەن قابىلكامنىڭ بۇ گېپىدىن ھەيران بولۇپ، - ھەرقانچە بولسىمۇ خۇدا كۆڭلىمىزگە ئىنساپ بېرەر، قابىلكا.

- ئالتۇننىڭ گېپى چىقىۋىدى، بىر ئىش ئېسىمگە كەپقالدى، - دېدى قابىلكام، - تۆۋەنكى مەھەللىدە رەۋشەن توقال دەيدىغان بىر خوتۇن بار ئىدى، ياش ۋاقتىدا كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان نېمىدى، ئاڭلىسام، يېقىندا شۇ خوتۇننىڭ پۈتۈن بەدىنى ئالتۇنغا ئايلىنىپ كېتىپتىمىش.

- نېمە دەيدىغانسىز قابىلكا، - مەن قابىلكامغا قاراپ چەكچىيىپلا قالدىم. بۇ ئادەم تولا بىر نېمىلەرنى خىيال قىلىپ ئالجىپ قالدىمۇ نېمە.

- ئىشەنمەيۋاتىسىز - ھە. مەنمۇ خەقتىن ئاڭلىدىم. بۇ، رەۋشەن دېگىنىمىز ئىلگىرى ئۆتكەن كاتتا باي ئالاۋىدىن قوچقارنىڭ توقلى ئىدى. كېيىن ھۆكۈمەت ئالاۋىدىنباينىڭ جىمى مال-بىساتىنى، قورۇ - جايىنى مۇسادىرە قىلىۋالغان. ئۇ زامانلاردا بىزلەر كىچىك، مەنمۇ ئۇ باينىڭ قورۇ - جايىنى كۆرگەن، ئالامەت ئىدى، ئادەم ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتۈشكىمۇ ئەيمىنەتتى. سەككىز - ئون يىلنىڭ ئالدىدا ھۆكۈمەت ئاشۇ قورۇ - جايىنى پۇلغا سۇندۇرۇپ قايتۇرغانىكەن، بىر پاتمان پۇل كەپتۇ. ئالاۋىدىنباينىڭ مىراسخورلىرىدىن شۇ رەۋشەن توقاللا قاپتىكەن. بۇ خوتۇن: ئىلگىرى كىم دېسە، ئالاۋىدىنباينىڭ خوتۇنى، دەپ چوڭ ئۆتكەن ئادەملەر ئىدۇق، كېيىن خەقنىڭ بىزگە قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان، مانا ئەمدى، خۇدايىم بەرسە خۇدابەردىكام غىڭ قىلالماپتۇ، دېگەندەك ئىش بولدى. خەقنىڭ شۇ تاپتا ماڭا كۆزى قىزارغىلى تۇرۇقلۇق، ئەمدى كۆرسۇن قانداق قىلىدىغىنىمنى، دەپ ئون بارماق، ئىككى قۇلاق، بىر بويۇن، ئىشقىلىپ، ئالتۇن زىبۇ-زىننەت ئاسقىلى بولىدىغانلا يەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئالتۇن بىلەزۈك، ھالقا، ئۈزۈك دېگەن نېمىلەر بىلەن تولدۇرۇپ بوپتىمىشكەن. يەنە تېخى بۇ خوتۇن ئاللىبۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن ئېرىنىڭ قەبرىسىنى ناھايىتى ھەشەمەتلىك ياسىتىپمۇ ئۈلگۈرۈپتۇ. مەنغۇ كۆرمىدىم، خەقتىن ئاڭلىسام ئۇ قەبرىنى ناھايىتى ھەيۋەتلىك دەيدۇ. رەۋشەن ئالتۇن زىبۇ-زىننەتلىرىنى كۆز-كۆز قىلغىلى كوچىدىن كىرمەيدىغان بوپقاپتىكەنمىش، خەقلەر ئۇنىڭغا: «رەۋەك ئالتۇن» دەپ لەقەممۇ قويۇپتىكەن. يېقىندا بۇ خوتۇن ئالجىغانمۇ قانداق، ئالتۇننى سوقۇپ ئۇۋۇتۇپ، ئالتۇن سۈيى تەييارلاپ، شۇنى ئىچىدىغان خۇيىنى چىقىرىۋاپتىكەن، خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن بىر كېچىدىلا پۈتۈن ئەزايى ئالتۇنغا ئايلىنىپ كېتىپتىمىش.

- تۈۋاما ئىشنى، ئۆلۈپتۇ ئەمەسە ئۇ خوتۇن.

- ياق، تىرىكمىش. بۇرۇن، قۇلاقلىرىنى چېكىپ باقسا شۇنداق چىرايلىق جىرىڭشىپ كېتەرمىش، پەقەت كۆز قارىچۇقلىرىلا ئالتۇنغا ئايلانماي پارقىراپ تۇرارمىش، بەش-ئالتە ئادەم ئىنجىقلاپ يۆرۈپ ئورنىدىن ئاران يۆتكەيدۇ دەيدۇ.

- ئاش-تائام يەمدىغاندۇ، - دېدىمەن.

- يەيمىش. ئاغزىنى ئامبۇر، ئاتۆۋرىكا دېگەندەك نېمىلەر بىلەن قايرىپ ئېچىپ بىرنەرسە يېگۈزەرمىش.

- خۇدايا تۇۋا، ئەجەب بىر ئىش بوپتىغۇ.

- ئۆمرىمىز بولسا تېخى نى ئىشلارنى كۆرىمىز، ئۇكام. ئادەملەر ئەقلىدىن ئېزىپ غەلىتە بوپكېتىۋاتىدۇ. تېخى بىر كۈنلەردە ئاشۇ رەۋشەن تىنىقتىن قالسا، ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئۇ خوتۇننى جىگلاپ، تەڭ پارچىلاپ مىراس بۆلۈشمىسە ھېساب ئەمەس.

قابىلكام بىلەن خوشلىشىپ ئۆيگە قايتىپ چىقتىم. بۇ ئادەمنىڭ دېگەنلىرى راستىمدۇ؟ جاھاندا غەلىتە ئىشلار بولغىلى تۇردى. ئۇ خوتۇن راستىنلا ئالتۇنغا ئايلىنىپ كەتكەن بولسا، بۇنىڭ ئۆزى تولا ئېچىنىشلىق بىر ئىش ئەمەسمۇ؟

ئايالىم ئاشخانا ئۆيدە تاماق ئېتىش بىلەن ھەلەك ئىدى. ئوغلۇم نېرىقى ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتاتتى. مۇشۇ ھالدا ئائىلىمىز مىڭلىغان ئائىلىلەرگە ئوخشاش نورمال، ھېچبىر ئەجەبلەنگۈدەك يېرى يوقتەكلا ئىدى. ئەمما بىر قارىسام، قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىز تولىسى ئەسلى مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك ئەمەستەك بىر تۇيغۇ ئىچىدە كۆڭلۈم پاراكەندە ئىدى.

ئايالىم ئوغلۇمنى چاقىرغاچ ئالدىمغا تاماق ئەكەلدى. چۈشۈمدە كىيىملىرىنى سېلىپ ئىچىگە پۇل لىقىلىغان، پۇلنى باغرىغا بېسىپ سۆيۈپ كەتكەن خوتۇن شۇمىدۇ. ئوغلۇمنىڭ كىتابلىرىنى پىرقىرىتىپ تاشلاپ، سومكىسىغا پۇل سالغاندىكى قىياپەتلىرى نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق.

- نېمە ماڭا كۆرمىگەندەك قاراپ كەتتىڭىز..

. - ئۇنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ كەتتىم، خىيال بىلەن بوپكېتىپ ئۇنىڭغا تىكىلىپلا قالغان ئوخشايمەن.

- ئاڭلىدىڭىزمۇ، تۆۋەنكى مەھەللىدىكى رەۋشەن توقال ئالتۇنغا ئايلىنىپ كېتىپتىمىش.

ئايالىم ماڭا لەپپىدە قاراپ قويۇپ شۇنداق دېدى:

- دېگىنىڭىز راست بولسا، ئۇ خوتۇن قالتىس تەلەيلىككەن، خۇدايىم بېرىپتۇ.

– ما گەپنى. ئويلاپ بېقىڭا، بىر ئادەم تۇرۇپلا بىر مىتالغا ئايلىنىپ، بۇتقا ئوخشاپ قالسا، بۇنى قانداق تەلەي دېگىلى بولسۇن.

– ئۇ، لاي ياكى تاشقا ئايلانماي ئالتۇنغا ئايلىنىپ قاپتۇ ئەمەسمۇ؟ ئالتۇننىڭ نېمىلىكىنى بىلمىدىغانسىز؟

ئۇنىڭ ھەيران قېلىشىنىڭ ئورنىغا تەئەددى بىلەن قىلغان سۆزلىرى مېنى تاڭ قالدۇردى. ئۇ مېنى تەنە قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ مۇشۇنداق دەۋاتامدۇ-يا؟

ئۇخلاشقا ياتقاندىمۇ يەنە شۇ ئالتۇنغا ئايلىنىپ كەتكەن رەۋىخان توقال، ئاندىن كېيىملىرىگە پۇل لىقلاپ يالىڭاچ قالغان ئايالىم بىلەن ئىككىمىز خىيالىمغا كىرىۋېلىپ، ئېغىر تۇيغۇ، قالايمىقان ئوي-پىكىرلەر بىلەن كاللام ۋاڭشىپلا كەتتى. شۇ كېچىسى يەنە بىر چۈش كۆرۈپتىمەن: شاھانە بىر قورۇنىڭ پېشايۋىنى ئاستىدا ئولتۇرغىدەكمەن، نۇرغۇن كىشىلەر پېشايۋاننىڭ ئالدىدا تاماقلىرىنى چېكىلدىتىپ ئۆيۈمنى ماختىغۇدەك. قايسىبىرلىرى: بۇ ئۆي ئۆتمۈشتىكى ئالاۋىددىنباينىڭ قورۇ-جايىدىن ئون ھەسسە كاتتا بوپتۇ، دېسە، يەنە بەزىلىرى 20 ھەسسە ئېسىل بوپتۇ، دېگىدەك. يەنە بەزىلىرى بۇ ئۆينى چۆچەك - رىۋايەتلەردىكى ئېرەمباغدىن قېلىشمىغۇدەك، دەپ ماختاشقۇدەك. بىر بۇلۇڭدا بىر قېرى ئايال بىلەن بىر ياشانغان ئادەم چىرايى ئۆمسە، غەلىتىلا بىر ھالدا يىغلاپ ئولتۇرغىدەك. مەن ئۇلارنى رەۋىخان توقال بىلەن ھېلىقى ئىسمايىل بەسخور دېگەن كىشى مۇشۇلاركەن دېگۈدەكمەن. ئۆزۈمنى تاشتەك ئېغىر سېزىپ، مىدىر - سىدىر قىلالماي ئورنۇمدىلا ئولتۇرغىدەكمەن، بەزى كىشىلەر بۇرۇن، قۇلاقلىرىمغا چېكىپ باققۇدەك. ھەربىر چەككەندە شۇنداق يېقىملىق جىرىڭلىغان ئاۋاز چىققۇدەك. سەل نېرىدا ئايالىم ناھايىتى ئېسىل بىر كۆرسىدا پۈتۈن ئەزايى - بەدىنىدىن نۇر چاقنىغان ھالدا ئولتۇرغىدەك، ئۇنىڭمۇ پۈتۈن بەدىنى ئالتۇنغا ئايلىنىپ كەتكەندەك. . . مەن ئۇنىڭغا: ھەي، سەن رەۋىخان توقالمۇ ياكى مېنىڭ خوتۇنۇممۇ، دېگۈدەكمەن. ئۇ ماڭا: خۇدايىم مۇرادىمىزغا يەتكۈزدى، مۇشۇنچىۋالا ئېسىل ئۆي - ئىمارەتنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ، ئەمدى ئۆيلىرىمىزنى بۇنىڭدىنمۇ كاتتا ياسايدىغاننىڭ تەييارلىقىنى قىلايلى، سىز ئەتىلا مۇشۇ ئىشقا مېڭىڭ، دېگۈدەك. مەن ئەر-ئايال ئىككىمىزنىڭ ئالتۇنغا ئايلىنىپ كەتكىنىمىزنى بىلىپ يۇم-يۇم يىغلاپ كەتكۈدەكمەن، ھېچكىم يېشىمنى سۈرتمىگۈدەك. شۇ ئارىدا كېچىك بىر بالا: بۇ ئەجەب نامرات ئائىلىكەن، شۇنچە قاراشتۇرسام بىرەر پارچە كىتاب، ئەقەللىيسى گېزىت چاغلىق بىر نېمە چىقمىدى، دەپ ۋارقىرىغۇدەك. قارىسام ئۇ مېنىڭ ئوغلۇمكەن. مەن بىرنېمە دەپ بولغىچە ئۇ ئادەملەر ئارىسىدىن يېرىپ ئۆتۈپ سىرتقا قېچىۋاتقۇدەك. مەن: ئوغلۇمنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار، دەپ جان-جەھلىم بىلەن ۋارقىرىغۇدەكمەن. ئوغلۇمنىڭ يىغا ئارىلاش: قۇتۇلدۇرۇشقا تېگىشلىك ئادەم مەن ئەمەس، سىلەر، دېگەن ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى، ئەمما ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرەلمىدىم.

بىر ھەپتىدىن بۇيان مۇشۇنداق قالايمىقان چۈشلەرنى تولا كۆرۈۋېرىپ، بارغانسېرى روھىم چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى، كۈنلىرىم قانداقتۇ بىر ئىشلاردىن خەۋپسىرىگەندەك، قورققاندەك ئەندىكىش، چۆچۈش ئىچىدە ئۆتۈۋاتاتتى. يالتىراق پەنەركە، ئەينەك، يەنە ئاللىقانداق بىرنېمىلەر بىلەن بېزەلگەن ئۆيۈم كۆزۈمگە تار-قىستاڭ، سوغۇق كۆرۈنەتتى، يەنە بىر قارىسام، ئۆي ئەمەس، كېچىلىك بەزمىخانىلارنىڭ سىرلىق، يىرگىنىشلىك ئىشلار يۈز بېرىدىغان مەخپىي، ئايرىم خانىلىرىغا ئوخشاپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۆينىڭ تام-تورۇسلىرى تۇساتتىن ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، ئۇستۇمدىنلا بېسىپ يانجىپ تاشلايدىغاندەك بىر ئىش مېنىڭمۇ بېشىمغا كېلىدىغاندەك ۋەھىمىلىك تۇيغۇ كۆڭلۈمنى قاپلاپ باراتتى. بۇنداق تۇيغۇ ئۇلۇشكۈن كەچتە قابىلكام بىلەن ئىسمائىلكامنىڭ ئېچىنىشلىق ئۆلۈمى توغرىسىدا پاراڭلاشقىنىمدىن كېيىن تېخىمۇ ئەدەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلۇشكۈن كەچتە كەچلىك تاماقتىن كېيىن شامالداپ كىرەي، دەپ پەسكە چۈشسەم قابىلكام بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ قالغانىدىم.

– ئۆلۈپ تۈگەيدىغان جاھان-دە بۇ، ئۇكام، – دېدى قابىلكام، – ئىسمائىلنىمۇ بارىدىغان يېرىگە ئاپىرىپ قويدۇق مانا.

– قايسى ئىسمائىلنى دەيسىز؟

– ھېلىقىچۇ، ئۆي – جايىنى شەھەر بويىچە ھەممىدىن كاتتا سېلىۋالغان ئىسمائىل بەسخورنى دەيمەن.

– كېسەل بىلەن قازا قىپتىمۇ؟ نامىزىغىمۇ بارالماپتۇق.

– ئۆزىغۇ سەل ئەقلىدىن ئازغىنىپ قالغاندەكمۇ بوپقالغان، بىچارىنى گۆر بېسىۋاپتۇ.

– گۆر بېسىۋاپتۇ، دەمسىز؟ – مەن قابىلكامنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدىم، – ئەجەب بىر ئۆلۈم بوپتىغۇ بۇ.

– شۇنى دەڭا. ھازىرقى ئادەملەرمۇزە، دەپ كەلسەم رەھمەتلىك بىلەن ساۋاقداشلاردىن ئىدۇق. يېقىنقى بىر-ئىككى يىلدىن بۇيان سۆزلەپ قاپتىكەن، ئۇچرىشىپ قالساق گەپنىڭ بېشى چىقار-چىقمايلا قورۇ – جايىنىڭ ئېسىللىقىنى سۆزلەپ كېتەتتى. نەچچە ھەپتىنىڭ ئالدىدا ئۇچراپ قېلىۋىدى، يەنە شۇ كونا گەپنى قىلدى. كۆڭلىگە يارىشا: ئۆيۈڭ قالتىسكەن، دېسەم ئۆتمۈشتىكى ئالاۋىددىنباينىڭكىدىن قېلىشمايدۇ، دېدى. مەن: ئۇنىڭدىنمۇ ئاشۇرۇۋېتىپسەن، دېسەم شۇنداق خۇش بوپكەتكەن. كىچىكىدىن باشلاپ ھەرقانداق نېمىسىنىڭ باشقىلارنىڭكىدىن ئالاھىدىرەك بولۇشىنى بەك ئارزۇ قىلىدىغان بۇرادەر

ئىدى. ئەدناسى ئۇنىڭ دەپتىرى بەش، قايسىبىرىمىزنىڭ ئالتە بوپقالغان كۆنى ئۇ شۇنداق مەيۈسلىنىپ كېتەتتى. نېمە ئامال، ئاخىر بۇ ئادەممۇ كېتىپ قالدى.

- توۋاخۇدايىم، بۇ رەھمەتلىك نېمىدەپ گۆرگە كىرگەن بولغىيتتى؟

- يەنە شۇ كونا كېسىلىنىڭ خاپىلىقى بولمامدۇ. بۇ ئىسمائىل ئۆزىگە راۋۇرۇس قىلىپ شامگۆر ياسىتىپ قويغىلى خىلى بوپتىكەن. قېرىشقاندەك ئۆتكەندە سىزگە گېپىنى قىلىپ بەرگەن ئالاۋىدىنبايىنىڭ توقلى رەۋىخان ئۆلۈپ كەتكەن ئېرىگە ناھايىتى يوغان قىلىپ قەبرە قاتۇرغانىكەن. بىزنىڭ ئىسمائىل ئۆزىگە ياساتقان قەبرىنىڭ ئالاۋىدىنبايىنىڭكىدىن ئاددىي بولۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ چىداپ تۇرالماي ئۆزىگە ياساتقان قەبرىنى چۇۋۇپ تېخىمۇ ئېگىز، تېخىمۇ ھەشەمەتلىك ياساتقان گەپ. قەبرە پۈتكەندە ئۇ ئىچ يەرلىكنى كۆرۈپ باقىمەن، دەپ گۆرگە كىرىپتۇ. ساقلاپ تۇرغاندەك شۇ چاغدىلا شام گۆر ئۆرۈلۈپ، بىچارە توپىنىڭ ئاستىدا قېلىپ جاندىن ئايرىلىپتۇ. قاراڭ، بۇ ئىشنى، بارچە خەق ئۆلسە بىر قېتىم كۆمۈلسە، بۇ ئىسمائىل ئىككى قېتىم كۆمۈلدى. بۇمۇ بىر تەقدىر دەڭا، ئۇكام.

قابىلكام بىلەن بولۇپ ئۆتكەن مۇشۇ پاراڭلاردىن كېيىن ئىسمائىلكام بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇ بىر باغلىنىش باردەك، ئۇنىڭ گۆر ئاستىدا قېلىپ ئۆلۈپ كېتىشىدەك ئېچىنىشلىق ئىش كۆڭلەرنىڭ بىرىدە مېنىڭمۇ بېشىمغا كېلىدىغاندەك جانغا ۋەھىمە سالىدىغان خىياللار ئىچىدە قىينىلىپ كېتىۋاتاتتىم. ئۆزۈمنى تۇرمۇشنىڭ ساراڭقېتىش ئادەملەردىن ھاسىل بولغان قايناملىرى ئىچىدە تۇنجۇقۇپ قېلىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم.

مۇشۇنداق بۇرۇقتۇرما كۆڭلەرنىڭ بىر كەچلىكى ئىشتىن چۈشۈپ ئەمدىلا ئۆيگە كىرىپ تۇرۇشۇمغا ئايالىم يەنە ئېغىز ئاچتى:

- بىزمۇ ياتاق ئۆيگە رەڭلىك ئاسما چىراغ ئورنىتايلى.

- نېمە، ئەمدى بۇ يەنە قانداق گەپ؟

- مۇشۇنداق گەپ، ئىدارىمىزدىكى ھەممەيلەن شۇنداق قىپتۇ، ھەتتا بەزىلىرى تازىلىق ئۆيلىرىگىمۇ ئورنىتىپتۇ.

- بولدى، مەن ھەرگىز ئورناتمايمەن، بۇنداق تايىنى يوق ئىشنى كىم قىلسا قىلسۇن.

ئايالىم كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ماڭا تىكىلدى:

- ھەممەيلەن قىلىۋاتقان ئىش تۇرسا، سىز تېخى تايىنى يوق ئىش دەيسىزغۇ؟!

- ھەممەيلەن قىلىۋاتقان ئىش؟ ئەگەر سىزنى ساق بولسىڭىزمۇ ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا ئەكىرىپ قويسا، ئۇ ساراڭلار ئۆزلىرىنىڭ پۈتنى يوغان سۇنى ئۆزلىرى ئىچسە، ھەممىسى شۇنداق قىلىدىكەن، دەپ سىزمۇ ئىچەمسىز؟ ئەمدى يېتەر، ھەرقانداق ئىشنىڭ چېكى بولىدۇ، يوقىلاڭ ئىشلار ئۈچۈن ئۆزۈمنى تۇگەشتۈرگۈم يوق. ھازىرغىچە قىلىۋاتقان نۇرغۇن ئىشلىرىمىز نورمال ئادەمنىڭ قوبۇل قىلالايدىغان دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتتى. مېنىڭمۇ تاقىتىمنىڭ چېكى بار، يېقىندىن بۇيان قانداق چۈشلەرنى كۆرۈۋاتقانلىقىمنى بىلەمسىز؟

- ساراڭ بوپسىز، - دېدى ئايالىم كۆزلىرىمگە مىختەك تىكىلىپ.

- ساراڭ بولمىغانلاردىن قانچىلىك قالدى، قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭىزغا بىرقاراپ بېقىڭا؟

قىلغان گەپلىرىم ئۇنىڭغا پەقەتلا تېتىمىغان بولسا كېرەك، ئۇ سائىتىگە قاراپ قويۇپ ئالدىراپلا سىرتقا ماڭدى. ئېھتىمال، قايسىبىر رېستوراندا ئۆتكۈزۈلگەن بىرەر ئالىجۇقا - قۇرغۇر خوتۇننىڭ چېيىغا ئالدىرىدى بولغاي. ئۇنىڭ رېستوراندا بولىدىغان ئاياللار ئولتۇرۇشى، ئاياللار چېيىنى - پالان - پۈستان دېگەندەك نامىلار بىلەن ھەپتىدە كەم دېگەندە بىر قېتىم بولۇپ تۇرىدىغان پەسەندە پائالىيىتىنى دوق، تەنبىھ، ھەتتا تىل سېلىشلار بىلەنمۇ چەكلەپ بولالمىدىم، بۇمۇ ساقايتماق تەس ئاجايىپ يامان بىر ئادەت كېسىلى ئوخشايدۇ. بۈگۈن كەچ ئوغلۇم بىلەن ئىككىمىز يەنە قۇرۇق نان غاجايدىغان بولدۇق.

ئالىيېشىل بىرنېمىلەر بىلەن بېزەلگەن ئۆيۈمنىڭ تۆت تېمىدىن گاھ كۈلكىگە، گاھ يىغىغا ئوخشايدىغان بىر ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

2000-يىل ئىيۇل، چەرچەن

---

ئاپتور: چەرچەن ناھىيە ئورۇقچىلىق پونكىتىنىڭ خادىمى(M1)


بايانات

ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغىلا تەۋە، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ قانۇن بويىچە جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ!

- «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى



# ئازغۇنلۇقتىن تارتىلغان سۈرەتلەر

ئابدۇغوپۇر مۇھەممەدي

## غەلبە

## ـ تېپىشماق: ھايا قىممەتمۇ،ھاياتمۇ؟

تېلېۋىزوردا يېرىم يالىڭاچ كىيىنگەن بىر قىز چىقتى ۋە ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئۇ، خۇددى ئۆزىنىڭ نازۇك ھەرىكەتلىرىنى بىزنىڭ تولۇق كۆرەلمەسلىكىمىزدىن ئەنسىرىگەندەك، بىز ئۇچۇن «كۆڭۈل بۆلگەن» دەك قىلاتتى. ئۇنىڭ بېلىنىڭ ئەركىن تولغىنىشى خۇددى دادام ئېيتىپ بەرگەن ھېكمەتتىكى شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن ھەۋۋا ئانامنى قىزىقتۇرغان ھېلىقى مېۋىدەك كۆڭلۈمگە ئازغۇنلۇق شولىسىنى تاشلىماقتا ئىدى. . .

ـ ھۇ، ئۇياتسىز! ـ دەپ قويدۇم ئۇكىلىرىمنىڭ ئالدىدا خىجىل بولغاندەك قىلىپ. ئۇلارمۇ ئازراق قىمىرلاپ قويدى.

ـ كىيىمنى ئۇنتۇپ قالغانمۇ نېمە!؟ ـ دېدى كىچىك ئۇكاممۇ كىنايە قىلغاندەك. بىراق تۇرقىمىزدىن ئەندىكىش ئەمەس، كۆنۈكۈش، قىزىرىش ئەمەس قىزىقىش تېمىپ تۇراتتى. جەزبىدار مۇزىكائېقىمىدىن سىرغىپ چىققان بىر تامچە سۇدەك لىغىرلاۋاتقان بۇ «سىرلىق» تەنگە تىكىلگەنىدۇق. . .

توساتتىن تېلېۋىزور ئۆچتى. ھەيرانلىق، ئەندىكىش، نارازىلىق چىرايىمىزغا چىقتى. كۆزىمىز بىزگەسوئال نەزىرى بىلەن تىكىلىپ تۇرغان دادامغا قادالدى. . .

ـ باللىرىم، كۆرىدىغان نېمە تاپالمىغان بولساڭلار، سىلەرگە ھېكايە ئېيتىپ بېرەي.

ـ ئارقىدىن ياخشى نومۇر بېرەتتى. . . ـ دېدىم غودۇڭشۇپ.

«ياخشى نومۇرلار» تۈگىمەيدۇ بالام، ئۇ تۈگىسىمۇ ھېچگەپ ئەمەس، بىراق بىزدىكى نومۇس، ئېتىقاد، غۇرۇر، ۋىجدان تۈگىسە بولمايدۇ!

ھەممىمىز خۇشياقمىغاندەك دادامنىڭ جانلىق ھەرىكەتلەر بىلەن ئېيتىدىغان «ئەپسانىسى» گەقۇلاق سالدۇق. . .

* * *

ـ بېگىم، مېنى چاقىرىپتىكەنلا ـ جەبىر بەگ ھاياسىز قاراشلىرى بىلەن بۇ ياش دېدەكنىڭ باش-ئايىغىنى تىنتىپ چىقتى.

ـ ھە، ھىم. . . سەن مېنىڭ بۇ قورۇقۇمدا ئوبدان يەپ، ياخشى كىيىپ چوڭ بولدۇڭ، رەسىدە بولدۇڭ. . . ھى-ھى، بېرى كەل، ئىسمىڭ نېمىدى سېنىڭ. . .

ـ غەلبە!

ـ نېمە دېگەن گۈزەل. . . ـ قېرى خوجايىن ئۇنىڭ بىلىكىدىن «كاپ» قىلىپ تۇتىۋالدىدە، ئۆزىگە تارتتى.

ـ ماڭا رەھىم قىلسىلا، بېگىم. . . ـ غەلبە تىپىرلاپ ئۆزىنى تارتقانسېرى بەگ شۇنچە تەلۋىلەشتى. . . غەلبىنىڭ كۆزىدىن بىر تامچە ياش سىرغىپ چۈشتى، تېنى غەزەپتىن تىترەيتتى. . . بەگ ئۇنىڭ ئۇستىگە تاشلىناي دەپ تۇرغىنىدا مەيدىسىگە تىرەلگەن پىچاق ئۇنى چۆچۈتتى.

ـ ئەبلەخ، سەن ئانامنىمۇ يەتكىچە خورلىغانىدىڭ، ئەمدى سەنمۇ ئازابىنىڭ تەمىنى تېتىپ قوي!

ـ قولۇڭنى تارت پاسكىنا، كىمگە گەپ قىلغىنىڭنى بىلمەيۋاتامسەن؟!

ـ يۈرىكىم سەندەك تەلۋىنى ئەمەس ھەممە

ئىنساننى تەڭ ياراتقان تەڭرىنىلا تونۇيدۇ!

بەگ ئۇنىڭ پىچاق تۇتقان قولىغا ئۇرماقچى بولۇۋىدى، غەلىبە چاققانلىق بىلەن پىچاق ئۇردى . . . لېكىن پىچاق جەبىرنىڭ بىلىكىگە سانجىلغانىدى، ئۇ، غەلىبىنى زەرب بىلەن تېپىۋەتتى.

قولى تېڭىلغان جەبىر كۆپۈپ ۋارقىراۋاتاتتى:

- قارا ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭلۇقىغا، ئۇنى خالايىق ئالدىدا دارغا ئاسمەن، چاپاپ پۇركۈۋەتمىسەم ھېساب ئەمەس!

- ھەي، بېگىم، ئۇ، چىشلىرىنى پاسكىنا قىلىشلىرىغا ئەرزىمدۇ! ؟

بەگ «قانداق ئامالىڭ بار؟ » دېگەندەك غوجىدارغا قارىدى، غوجىدار سىرلىق ھىجايدى:

- ئۇنى خالايىق ئالدىدا پۈتۈن كىيىمىنى سېلىشقا مەجبۇر قىلىسىلىچۇ؟ !

- نېمە؟ ئۇنى شۇنداق قىلىدۇ دەمسەن! ؟ ئۇنىڭ ھېلىقى كۈندىكى ئەپتىنى كۆرمىدىڭمۇ!

- كۆرسەم-كۆرمىسەم بەرىبىر، بېگىم. خوتۇن خەقنىڭ غەيرىتى قانچىلىك بولماقچىدى؟ ! ۋەھشىي بۇقا ئالدىدا ئۇ چوقۇم كىيىمىنى سالىدۇ.

- بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ ئۇنى بۇقىغا ئۈسكۈزمەكچىمۇ؟

- ياق، بېگىم. بۇقا قىزىل رەڭلىك نەرسىلەرگىلا ئۈسىدۇ. ناۋادا ئۇنى قىزىل رەڭلىك كۆينەك كىيگۈزۈپلا بۇقا بىلەن بىر مەيدانغا سالساق، بۇ بىرمەزگىل پادا باققان، بۇقىنىڭ خۇيىنى بىلىدىغان«باتۇر قىز» ھاياتىنى ساقلاش ئۈچۈن چوقۇم قىزىل كۆڭلىكىنى سېلىپ، بۇقىنى ئالداشنىڭ كويىغا چۈشىدۇ. دەھشەتلىكھايات-ماماتلىق پەيتىدە ئەجىبا ئۇ ئۆلۈمنى تاللىۋالارمۇ! ؟

- دېمەكچىسەنكى، ئۇ شۇ مەيداندا كۆڭلىكىنى سالمىسا بۇقا ئۇنى ئۈسۈپ ئۆلتۈرىدۇ، سالسا ھاياتىنى ساقلاپ قالىدۇ، شۇنداقمۇ! ؟

- بەرھەق، بېگىم. ئەمدى ئۇنىڭ قارشىلىقىنىڭ، غەيرىتىنىڭ قانداق سۇندىغانلىقىنى كۆرسىلە. ئۇ، خالايىق ئالدىدا ئۆزلىكىدىن يالىڭاچ بولىدۇ دېگەن گەپ. . .

- ھا-ھا-ھا، راستىلا كاتتا ئىش ئىكەن بۇ، تېز بۇيرۇق قىل، ئەتە ئەتىگەندە پۈتكۈل خالايىق چوڭ سەيناغا يىغىلسۇن، قۇللارنىڭ بىرىمۇ قېپقالمىسۇن، ھىم. . .

ئەتىسى مىڭلىغان كىشىلەر چوڭ سەيناغا يىغىلدى، قىزىقچىلارنىڭ ھەرخىل ھەرىكەتلىرى ۋە سۆزلىرى ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز كىشىلەرنى بولىشىغا كۈلدۈردى. شۇ دەمدە بىر جاكارچى قاتتىق ئاۋازدا تۇۋلىدى:

- تىنچلىنىڭلار خالايىق. ھازىر ئەڭ قىزىق ئويۇن كۆرۈسىلەر، ھازىر بۇ قىز بۇقا ئويناتماقچى. . .

خالايىق قىقاس كۆتۈردى:

- ئۇ كىم؟ . . . قايسى قىزدۇ؟ . . .

ئېگىز-يوغان تۇۋرۇكلەر بىلەن قويۇق قاشالانغان، ئورنى پەسرەك خېلى چوڭ بۇ سەينا ئىچىدە بىر يوغان، قارا بۇقا تەلۋىلەرچە چېپىپ يۈرەتتى، قاشا ئىچىگە قىزىل كۆڭلەك كىيگەن بىر قىز تاشلاندى.

- غەلىبە. . . - خالايىق ئۇنى تونۇۋالدى ۋە ئۇنىڭ ئىسمىنى ئەندىشە بىلەن تۇۋلىشاتتى.

غەلىبە ئەتراپتىكىلەرگە كۆلۈمسىرەپ قاراپ قويدى. . . ئاھ، سۆيۈملۈك لېكىن بىچارە كىشىلەر. . . ئۇ، كۆزىگە كەلگەن ياشنى كۈلكە بىلەن توسۇپ قالدى.

بۇقىنىڭ كۆزىگە توساتتىن بىر چوغدەك قىزىل شولا كىردى-دە، كۆزىگە قان قۇيۇلغاندەك بولۇپ مېڭىسىگە تەلۋىلىك ئوتى تۇتاشتى ۋە قىزىل توچكىنى كۆزلەپ ئېتىلدى. ھەممە تەۋرەپ كەتتى. . . غەلىبىمۇ ئۆزىگە يىراقتىن شىددەت بىلەن ئېتىلىپ كېلىۋاتقان بۇقىغا تىكىلدى، سۇر باسقاندەك تېنى بىلىنەر-بىلىنمەس تىترەيتتى. ئۇ ئەتراپقا قارىدى، ئۆزىنى دالدىغا ئالغىدەك يەرمۇ يوق ئىدى، قاشا تېخى ئېگىز. . . ئۇ ئۈچىسىغا قارىدى، كېنىزەكلەر مەجبۇرىي كىيدۈرۈپ قويغان، يوتىسىنى ئاران يېپىپ تۇرىدىغان قىزىل كۆڭلەك ئۇنى بۇقىغا تۇتۇپ بېرىدىغىنى ئېنىق ئىدى.

- نېمە قىلىش كېرەك؟ ئۇ، قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، ئۇنىڭ ھاياتى ئۈچۈن تاللىشىغا بىرلا يول قالغانىدى.

ئۇ، لېۋىنى قاتتىق چىشلىدى، لېۋىدىن سىرغىغان قان ئېڭىكى ئۈستىدە لىغىرلاپ قالدى.

«غەلىبە، رەقىبلىرىڭ ئالدىدا باش - كۆزۈڭدىن قان تۆكۈلسىمۇ بىراق كۆزۈڭدىن ياش تۆكۈلمىسۇن. ئۆزۈڭنىڭ. . . ياق، پۈتكۈل ھەمشىرىلىرىڭنىڭ غورۇرى ئۈچۈن بۇقىغا ئاتلان! »

ئۇ، بۇقىغا غەزەپ بىلەن تىكىلدى ۋە مەزمۇت دەسسەپ تۇردى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن قەھرىلىك غەيرەت ئۇرغۇيتتى. ئۇ، بېشىغا تاغ يىقىلسىمۇ يەنىلا مۇشۇ ھالەتتە تۇرىدىغاندەك ئىدى.

- بۇنى ئال، غەلىبە! - غەلىبە تولىمۇ تونۇش ئاۋاز چىققان تەرەپكە تەلمۈردى.

- ئازاد! - غەلىبە يىگىتنىڭ ئىسمىنى تۇۋلىدى-دە، چۆرۈپ بەرگەن خەنجەرنى تۇتۇۋالدى ۋە خەنجەرگە قاراپ پىچىرلىدى. . . بىلىمەن، قاشا ئىچىگە كىرەلىگەن بولساڭ مېنى قۇتقۇزاتتىڭ، بىراق بۇ قاشا شۇنداق ئېگىز. . . بۇ خەنجىرىڭ ئۈچۈن رەھمەت.

غەلىبە جەڭگە تەييارلاندى. ئۇ، تېز يانغا شۇڭغۇپ شىددەت بىلەن ئېتىلغان بۇقىنىڭ كۆكرىكىگە زەرب بىلەن خەنجەرنى تىقتى. . . شۇنداق، ئۇ غەلىبە قىلدى، قېرى بەگنىڭ كۆكسىگە تىقالمىغان خەنجەرنى ئاخىر بۇقىنىڭ كۆكرىكىگە تىقالىدى. بۇقا قاتتىق ھۆركىرەپ يەرگە يىقىلدى ۋە جىمىپ قالدى. ئۇ، رازىمەنلىك بىلەن بىر كۈلدى-دە بۇقا ئۈستىگە يىقىلدى. ئۇنىڭ ئوماق چېھرىدە ئاداققى كۈلۈش قېتىپ قالغانىدى. . .

كىشىلەر بۇ دەھشەتلىك مەنزىرىگە چىداپ تۇرالمىدى، كالتەك-توقماقلىرىنى كۆتۈرۈپ ئىنسابسىز، رەھىمسىز جەبىربەگنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. . .

* * *

مېنىڭ ۋە ئۆكىلىرىمنىڭ كۆزىدە بىر ئىللىق پەردە لىغىرلاپ قالغانىدى.

— سىلەر ئۆز قىممىتىڭلارنى ۋەھشىي بوقا ئالدىدىمۇ كۆڭلىكىنى قايرىپ قويمىغان قىزدىن سورىماقچىمۇ ياكى زامانىۋى مۇزىكىلاردىن ئېرىپ «مانا بۇ مەن» دەپ تۇرىدىغان قىزدىن ئىزدىمەكچىمۇ!؟ سىلەر مۇشۇ ئەپتىڭلار بىلەن تارىختىكى شۇ ھەدە-سىڭىللىرىڭلارغا يۈز كېلەلەمسىلەر!؟...

كۆز ئالدىمدىن تارىختىكى قەھرىمان ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ مەردلەرچە سىماسى بىر-بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى... مانا تۇمارىس، مەختۇمسۇلا، نۇزۇگۇم، غەلىبە... بايىقى تېلېۋىزور ئېكرانىدىكى بېلىقتەك قىزمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قىستىلىپ كىرمەكچى بولۇۋىدى، ۋىجدان سوتۇم ئۇنى سوتلىدى:

سەندە بار قامەت باشقىلاردا يوقمۇ؟

— ئەلۋەتتە بار.

— باشقىلاردا بار ھايا، ئېتىقاد، قىزلىق غۇرۇرىچۇ؟ سەندە بارمۇ؟

— ...

ئۇ، ۋىجدان سوتۇم تەرىپىدىن چالما-كېسەك قىلىنىپ قوغلاندى.

# دوپپىسىز «دوپپىلىقلار»*

(ھېكايە)

كىشىلەر دوپپا كىيىشتىن قالغىلى نەۋاق.

پەقەتلا باشقا مىللەت مېھمانلىرىنى قارشى ئالىدىغان سورۇنلاردا ۋە ياكى ئالاھىدە ئىمتىياز بىلەن چەت ئەلگە چىققۇچىلارلا ئۆزىنىڭ باشقىلاردىن پەرقسىز بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك دوپپىنى قىرلاپ كىيىۋالىدۇ. ھەرھالدا شۇنىڭغىمۇ شۈكرى.

بەلكىم ھېلىقى «ئاپەتلىك يىللار» دا مەجبۇرىي كىيدۈرۈلگەن ھاقارەت قالپاقلىرى ھەم ھازىر بېشىمىزغا چوڭ كېلىۋاتقان ئۇنۋان قالپاقلىرى تۈپەيلى قالپاققا كۆنۈپ دوپپىلىرىمىزدىن چىقىپ قالغان بولساق كېرەك، بىرە-بىرە دوپپا كىيىۋالغانلارنى ئۇچرىتىپ قالساق دەرھال ئېغىز قولاققا چاپلىنىدۇ:

— سەھرالىق ئوخشىمامدۇ؟

— تازمۇ يە؟

قايسى كۈنى دادامدىن قالغان دوپپىنى كىيىپ ئۆيۈم بار بىناغا بۇرۇلۇپ كېتىۋاتاتتىم، ئارقامدىن بىرسىنىڭ پايپاسلاپ يۈگۈرگەن تىۋىشى ۋە ۋارقىرىغىنى ئاڭلاندى:

— كىمنى ئىزدەيسەن؟... ھە، سىزمىدىڭىز!؟...

ئەھۋال مانا شۇنداق، ھەتتا كۈندە نەچچە قېتىم سالاملىشىدىغان، قورۇنىڭ ئىشىكباقارىمۇ دوپپىلىق سىياقتىكى سېنى تونۇيالمايدۇ ياكى ئېھتىيات كۆزى بىلەن قارايدۇ.

نېمىش بوپكەتتىكىن؟! بىرھەپتە ئىچىدىلا ھەممە ئادەم دوپپا كىيىدىغان بوپكەتتى. ئەجەب ئۇلار ئىنسابقا كەپقاپتىغۇ؟

مەن دوپپىنى قولۇمغا ئېلىپ چۆچۈپ كەتتىم، شەكلى دوپپىدەك، ئەمما قېنى ئۇنىڭ بادام گۈللىرى؟ ئۇنىڭ ئورنىغا ھەررەڭ-سەررەڭ ئېلانلارنى، ناخشا، تانسا چولپانلىرىنىڭ سۈرىتى، ئىسمىنى بىر چىرايلىق كەشتىلەپ قويغىنى نېمىسى؟

— ئۇنى بىر چېۋەر ئۇستا لايىھىلەپ چىققان، ئۇ، ياشلارنى دوپپا كىيىشكە كۆندۈرۈش ئۈچۈن ئىجتىھات قىپتۇ.

— ئوھوي، — دېدىم ھەيرانلىقتا، — قالتىسقۇ؟

نەگە قارىساق شۇ دوپپا، ئەمدى، ھېچكىم ھېچكىمنى تاز دېمەيتتى، سەھرالىق دەپمۇ كەمسىتمەيتتى. ھەممە بېشىدىكى دوپپا بىلەن پەخىرلىنەتتى... مەنمۇ قىزىقىپ دوپپا بازىرىغا باردىم، دوپپىلار خىلمۇخىل، كىشىلەر باس-باس...

توساتتىن يات بىر زۇۋان بىلەن ئەبجەش بولغان سۆزلەر ئاڭلاندى، قارىسام ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمدى تىلى چىققان بالىسىدەك سۆزلەيدىغان، كۆككۆز، يوغانباش بىرسى كالدىرلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ قولىدا ئۇزۇن مەزگىلدىن بۇيان كۆزىمىزدىن چىقىپ قالغان، قالايمىقان رەڭلەردىن خالىي، چوڭ بادام گۈللۈك دوپپا تۇراتتى.

— كەچۈرۈڭ، مېن ئۇيگۇر تىلى ۋە مېدىنىتىنى تېتقىق قېلىۋاتىمېن، بۇ دوپپىنى پۈتۈن شېھېردىن تاپالمىدىم، بۇ بېك قېدىمى مېدىنىيەت، ماڭا سېتىپ بېرىڭ.

— ياق، ياق، مۇشۇ بىرسىنىلا نۇسخا قىلىپ ساقلاپ قويغان، ساتمايمەن!

ئۇ ئەجنەبى جىددىيلىشىپ بارمىقىنى كۆرسىتىپ بىرنېمىلەرنى دەپكەتتى.

— ئۈچ مىڭنى بېرەي دەۋاتىدۇ — دېدى قىزىققۇچىلاردىن بىرسى.

— ۋاھ، ماۋۇ ساراڭنى، ئۇنىڭغا بېشىمىزدىكىدەك دوپپىدىن يۈزى كەلمەمدۇ؟!

ئۇلار ئەتراپتىكىلەرنى ھەيرەتتە قالدۇرۇپ ئاسانلا پۈتۈشتى. ئەتراپتىن كىشىلەرنىڭ مەسخىرىلىك كۈلكىلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەن ئۇلارنىڭ رەڭدار دوپپىلىرىغا قارىدىم...

بەزىلىرى بولاق مانتىچىلىك چوڭلۇقتىكى دوپپىنى قىرقىم چاچلىرىغا پار قىلىپ بېشىنىڭ چوققىسىغىلا پاتۇرىۋالغانىدى، ھەتتا بەزى دوپپىنىڭ چېكىللىكىمۇ تۇراتتى... ۋاھ، بۇ چۈشۈممۇ، ئوڭۇممۇ؟!

---

*باش ماۋزۇ مۇھەررىر تەرىپىدىن قويۇلدى

ئاپتور: قەشقەر شەھىرى 4-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى



# باراڭ ئاستىدىكى پاراڭلار②

يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق

## ھۇشيار بولۇڭ ئادەم بالىسى

بۇرۇنقى چاغلاردا جىن - ئالۋاستى بار ئىدى، ئۇلار كونا تاملىق، تاشلاندۇق مازار، ئەسكى جاڭگالدىكى يالغۇز تال - دەرەخلەردە ماكانلار ئىدى. شۇڭا جىنلىق، جىنخانا، جىنلىق هويلا، جىن جوجەم (ئوجمە) . . . دېگەندەك يەر ناملىرى كېلىپ چىققان. كىشىلەر ئۇلارنىڭ ماكانىنى بىلگەچكە، ئۇنداق يەرلەرگە يولىماس ياكى ئۇ يەرلەردىن ئېھتىيات قىلىپ، دۇئا - دورۇت ئوقۇپ ئۆتەر ئىدى.

بۈگۈنكى كۈنلۈكتە جىن - ئالۋاستى دېگەندەك نەرسىلەر كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىگە چېلىقماس بوپكەتتى، چۈنكى ئۇلار كىشىلەرنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ قەلبلىرىنى ماكانلىۋالدى. شۇڭا، ئادەملەر جىن - ئالۋاستىلارنىڭ بار-يوق يەرلىرىنى بىلەلمەي، ھە دېسىلا پۈتلىشىپ، سەندىرەكلەپ يۈرۈشىدۇ ۋە بۇنىڭ سىر-ئەسرارى تېگىگە يېتەلمەيدۇ.

جىن - ئالۋاستىلار ئىچىمىزگە كىرىۋالدى، ھۇشيار بولۇڭ، ئەي ئادەمزات!

## كۆسۈتكىنىڭ ھەققىنى يەۋالغان كىشى

ئېيتىشلىرىچە، بۇ يۇرتنىڭ ئۆزىدىن ھېزىمشاھ دېگەن دېۋانىدىن باشقا بىرەرمۇ تىلەمچى چىقمىغانىكەن. بۇ خېلى ئۇزۇن زامانلاردىكى ئىش بولۇپ، بۇ كىشى خېلىلا هايالىق ئىكەن. ھەپتىدە بىر قېتىملا كىشىلەر ئىشىكىگە بېرىپ: «ئاللا ھەق!» دەپ بىرلا توۋلايدىكەن، كىشىلەر شۇ زامات يۈگۈرۈپ چىقىپ خەيرىنى بەرسە ئالىدىكەن، ئىشىك ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتسە، ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ بېرىپ بەرسىمۇ قاراپمۇ قويمايدىكەن. بۇ راست ئىش، لېكىن بىز بۇ يەردە ئۇ كىشى توغرىسىدا سۆزلىمەكچى ئەمەسمىز. گەپ مۇنۇ ئىش توغرىسىدا: ھېلىقى قۇشقاچ بىرتال دانغا زار، چاشقان بىر چىمدىم كېپەككە خار زامانلار ئۆتۈپ كېتىپ، كىشىلەر قانداقلا بولسۇن تۇرخۇندىن تۈتۈن چىقىرالايدىغان چاغلار كەلگەندە بۇ يۇرتتا بىر تىلەمچى پەيدا بوپقالدى. ئۇ كىشى يېزىنىڭ گوزىرىدە ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە قولىنى سوزۇپ: «بىرمو بېرە» دەپ تىلەر ئىدى. بىر تىلىگەن كىشىدىن ئارىدىن ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەي يەنە تىلەر ئىدى. كىشىلەرمۇ ئۇنىڭغا ھېچنەرسە دېمەس، يېنىدا بار بولسا بىر-ئىككى مو پۇل بېرەر، بولمىسا بەرمەس ئىدى. ئۆيى، بالا-چاقىسى ۋە كەسپۈكارى بار بولغان بۇ كىشى قېرىغىنىدا تىلەمچىلىك قىلىپ خارلىنىپ ئۆتتى.

بۇ كىشى توغرىسىدا يۇرتداشلىرى ئېيتىدۇ: ھەممە ئادەم - بۆشۈكتىن تۆشۈككىچە جىمى ئىنسان جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان ئالتۇن كۆۋرۈك «خەلق كوممۇنىسى» كوللېكتىپ ئاشخانىسىنىڭ تۆشۈكىگە تەلمۈرۈپ قارايدىغان چاغلاردا بۇ كىشى باشقا ئەزالارغا نىسبەتەن قورسىقى توق - «باياشاد» ياشاپتۇ. يوق دېگەندە قازنىقىدا تۆت-بەش كىلوگرام بۇغدىيى، ئىككى - ئۈچ كىلوگرام پاختىسى ئۈكسىمەيدىكەن. شۇنچە ئاشلىق، پاختىغا قانداق ئېرىشكەندۇ بۇ كىشى، دەمسىز؟ ئۇ كىشى ئېتىز - ئېرىقلارنىڭ قىرلىرىنى، خامانلاردىكى سوقمىلارنىڭ تۈۋلىرىنى كولاپ، كۆسۈتكە، چاشقانلارنىڭ تۆشۈكلىرىدىن ئاشلىق، پاختا يىغىدىكەن. ئۇ تۆشۈكتىن بىر قوچۇش، بۇ تۆشۈكتىن يېرىم قوچۇش بۇغداي - قوناق، بىرەر-يېرىم تۇتام چىگىتى ئايرىۋېلىنغان پاختا

يىغىشىۋالىدىكەن. ئۆي - ئۆۋىلىرى چۇۋۇلۇپ يىللىق ئوزۇقلۇقىدىن ئايرىلغان كوسوتكىلەر ئۇششاق باللىرىنى ئەگەشتۈرۈپ يىراقلارغا قېچىپ بېرىپ، كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا بۇ دۇنيادىن ئۈمىدسىزلىنىپ بويۇن قىسىپ قارىشىپ تۇرۇدىكەن. تاغنى ئالقان، چۆلنى بوستان قىلغۇدەك ئەقىل - پاراسەتلىك قىلىپ يارىتىلغان بۇ ئىنسان بولسا، غالىبانە قىياپەتتە قولىدىكى ئولجىنى پۇلاڭلىتىپ: «كۆردۈڭمۇ، ئاشلىق، پاختاڭلارنى تارتىۋالدىم، ئەمدى بالا-چاقاڭلار ئاچلىقتىن ئۆلىدىغان بولدى!» دەپ ھا-ھالاپ كۈلىدىكەن.

بولغان ئىشنىڭ بارى-يوقى شۇ، لېكىن دېمەكچى بولغىنىمىز مۇنۇ:

ھاللاپ ئىشلەپ، ھاللاپ يېگىن ،  
ھارام نەرسە ئەسلا ئاش بولماس!  
تەر تۆكۈپ ئىشلەپ يېگەن ئاش چامغۇر  
شېكەر تېتىيدۇ، دېگەننى بىلسەڭ،  
خار بولماسسەن، كۆزۈڭ ياش بولماس!

## تېڭىرقىماڭ ئاڭنا كېلۇر

ياش ئانا بۇدرۇققىنە ئوغۇل پەرزەنت كۆردى، لېكىن كۆپ ئەپسۇس، بالا تېمەن - تېتىك چوڭ بولۇۋاتقاندا كېسەل تېگىپ، بىر پۇتى باسماس بوپقالدى ۋە قولتۇق تاياق بىلەن ماڭىدىغان بولدى. ياش ئانا ئىگىسىگە نالە قىلىپ: «بىلىپ - بىلمەي قىلغان گۇناھلىرىمنى كەچۈرگەيسەن» دەپ تىلىدى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ئائىلىگە يىراق يۇرتتىن بىر ئايال تۇغقىنى كەلدى. بەش - ئالتە ياشلىق بالىنىڭ قولتۇق تاياقتا پوسكۇكلاپ يۈرگىنىنى كۆرگەن بۇ ئايال باشتا تېڭىرقاپ تۇرۇپلا قالدى. بىر پەستىن كېيىن ئىككى قولىنى تىزلىرىغا ئۇرۇپ قاقاقلاپ كۈلگىلى تۇردىكى، ئۆيىنىڭ سۇپىسىدا ئۇ باشتىن بۇ باشقا نەچچە قېتىملاپ دومىلاپ چىقتى. ئەيىۇھەنناس! بۇ ھالدىن مېيىپ بالىنىڭ ئانىسى ھەيران بولۇپ، تامغا يۆلىنىپ تۇرۇپلا قالدى، ئىچىگە بىر پارچە چوغ كىرىۋالغاندەك بولۇپ، پۈتۈن بەدىنى ئوت ئالدى-دە، بالىسىنى كۆتۈرۈپ نېرىقى ئۆيگە يېنىپ چىقتى ۋە داد سېلىپ يىغلاپ ئۆزىنى يەرگە ئاتتى، بىچارە ئانىنىڭ يىغىسىدىن يەر تىترىگەندەك بولدى. . .

خېلى يىللار ئۆتتى. مەسخىرىۋاز ئانا بۇ ئىشنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتتى. مېيىپ بالىنىڭ ئانىسى خېلى - خېلى ئىشلارنى ئەستىن چىقارغان بولسىمۇ، تۇغقىنى تەرىپىدىن قىلىنغان بۇ مەسخىرىنى زادىلا ئۇنتالمىدى. مېيىپ بالىمۇ ئۆز رىزقى - نېسىۋىسىنى تېپىپ ياشاۋەردى. راستتىنى ئېيتقاندا، ئادەم بالىسىنىڭ ياشىمىقى ئۈچۈن ھېچقانچە نەرسە كەتمەيدىكەن، بىر پارچە نان ياكى بىر قاچا ئاش، بىر نەچچە مېتىر رەخت - ماتا. بىراق ئادەمنىڭ كۆڭلى دېگەن بۇ نەرسە ئاجايىپ نازۇككى، ئۇ، قىلدىن ئىنچىكە، قىلىچتىن ئىتتىك ئىكەن. توغرىسى، ئۇنىڭغا تېخىمۇ بىرنەرسە كەتمەيدىكەن، پەقەت سۆزلا كۇپايە. بىر ئېغىز سۆز بىلەن كىشى كۆڭلىنى خۇش قىلغىلىمۇ، ئاغرىتقىلىمۇ بولىدىكەن.

مانا قاراڭكى، ھېلىقى مەسخىرىۋاز ئانىمۇ خۇددى سۈرەتتەك چىرايلىق بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆردى. ئوغۇل بالا يۈزى كۆرمىگەن بۇ ئايالنىڭ شادلىقتىن بېشى كۆككە يەتتى. لېكىن. . . بالا تۆت - بەش ياشقا كىرگەندە بالا ئوكۇت باسقان ھارۋىغا ئولتۇرۇپ سۇ تۈگمىنىگە باردى ۋە ئۇ يەردە تۈگمەن تېشىنىڭ چۆرگىلىشىنى زوقلىنىپ تاماشا قىلىۋاتقاندا كۈتۈلمىگەن ھادىسە يۈز بەردى. تۈگمەن تېشى يېرىلىپ بىر پارچىسى بالىنىڭ ئىككى پۇتىغا تېگىپ، تىزىنىڭ ئاستى تەرىپىنى كاردىن چىقاردى. ۋاي داد! بالا - قازا كۆرۈنۈپ كەلمەس، پۇت-قولىنى ساڭگىلىتىپ، دېگىنى شۇ ئوخشايدۇ. ھېلىقى ئانا شۇ چاغدىلا كۆپ يىللاردىن بۇرۇن ئۆتكۈزگەن شۇ ئىشنى يادىغا ئېلىپ، ياراتقۇچىغا تۆۋا - ئىستىغپار ئوقۇدى.

## قايسى ئىنسان،قايسى ھايۋان

ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن بىر ئايال گودەك يالغۇز ئوغلى بىلەن قالدى. ئايال ئوغلىنى ئۆگەي ئاتىنىڭ ئالدىدا خارلىنىپ قالمىسۇن، دەپ كەلگەن ئەلچىلەرنى سىلىق سۆزلەر بىلەن قايتۇردى. باشپاناھى بولمىغان ئايال مىڭبىر جاپالار بىلەن بالىسىنى بېقىپ چوڭ قىلدى، ئۇنىڭ بالىسىدىن ئۈمىدى چوڭ ئىدى. نېمە بولدى، مۇنۇ نەسلىكنى كۆرۈڭكى، بىر كۈنى ئوغۇلنىڭ كۆزى ئانىسىنىڭ ئۇياتلىق يېرىگە چۈشۈپ قالدى، ئۇنىڭ ھايۋانىي نەپسى قوزغىلىپ، ئانىسىغا باسقۇنچىلىق قىلدى. ئا ھار ئېلىپ ئۆزىنى سۇغا تاشلاپ ئۆلۈۋالدى.

ئېيتىشلىرىچە، ئايغىر ئۆز ئانىسىغا چېپىلمايدىكەن. نەپسانىيەتچى ئادەم بىر نەسىللىك ياش ئايغىرنىڭ بالىسىنى ئالماق بولۇپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىنى تېڭىپ قويۇپ ئانىسىغا چېپىلدۇرۇپتۇ. ئىشتىن كېيىن ياش ئايغىر ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇقۇپ قېلىپ، ئۆزىنى ھاڭغا تاشلاپ ئۆلۈۋاپتۇ.

بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى ئىشەنچلىك كىشىلەردىن ئاڭلىغانمەن. لېكىن ھېچ بىلمىدىم: قايسى ھايۋان، قايسى ئىنسان؟

## قۇلدەك ئىشلە،بەگدەك ياشا

چوڭلار ئېيتىدۇ: يېزىمىزدا خېۋىر ئاكا دەيدىغان بىر ئۆپكە - ھېسسىپچى بار ئىدى. ئۇنىڭ تۆت-بەش مو يېرى، بىر ئېشىكى، ئىككى- ئۈچ ئېغىزلىق كىچىككىنە ئۆيى بار بولۇپ، قوشۇمچە ئۆپكە- ھېسىپ پىشۇرۇپ سېتىپ تىرىكچىلىق قىلار ئىدى. بىر كۈنى ئۇ كىشى بىر چازا(باداڭ) سامان سېتىۋالدى. ھويلىسىغا ھارۋا كىرەلمىگەنلىك- تىن، سامانىنى ئىشىكىنىڭ ئالدىغا تۆكۈپ قويدى. خېۋىر ئاكىنىڭ ئۆيى گوزەرنىڭ دوقمۇشىدا بولۇپ، يولدىن ئۆتكەن - كەچكەن ھارۋا، ئات - ئۇلاغلار

سامانني دەسسەپ ـ چەيلەپ پاسكىنا قىلغىلى تۇردى. خېۋىر ئاكا بۇ ھالدا بىئارام بولۇپ، سامانني توشۇپ بېرىدىغان بىرەر ئادەم چىقىپ قالامدىكىن، دەپ ئۇياق ـ بۇياققا تەلمۈرەر ئىدى. خېۋىر ئاكىنىڭ ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىدا ئابدۇلقەييۇم ئەنجانلىق (ئۆزبېك) دېگەن دۇكاندار بار بولۇپ، يېزىنىڭ ھاللىقلىرىدىن سانىلار ئىدى. ئۇكىشىنىڭ قىردا 10ـ15موچە يېرى، كارىزدا ئۈچ-تۆت سائەتلىك سۈيى، يوغان قورۇسى ۋە گەزمال دۇكىنى بار ئىدى. خېۋىر ئاكىنىڭ بىر ھارۋا سامانني سامانلىقىغا توشيالماي پەرىشان بولۇۋاتقانلىقىنى سەزگەن ئابدۇلقەييۇم ئاكا ئۇنىڭدىن سورىدى؟

ـ ھە، خەبىر، سامانىڭنى تەشمەيسەنمى؟

ـ خوش، باي ئاكا، ئۇنى توشۇپ بېرىدىغان ئادەم ئىزدەۋاتىمەن، ھەققىنى بىرەر ئىدىم، ـ دەپ جاۋاب بەردى خېۋىر ئاكا.

ـ قەنچە بېرەسەن؟

ـ 10مىسقال.

ـ ئاپكېل، پۇلىڭنى.

خېۋىر ئاكا ئابدۇلقەييۇم باي ماڭا ئادەم تېپىپ بېرىدىغان بولدى، دەپ ئويلاپ زاسىي ھارۋىسىنىڭ غەزىنىسىدىن پۇلنى ئېلىپ بەردى. ئابدۇلقەييۇم ئاكا پۇلنى ھەمىيىنىغا سالدى، ئۇستۇبىشىنى يەڭگۈشلەپ، يەكتىكىنىڭ پېشىنى بەلۋېغىغا قىستۇردى ۋە يەڭلىرىنى شىمايلاپ يوغان ئىككى سېۋەت بىلەن سامانني توشۇغىلى تۇردى. بىر سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە سامانني پاك-پاكىزە توشۇپ بولۇپ، يولنى سۈپۈرۈپ تازىلاپ قويدى. كىيىملىرىنى يۆتكەپ تازىلاندى، ھېلىقى پۇلغا نان سېتىۋېلىپ، يەنە خېۋىر ئاكىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

ـ خەبىر، مەنەۋى ناننى سەنەپ كورچى.

ـ ئون دانە، ـ خېۋىر ئاكا ناننى بىر-بىرلەپ ساناپ جاۋاب بەردى.

ـ ھە، كوردىڭمى، سەن بىر ئەرەۋە سامانني تەشىكە يەلقاۋلىك قىلدىڭ، ـ دېدى باي، ـ مەن ئىسە سامان تەششەەن ئۇيالمەدىم، بۇنىڭ مۇكاپاتىگە ئونتە نان ئالدىم، مەن ئېبىدى بۇ نانلەرنى خاتىن ـ خەلەج، بالا ـ جەقەلەر بىلەن ئىككى كۈن ئاۋقەت قىلەمىز.

خېۋىر ئاكا خىجىللىقتىن گەدىنىنى تاتىلاپ تۇرۇپ قالدى.

قىسسەدىن ھېسسە: ئاتا-بوۋىلارنىڭ: «قولدەك ئىشلە، بەگدەك ياشا» دېگىنى شۇ ئىكەن.

## ئوغرىنى قاراقچى سوقۇپتۇ

قاسساپ ئۆچكە گۆشىنى قوي گۆشى قىلىپ ساتتى. قوي گۆشىنىڭ سېتىلماي قالغان قۇيرۇقىنى ئۆچكە گۆشىنىڭ كۆتىگە چاپلاپ، بىلىنمەس يىپ بىلەن تىكتى. ساددە ئالۇرمەنلەر ئۇنى قوي گۆشى نەرقىدە سېتىۋېلىشتى. كەچقۇرۇنلۇقى غەزىنىسىدىكى پۇللارنى سانىغان قاسساپ ئۆزىنىڭ بۇ ئەپچىل چارىسىدىن مەمنۇن بولۇپ پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى، ئۇ بىر مەزگىل شۇ يول بىلەن خېلىلا پايدىغا ئېرىشتى.

بىر كۈنى قاسساپ مال بازىرىدىن ئون تۇياق قوي سېتىۋالدى. قويلار بىر-بىرىدىن سېمىز بولۇپ، باھاسىمۇ ئەرزان ئىدى. شۇ كۈنى كېچىسى بۇ قويلاردىن ئالىدىغان پايدىسىنىڭ ھېسابىنى قىلىۋېدى، توپتوغرا مىڭ بەشيۈز يۈەن بولۇپ چىقتى. ئۇ، كېچىچە پۇلنىڭ ئۈستىدە ئۇچۇپ چۈشىدى. ئەتىسى ئەتىگەندە كۆزلىرىنى يىرتىپلا قويلىرىنى كۆرمەك بولۇپ، مۇشتەك قۇلۇپقا كېلىپ سىيلىپ ئېغىلنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى، ئاچتىيۇ، تامدەك قېتىپ قالدى، كۆزلىرى ئالچەكمەن بوپكەتتى. ھېلىقى قويلارنى جىن ئۇرغان بولۇپ، ھەممىسى كىرپەدەك تۇگۈلۈپ قېلىشقان، تونۇگۈنكى سېمىزلىكتىن ئەسەر قالمىغانىدى. بۇ ھالنى كۆرۈپ قاسساپمۇ يىلى چىقىپ كېتىۋاتقان توپتەك بوششىشىپ، پۇت ـ قوللىرىدا جان قالماي شاتراقىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرۇپ قالدى. كېيىنچە، مەلۇم بولدىكى، بۇ قويلارغا ئادەم جېنى تەگكەن بولۇپ، ئۇلار قويلارنىڭ ئارقا شىرىقىدىن تۇشۇك ئېچىپ ناسۇس بىلەن يەل بەرگەنىكەن.

بېيىت:

نەپس دېگەن بالادۇر،
ھەر كويلارغا باشلايدۇر.
بۇزۇق نەپسىڭ تىيمىساڭ،
سېنى ئوتقا سالادۇر.

## ئاتىسى غورا يېسە، بالىسىنىڭ چىشى قاماپتۇ

بىر كىشى بىرنەچچە ھەمراھى بىلەن باغ-ۋارانلىق يولدا كېتىۋېتىپ، بىر باغنىڭ شورىسىدىن كىردى ۋە تېخى ئۇرۇقچىسى قاتمىغان غورىدىن ئىككى ـ ئۈچ تالنى ئۈزدى.

ـ ئاتىسى غورا يېسە، بالىسىنىڭ چىشى قاماپتۇ، ـ دېدى ھەمراھلىرىدىن بىرى ئۇنىڭغا.

ـ بىكار گەپ، غورىنى مەن يېسەم، قانداقسىگە بالامنىڭ چىشى قامىغۇدەك! ـ دەپ جاۋاب بەردى ھېلىقى كىشى ۋە ئاچچىق غورىنى كاراسلىتىپ چاينىدى.

ھەمراھى بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۇرمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئەمدىلا مىدىرلىتىشىغا ھېلىقى كىشى:

ـ بولدى، بولدى! سەن دائىم مۇشۇنداق پەلىپەتىش گەپلەرنى تېپىپ يۈرىسەن، ـ دەپ گەپنىڭ بېلىگە تەپتى. ھەمراھى جىمىپ قالدى.

ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتتى. ئېيتۇرلەركى، كېيىنكى چاغلاردا ھېلىقى كىشىنىڭ بىر بالىسى داڭلىق ئوغرى بولۇپ يېتىلدى. قاماقتا نەچچە قېتىم كىرىپ-چىقتى. ئاتىسى بالىسى ئۈچۈن جەرىمانە تۆلەپ، ئىلكىدە بارىدىن ئايرىلدى. بالا بولسا ئاخىرقى قېتىم بېلى مۈكچەيگەن، چاچ-ساقىلى ئاقارغان، كۆچمىدىن قالغان چاغدا سولاقتىن چىقتى.

راستىنى ئېيتقاندا، ئاتىسى غورا يېسە، بالىسىنىڭ چىشى قامىشى مۇمكىن ئەمەس، باتىنىدا:

سەن نېمىنى قىلساڭ، بالاڭ شۇنى قىلىدۇ. كىشىنىڭ غورا چاغلىق ھەققىنى يېمە، سەن ئۆزگىلەرنىڭ غورىسىنى يېسەڭ، بالاڭ خەقنىڭ شېرىن-شەربەتلىك يېمىشلەرگە تولغان بېغىنى ۋەيران قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى...

## ھەزىم بولغىنى ئاش، ھەزىم بولمىغىنى تاش

ئوغلۇم گېپىمنى ئاڭلىمايدۇ، چۈنكى مەنمۇ ئاتامنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىماس ئىدىم، بەلكىم ئاتاممۇ ئاتىسىنىڭ سۆز-نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىمىغان بولسا كېرەك. شۇڭا، ئاتام ئاتا-بوۋىسىدىن قالغان باغلىق ھويلىنى سېتىۋېتىپ، ماكانسىز قالغىلى تاس-ماس قاپتىكەن. مەنمۇ ياغاچ قولاق ۋە تۇترۇقسىزلىقىمدىن ھەركىمنىڭ سەنىمىگە دەسسەپ، ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدىم. ئېرىشكىنىم بىر ئۆمۈرلۈك دەرد، ھەسرەت-نادامەت بوپتۇ، شۇ. ئەمدى ئەقلىمنى تاپقىنىمدا ئارمانغا چۈشلۈق دەرمان يوق دېگەندەك بىر ھالەتتىمەن. لېكىن ھەر نېمە بولسا، بىرە-تولا تەجرىبە - ساۋاقتا ئىگە بولدۇم. ئوغلۇم بولسا يېشىنىڭ بىر يەرگە بېرىپ قالغىنىغا قارىماي، ساياقلىق قىلىپ تېخىچە ئۆيىنى تۇتالمايۋاتىدۇ، ئۇنىڭ تەڭتۇشلىرى بولسا ھەر ھالدا ئۆي-ئوچاقلىق بولۇۋېلىشتى. ئەمدىكى ئۈمىدىم:

— ئەي ئوغلۇم! ئاتا-بوۋىلىرىڭنىڭ ئۈگۈت-نەسىھەتلىرىنى تىڭشا، ئوڭۇشسىزلىقلىرىدىن ساۋاق ئال، ئۆزگىلەرنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىنىمۇ قوبۇل قىل، لېكىن بىر شەرت بىلەن: بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئەقلىڭ ئاشقازىنىدا تولۇق ھەزىم قىل! ئېيتۇرلەر: ھەزىم بولغىنى ئاش، ھەزىم بولمىغىنى تاش.

بۇ دۇنيادا سېنى ئۆز كىشىلىرىڭنىڭ چۈشەنمەسلىكىدىنمۇ ئېغىر ئەلەم بولمىسا كېرەك. چۈنكى باشقىلار سېنى چۈشەنمىسە، ئۇلارنى دۈشمەن ياكى رەقىب ۋە يا ھېچبولمىسا يات بولغاچقا شۇنداق، دەپ ئۆزۈڭگە تەسەللى تاپىسەن. ئەمما ئۆز يېقىنلىرىڭ چۈشەنمىسە، يېتىمسىرايسەن-دە، بۇ دۇنيادىن ئۈمىدسىزلىنىشكە باشلايسەن. ھالبۇكى، ئۆزۈڭ كىشى تۇرۇقلۇق كىشىلەردىن ئۈمىدسىزلەندىڭ دېگەن سۆز، بۇ دېمەك روھىڭ ئۆلۈشكە باشلىدى دېگەن سۆز. ئەمما كىشى ئۆلمەسلىكىنىڭ ئامالىنى قىلمىقى لازىم.

## رىغبەتلەندۈرۈش

(ئابدۇللا قادىرغا بېغىشلايمەن)

يەتتە-سەككىز ياشلىق بالا چىغ يەلپۈگۈچنى سۇندۇرۇپ قويۇپ ئاكىسىدىن دەشنام ئىشىتتى:

— ھو . . ي پوسۇر، دۆت، تەييار يەلپۈگۈچنى تۇتۇشنىمۇ بىلمەيسەن!

بالا جاۋابلاشمىدى. بىر كۈن ئېيتىشىپ بىر يەلپۈگۈچ ياسىدى، ئاددىيلا بىر نەچچە پارچە كارتون قەغەزنى ئۇزۇن تۆت بۇرجەك كېسىپ، يۈزلىرىگە شىلىم سۈركەپ چاپلاپ قاتۇردى، ئاندىن باش بارمىقىنىڭ تومۇلۇقچىلىك ئۇجمە ياغىچىنى كېسىپ، ئۇنىڭ يېرىمىنى تىلدى ۋە كارتون قەغەزنى ئۇنىڭ يېرىقىغا تىقىپ ئىككى يېرىدىن يىڭنە مىخ بىلەن مىخلىدى. بالا ئۆزى ياسىغان يەلپۈگۈچنى كۆتۈرۈپ، مەغرۇر قىياپەتتە كوچىغا چىقتى. بىر ئاقساقال بوۋاي دېدى:

— بالام، ئەپكەلچۇ، يەلپۈگۈچۈڭنى كۆرۈپ باقاي.

بالا بەردى، بوۋاي يەلپۈپ كۆردى، شامىلى تۈزۈككىنە، كۆڭۈللەرگە ھۇزۇر بېرىدۇ. بوۋاي قەلىمىنى چىقىرىپ يەلپۈگۈچنىڭ ئوڭ يۈزىگە يازدى:

نازاكەتلىك يەلپۈگۈچنىڭ
شامالى كەم بولماسۇن.
يەلپۈگۈچ تۇتقان كىشىنىڭ
كۆڭلىدە غەم بولماسۇن.
زور كەشپىيات قىلىپسەن،
قولۇڭغا دەرد كەلمەسۇن.
تىرىش-تىرماشقىن يەنە،
ئىشلىرىڭ ئوڭدىن كەلسۇن!

— بارىكاللا، يارايسەن ئوغلۇم! - بوۋاي بالىنىڭ ئاغزىغا بىر پارچە ناۋات سېلىپ قويدى.

— رەھمەت، بوۋا! - دېدى بالا. ئۇ، ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز شادلاندى.

ئارىدىن كۆپ يىللار ئۆتۈپ، ئەنە شۇ بالا داڭلىق ياسىغۇچى ئىنژېنېر بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. يېڭى تىپتىكى ئايروپىلان لايىھەلەپ ياساپ، دۆلەت پاتېنتىغا ئېرىشتى. تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە سەرسان-سەرگەردان بولۇپ، كۆپ نەرسىلەرنى ئەستىن چىقارغان بولسىمۇ، ئۆز قولى بىلەن ياسىغان شۇ تۇنجى يەلپۈگۈچنى ۋە ھېلىقى نۇرانە بوۋاينىڭ شېئىرىنى زادىلا ئۇنتۇمىدى.

## بىر نەچچە ئېغىز سۆز

بىر نەچچە يىلدىن بۇيان مېنىڭ باشقا تىللاردىن ئۇيغۇرچىغا ئۆرۈپ، گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇرغان ئەسەرلىرىمنى ئوقۇغان بەزى بۇرادەرلەر: يۇنۇس، بارغانسېرى ئۈگۈتچى بوپكېتىۋاتىسەن، باشقا ماۋزۇ، باشقا ژانىرلاردىمۇ ئىشلەپ باقساڭ بولمامدۇ، دېيىشتى. شۇنداق، كىشى قېرىغاندا ئۈگۈتچى بوپقالىدىكەن. چۈنكى، كىشى ئۆمرىنىڭ خېلى قىسمىنى ياشاپ بولغاندا تەبىئەت، جەمئىيەت، كىشىلىك مۇناسىۋەت توغرىسىدا زور ھەجىمدە بىلىمگە ئىگە بوپقالىدۇ. تەبىئىيكى، ھېچكىم بۇلارنى ئۇ دۇنياغا ئېلىپ كېتەلمەيدۇ. دېمەك، ئۇ توپلىغان بىلىملىرىنى بۇ دۇنيادا ياشاۋاتقان كىشىلەرگە قالدۇرۇپ قويۇشى كېرەك. لېكىن كۆپ ئەپسۇس، بۇ ئىش ھەممىلا ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدىكەن. تېخىمۇ ئېچىنارلىقى، بۇ ئىش پۈتۈنلەي قولىدىن كېلىدىغان بىر بۆلۈك كىشىلەر پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن «ئىش تامام، ۋەسسالام» دەپ بىلىپ،

قورسىقىدىكىنى ئۆزلىرى بىلەن بىرگە. . . ئېلىپ كەتمەك بولىدۇ. ئۇ دۇنياغا قورساقتىكى نەرسىلەر كېرەك ئەمەس، كېرەك بولغىنى بۇ دۇنيادىكى ساۋابلىق ـ خەيرلىك ئىشلار، ئەي قېرىنداش!

مېنىڭچە، بەدىئىي ئەدەبىيات ـ ئۇنىڭ پۈتكۈل تۈر-ژانىرلىرى ـ تېگى-تەكتىنى ئالغاندا، ئۇگۈت ـ نەسىھەت دېمەكتۇر. ئۇ، ئوقۇرمەنلەرنى زوقلاندۇرۇش يولى بىلەن تەربىيىلەيدۇ. ھېكايەت، ھېكمەت ـ ئەقلىيە سۆزلەرمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس، ئەلۋەتتە. كەمىنە ھەر خىل ساھەلەردە ئىشلەپ باققان، شېئىر، ھېكايە دېگەندەك نەرسىلەرنىمۇ يېزىپ كۆرگەن. نادامەتلەر بولسۇنكى، ئۇلار ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن يورۇق كۆرەلمىدى. ئەمدى ياشلىق ئۆتۈپ، كۈچ-مادارىم قالمىغاندا مىختەك ئولتۇرۇپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئاغزىغا تېتىمغۇدەك چوڭراق بىر نېمە يازماق قولۇمدىن كەلمەس. شۇڭا، ئۆزۈمنىڭ كۈچى يېتىدىغان، ئىشلىمەك ئاسان بىر ساھەنى ـ ھېكايەت ـ ھېكمەت ئۇسلۇبىدىكى يېزىقچىلىقنى تاللىۋالدىم. مەلۇمكى، ھېكايەت، مەسەل، ھېكمەت ـ ئەقلىيە سۆزلەر ئىنسانىيەت ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى. ئۇلارنىڭ شەكلى ئاددىي ـ ئىخچام، ئوقۇماق ئاسان، مەنە-مەقسەت ئېنىق-ئايدىڭ، ئەستە ساقلىماقمۇ ئوڭاي بولۇپ، ھەممە خەلقلەرگە ۋە ھەر قاتلامدىكى ئوقۇرمەنلەر ئاممىسىغا باب كېلىدۇ. مەن باشقا تىللاردىن ئۇيغۇر تىلىغا ئۆرىگەن ياكى ئۆزۈم تەييارلىغان ھېكمەت، ھېكايەتلەر ئۈستىدە ئالدىرىماي ئىنچىكىلەپ ئىشلەيمەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىگە بىرەر-يېرىم كۈن ۋاقىت سەرپلەيمەن، بەزىلىرىگە بولسا بىر ھەپتە. ئىشلىگەنلىرىم دىتىمغا ياقسا ئېلان قىلىشقا بېرىمەن، ياقمىسا تاشلاپ قويىمەن. قىسقىسى، ئىشلەۋاتقان ئىشىم دىتىمغا ياقىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ ئىشلىگەنلىرىم بىلەن بىرىنچى بولۇپ ئۆزۈم

ھوزۇرلىنىمەن ۋە تەربىيىلىنىمەن. ئىشىنىمەنكى، ئوقۇغانلارمۇ شۇنداق ھەم ھوزۇرلىنىدۇ، ھەم تەربىيە ئالىدۇ. ئەمدى «باراڭ ئاستىدىكى پاراڭلار②» («باراڭ ئاستىدىكى پاراڭلار①» نى ئاپتورنىڭ ئىنىسى ـ تونۇلغان مائارىپچى، تەتقىقاتچى مەھمۇت ئىلياس ئىدىقۇتلۇق يازغان، ژۇرنىلىمىزنىڭ 2000-يىل 1-سانىدا بېسىلىپ چىققان. ـ مۇھەررىردىن) توغرىسىدا بىر نەچچە كەلىمە:

ئەزىز بۇرادەرلەر! يۇقىرىدا يازغانلىرىمنىڭ بەزىلىرىنى ئوقۇۋېتىپ: بۇ ئاداشىزە، نەدىكى قاملاشمىغان، يوقىلاڭ نەرسىلەرنى يازىدىكەن، دۇنيادا شۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ؟! دېيىشىڭىز مۇمكىن. راست ئېيتىسىز، ئەگەر مەنمۇ باشقا بىركىمنىڭ يازغان مۇشۇنداق نەرسىلىرىنى ئوقۇغان بولسام ئىشەنمىگەن، ھېچبولمىغاندا گۇمانلانغان بولۇر ئىدىم. ئەمما كېسىپ ئېيتالايمەنكى، يۇقىرىدا يېزىلغانلارنىڭ ھەممىسى راست ئىش بولۇپ، كۆپىنچىسى يېزىمىزدا يۈز بەرگەن، ئۇلارنى ئاتا-ئانامدىن، ئاكىلىرىم ۋە ئايلامدىن ھەم يۇرتداشلىرىمدىن ئاڭلىغانمەن، بەزىلىرىنى باشقىلاردىن. كۆرۈپ تۇرۇپسىزكى، نېمىنى ئاڭلىغان، نېمىنى كۆرگەن بولسام شۇنى يازدىم. ئۇلارغا ھېچبىر توقۇلما قوشمىدىم، ئەدەبىي تۈسمۇ بەرمىدىم.

ئوقۇرمەنلەر كۆڭۈللىرىگە ئارام تېپىپ، ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئىبرەت ئالسا، پېقىر بۇ ئەمگىكىمدىن رازى بولۇر ئىدىم.

تۇرپان ئاستانە ـ
پىچان يانقىر كارىز
2000-يىل ئاپرېل-ماي

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە پەنلىرى ئىنستىتۇتى ئورتا ئاسىيا تەتقىقات ئورنىنىڭ ئىلمىي خادىمى، ھازىر پېنسىيەدە.(M1)


## مۇشتىرىلەر سەمىگە

ژۇرنىلىمىزنىڭ 2001-يىل كېيىنكى يېرىم يىللىق سانلىرىغا مۇشتىرى قوبۇل قىلىش 2001-يىل 5-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن 20-كۈنىگىچە بولىدۇ. يېرىم يىللىق باھاسى 15يۈەن. مۇشتىرىلىرىمىزنىڭ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايدىكى پوچتىخانىلار ئارقىلىق ژۇرنىلىمىزنىڭ كېيىنكى يېرىم يىللىق سانلىرىغا مۇشتىرى بولۇشنى قىزغىن قارشى ئالىمىز. ژۇرنىلىمىزغا مۇشتىرى بولۇش نومۇرى: 22 ـ 58

ژۇرنىلىمىزدا مەخسۇس ئارقىتىش خادىمى بولمىغاچقا، مۇشتىرىلىرىمىزنىڭ ئەڭ ياخشىسى پوچتا ئارقىلىق مۇشتىرى بولۇشنى سورايمىز.

ـ كامالىي ئېھتىرام بىلەن: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى



# ئىككى قەبرىلىك ئادەم

(ھېكايە)

ئاتاۋۇللا تۇرسۇنتوختى

## جەسەتسىز قەبرە

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، بۇغراخاننىڭ زامانىسىدا ئىككى ياش بالا ھەج قىلىمىز، دەپ سەپەرگە چىقىپتۇ. ئۇلار تاغ-داۋانلاردىن ئېشىپ بىر قۇملۇققا كەلگەندە ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان بىر دەرياغا دۇچ كەپتۇ. بۇ تەڭتۇش دوستلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى مەھەللىدىكى ئېرىق-ئۆستەڭلەردە سۇ ئۈزۈشكە ئۇستا بولسىمۇ، بىراق ئۇلاردىن قادىر ئىسىملىكى قورقۇمسىز، مۆمىن دېگىنى توخۇ يۈرەك چوڭ بولغان بالىكەن. قادىر ئالدى-كەينىگە قاراپ تۇرماستىنلا دەريادىكى ئۇلۇغ سۇغا سەكرەپتۇ-دە، لەڭ ئۈرۈپ ئېقىۋاتقان دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتۈپتۇ. قاشقا چىقىپ قارىغۇدەك بولسا، ئارقىسىدا مۆمىن كۆرۈنمىگىدەك، شۇڭا كەچ كىرگىچە ئۇنى ساقلاپتۇ. لېكىن مۆمىننىڭ ئۆزى تۈگۈل قارىسىمۇ كۆرۈنمىگەچكە، قادىر ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ تاقىتى تاق بوپتۇ. ئاخىرى ئۇ دوستىنى ئىزدەپ بۇ قاشقا ئۈزۈپ قايتىپ كەپتۇ. ئەپسۇس، مۆمىننى بۇ قاشتىمۇ ئىزدەپ تاپالماي بىر كېچە-كۈندۈز ساقلاپتۇ. يەنىلا مۆمىننىڭ ھېچقانداق ئىز-دېرىكى بولمىغاندىن كېيىن، ئۇنى ئۇلۇغ سۇ ئېقىتىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ گۇمان قىلىپ ئەنسىرەپتۇ؛ شۇنداقتىمۇ ئۈمىد بىلەن يەنە ئۈچ كېچە-كۈندۈز ساقلاپ بېقىپتۇ. مۆمىننىڭ يەنىلا ھېچقانداق خەۋىرىنى ئالالمىغاندىن كېيىن ئاخىرى ئۇ سۇغا غەرق بوپتۇ، دەپ جەزملەشتۈرۈپ ئاھ ئۇرۇپ ھازا ئېچىپتۇ. ھەج سەپىرىدە ئارقىغا يېنىشنى نامۇۋاپىق كۆرگەچكە، دەريا بويىغا مۆمىنگە ئاتاپ بىر قەبرە تىكلەپتۇ. يەنە يەتتە كېچە-كۈندۈز قارىلىق تۇتۇپ، كۆپ دۇئا-تىلاۋەت قىلغاندىن كېيىن دەرياغا قايتىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، دولقۇن يېرىپ ئۈزۈپ ئۆتكىنىچە ھەج سەپىرىگە راۋان بوپتۇ.

## ئۆز قەبرىسىگە كېپىلىش

ئەمدى گەپنى مۆمىندىن ئاڭلايلى: مۆمىنمۇ قادىرنىڭ ئارقىسىدىن دەرياغا چۈشۈپتۇ. لېكىن قىرغاقتىكى سۇ تىزىغا كېلە-كەلمەيلا ئالدىدىكى تۈرۈلۈپ ئېقىۋاتقان ئۇلۇغ سۇغا قاراپ قورقۇپ كېتىپ ئارقىسىغا يېنىپتۇ. بىر قاراغا كېلەلمەي دىلغۇل بولۇپ كۆپ ئويلاپتۇ، ئەمما ھەج قىلىش نىيىتى كۈچلۈك بولغاچقا، سەپەرنىڭ بېشىدىلا كەينىگە يېنىشتىن نومۇس قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەريا بويلاپ، ئۆتىدىغانغا تېيىز جاي ئىزدەپ مېڭىپتۇ. جاڭگاللاردا ئۇۋ ئۇۋلاپ جېنىنى جان ئېتىپ ئاي-ئايلاپ يول يۈرگەندىن كېيىن ئاخىرى دەريانىڭ ئېقىنى كىچىكلەپ تۈگەيلا دەپ قالغان بىر جايدىن تېيىز يەرنى ئىزدەپ تېپىپ كېچىپ ئۆتۈپتۇ. ئاڭغىچە ھەج ۋاقتىمۇ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. لېكىن ئۇ نىيىتىدىن يانماي، بۇ يىل بولمىسا كېلەر يىل، كېلەر يىل بولمىسا يەنە بىر يىل چوقۇم ھەج قىلىمەن، دەپ نىيەت قىلىپ يولىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ. يول ئۈستىدە بۇنداق چوڭ دەريالاردىن نەچچىسى ئۇچراپتۇ. ئۇ، بۇ دەريالاردىنمۇ ئۈزۈپ ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلالماي، يەنىلا دەريا ياقىلاپ تېيىز جاينى ئىزدەپ بىھۇدە يول يۈرۈپتۇ. ئاخىرى نىشاندىن

ئادىشىپ مەككىگە ئەمەس، راھىبلار تاۋاپ قىلىدىغان باشقا بىر جايغا كەپقاپتۇ.

مۆمىن ئۆزىنىڭ ھىندىستانغا كەپقالغانلىقىنى ئۇقۇپتۇ. ئۇ، ئويلىمىغان يەردىن ئۇخلاپ چۈشىدىمۇ كۆرۈپ باقمىغان، يەنە كېلىپ ئۆزى نىيەت قىلمىغان بۇ ناتونۇش ئەلگە كەپقالغانلىقىغا ھەيران قاپتۇ. بىكار يول مېڭىپ شۇنچە يىللار بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىگە قاتتىق ئۆكۈنۈپ يىغلاپتۇ. ئەمما ئۇزۇن يولدا ھاردۇق يېتىپ تېنىنى كېسەل چاقچاقچا ھاۋاسى ساپ، تىۋىپلىرى ئۇستا جاھانغا مەشھۇر بۇ جايدا بىرنەچچە يىل داۋالىنىپ، تۇرۇپ قاپتۇ، لېكىن ھەجگە بېرىش نىيىتىدىن ئەسلا يانماپتۇ. شۇڭا كېسىلى ساقىيىش بىلەنلا بۇددىستلارغا مەدىكار ئىشلەپ، سەپىرىنىڭ كەم-كوسىلىرىنى تولۇقلاپ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ماڭا-ماڭا ئاخىرى دېڭىز بويىغا كەپقاپتۇدە، «ئەييۇھەنناس! نېمىدېگەن سۈيى كۆپ چوڭ كۆل بۇ!؟» دەپ «ئاللا-توۋا» قىچقىرىپ ئاھ ئۇرۇپتۇ. ئۆتىدىغانغا كۆۋرۈك ياكى ئۆتكۈزۈپ قويىدىغانغا قېيىق تاپالماي بېشىنىڭ ئىچىمۇ-تېشىمۇ قېتىپتۇ. ئاخىرى ئامالسىزلىقتىن دېڭىزنى بويلاپ ئۆتۈدىغان تېيىز جاي ئىزدەپ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

مۆمىن شۇ ماڭغانچە ھىندىچىنى خانلىقلىرىنىڭ زېمىنىدا دېڭىز-ئوكيانلارنى بويلاپ، ئۇزۇن يىللار مېڭىپتۇ. تۈگىمەس كارۋان يوللىرىدا پات-پات ئۇچراپ تۇرىدىغان تۆگىلەرنىڭ تاپلىرى، ئادەملەرنىڭ قاغا-قۇزغۇنلار گۆشىنى يەپ يالىڭاچلاپ قويغان ئىسكىلىتلىرىنى كۆرۈپ، تېنى قاتتىق شۈركىنىپتۇ. شۇنداقتىمۇ ھەج قىلىش نىيىتىدىن يانماپتۇ. يەنىلا ئامال قىلىپ، يولنىڭ ئاسنى بىلەن سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. سەپىرىدە يولۇققان ئېگىز چوققىلارنىڭ ئارىسىدىن تۈز يول ئىزدەپ، قارلىق داۋانلارنىڭ قارلىرىنىڭ ئېرىشىنى، پايانسىز قۇملۇقلاردىكى پىژغىرىم ئىسسىقنىڭ سوۋۇشىنى كۈتۈپ، پەسىل تاللاپ تالاي ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپتۇ. لېكىن يات ئەللەردىكى تەنھالىق، مۇساپىرەتتىكى تۈگىمەس كۈتۈشلەرمۇ ئۇنى يولدىن قايتۇرالماپتۇ. كۈتكەنسېرى مەككە-مەدىنەمنى غايىبانە سېغىنىپ ئۇنى كۆرۈش، تاۋاپ قىلىش ئىستىكى تېخىمۇ كۈچىيىپتۇ. لېكىن مۆمىن كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن نىيەت بىلەن ئىرادىگە مۇۋاپىق تەدبىرنىڭ بولمىسا بولمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى چۈشەنمەپتۇ. شۇڭا، بىھۇدە سەپەر جاپاسىنى تارتىپ ياشلىق چاغلىرىدىن تاكى كۈچتۈڭگۈر-قىرانلىق چاغلىرىغىچە بولغان ھاياتلىقتىكى ئالتۇن دەۋرى يول ئۈستىدە بىھۇدە ئۆتۈپ كېتىپتۇ. شۇنداقتىمۇ مەككە-مەدىنە سەپىرىدىن ئۈمىدىنى ئۈزمەي، قانچىلىغان خان-پادىشاھ، بەگلىكلەرنىڭ زېمىنىدىن ئۆتۈپتۇ. ماڭا-ماڭا ئاخىرى چىن خاقانىنىڭ ئاستانىسىگە كەپقاپتۇ. ئۇنىڭ بۇ ئىقلىمدىكىلەرگە غەيرىي بىلىنگەن يوچۇن تۇرقى — سارغۇچ بومبا ساقىلى، كۆكۈش كۆزى، ئۇلارغا ئوخشىمايدىغان گەپ-سۆزى كىشىلەرنى قىزىقتۇرۇپ، مۆمىن ھەققىدىكى پاراڭلار خاننىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. خان مۆمىننى ئوردىغا چاقىرتىپ ئۇنى نازۇ-نېمەت ۋە نەغمە-ناۋالار بىلەن كاتتا مېھمان قىپتۇ. خاننىڭ كىچىك پېئىللىقى، چىقىشقاقلىقى، بولۇپمۇ سىيلىق-سىپايە گەپ-سۆزلىرى مۆمىننى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرۈپتۇ. زىياپەتتە ئۇلار بىر-بىرىدىن ئايرىلماس ئاكا-ئۇكا بولۇشۇپ، قول بېرىشكەندىن كېيىن خان ئۇنى ئىززەت-ئىكرام بىلەن يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

خاننىڭ ئىلتىپاتى بىلەن، خانلىقنىڭ يۇرت-ئايماقلىرىنىڭ بەگ-ئامباللىرى يول-يوللاردا ئۇنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قىلىپ كۈتۈۋاپتۇ. لېكىن ئۇنىڭ يولنى خاتا ماڭغانلىقىدىن قەلبى ئازابلىنىپ، كۆزىدىن ياش قۇرۇماپتۇ. شۇنداقتىمۇ يەنە نىيىتىدىن يانماي دېڭىز-ئوكيان بويلىرىنى تاشلاپ، قۇرۇقلۇق يوللىرىنى بويلاپ، مەككە-مەدىنەمنى نىشانلاپ مەغرىبكە قاراپ مېڭىۋېرىپتۇ.

«كۆنگەن خۇي ئۈجمە پىشىشقىغىچە» دېگەندەك، ئۇ يەنىلا سەپىرى ئۈستىدە يولۇققان دەريالاردىن ئۈزۈپ ئۆتۈشكە بۇرۇنقىدەكلا جۈرئەت قىلالماپتۇ. سۇنىڭ تېيىزى، يولنىڭ تۈپتۈزىنى ئىزدەپ بىھۇدە كۆپ يول مېڭىپ ھالىدىن كېتىپتۇ. ئاخىرى يول ئۇنى قېرىتىپتۇ. يول تۈگىمەي ئۆزى تۈگىشىشكە باشلاپتۇ. چاچ-ساقاللىرى ئۈچتەك ئاقىرىپ، بەللىرى يادەك ئېگىلىپتۇ. مەككىگە يەتمەي تۇرۇپلا پۇت-قوللىرىدىن كۈچ-مادار كېتىپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ يولىدىن قالماپتۇ. ماڭا-ماڭا بالىلىقىدا كۆرگەندەك قىلغان بىر ماكانغا كەپقالغانلىقىنى ھېس قىپتۇ. شۇ چاغدىلا مۆمىن بىر ئۆمۈر سەپەر قىلىپ، ئۆز يۇرتىغا كەپقالغانلىقىنى بىلىپ، ئالدانغان ئۈمىدى ئۈچۈن ئەلەمزادە بولۇپ يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ، تەڭرىگە نىدا قىپتۇ...

ئۇ سەل ئېسىگە كەلگەندىن كېيىن: «ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار» دەپ ئۆزىنى بەزلەپ ھەج سەپىرىدىن يەنىلا يانماپتۇ. ئۇ، ئۆز يۇرتىدىكى پايانسىز قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان چوڭ بىر دەرياغا دۇچ كېلىپ توختاپ قاپتۇ. بۇ، دەل بالا ۋاقتىدا دوستى قادىر بىلەن ۋىدالاشقان ئاشۇ تونۇش — ئانا دەريانىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىكىنى خىرەلەشكەن ئاجىز كۆزلىرى بىلەن ناھايىتى تەستە ئىلغا قىپتۇ. ئۇ، ياش ۋاقتىدا ئۆتەلمىگەن بۇ دەريادىن ئەمدى پۇت-قولىدىن ماغدۇر كەتكەندە — قېرىلىقىدا تېخىمۇ ئۆتەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپتۇ-دە، يەنىلا تېيىز جايىنى ئىزدەپ مېڭىپتۇ. ماڭا-ماڭا بىرنەچچە كۈندىن كېيىن دەريا بويىدىكى بىر تۈپ قاقشال يۇلغۇن تۈۋىدىكى يالغۇز قەبرىنىڭ قېشىغا كېلىپ توختاپ قاپتۇ. قەبرە بېشىدا پاكىز كىيىنگەن، گەۋدىلىك، سېمىز بىر بوۋاي يۇم-يۇم يىغلىغىنىچە دۇئا قىلىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بۇنىڭغا قاراپ مۆمىن ئۆزىگە ئەمەس بۇ بوۋايغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ دۇئاغا تەڭ قول كۆتۈرۈپتۇ. لېكىن ئۇ ئۆز قەبرىسىگە ئۆزى دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى تېخىچە بىلمەپتۇ...

## ئۆز قەبرىسىگە يېتىش

ئىككى بوۋاي بىر-بىرىنــى پەقەت تونۇماپتۇ. بولۇپمۇ قادىر بوۋاي پايانسىز كەتكەن بۇ ئادەمسىز چۆللۈكتە ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بـوپقـالغان بىرسىنىڭ ئۆزى بىلەن بىرگە بۇ قەبرە ئالدىدا دۇئاغا قول كۆتۈرگەنلىكىدىن ھەيران قاپتۇ. يۈزىنى ئاپئاق، ئۆسكىلەڭ ساقال باسقان، چاچلىرى ئۆسۈپ بەلگە چۈشكەن، ئەزايى - بەدىنى كىر-قاسماق، بەتبۇي، جۇلجۇل كىيىملىك بۇ ناتونۇش مۇساپىرنىــڭ ئۆز تىلىدا تولىمۇ قىينىلىپ سۆزلەشلىرىدىن، ھەجلەپ دۇئا قىلىشلىرىدىن ئۇنىڭ ئۆز قەۋمىدىكــى ئادەم ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپتۇ-دە، ئۇنــىڭغا سالام بېرىپ بېشىدىن ئۆتكەن كەچمىشلىرىنــى سۆزلەپ بېرىپتۇ. مۆمىن بۇ بوۋاينىڭ ئېيتقانلىرىدىن ئۇنىڭ ياش ۋاقتىدا ھەج سەپىرى قىلىپ، مۇشۇ دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتكەنلىكىنــى، ئۇچرىغان تۈرلۈك-تۈمەن مۇشكۇلاتلارنى يېڭىپ، شۇ يىلىلا ھەج پەرھىزىنى ئادا قىلغانلىقىنى بىلىپتۇ. بوۋاي يەنە بالىلىقتىكــى جانجىگەر دوستى مۆمىننى ياد ئېتىش ئۈچۈن، ئۆزى دۇئا قىلىپ ئولتۇرغان مۇشۇ قەبرىنى بەلگە قىلىپ، دەرياغا كۆۋرۈك سېلىشقا نىيەت قىلغانلىقىنــى سۆزلەۋاتقاندا، مۆمىن ئۆزىنى تۇتالماي ئۈن سېلىپ يىغلاپ كېتىپتۇ. بىراق نومۇس كۈچىدىن تونۇشلۇق بېرىشكە جۈرئەت قىلالماپتۇ؛ مەنىســىز ئۆتكەن ئۆمرىگە ئېچىنىپ، پۇشايمان ياشلىرى ھايات تۇرۇپ ياسالغان قەبرىسىگە تۆكۈلۈپتۇ.

مۆمىن بوۋاي ئۇيـان ئـويلاپ، بـۇيـان ئـويلاپ ئاخىرى ھەج سەپىرىنىڭ ئاخـىرىنــى چۈشۈرۈش ئۈچۈن، دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتۈش قارارىغا كـەپتـۇ. ئەمما ماغدۇرى قاچقان تىزلىرى تىترەپ، ئورنىدىن تۇرا-تۇرمايلا بېشى قېيىپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلە-شىپتۇدە، ئۆز قەبرىسى ئۈستىگىلا يىقىلىپ قايتا ئورنىدىن تۇرالماپتۇ. مۆمىن شۇندىلا بىــر ئۆمۈر سەپەر قىلىپ يەتكىنى ئۆزىنىڭ قەبرىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. يېنىــدا ئايەت ئوقۇپ ئېغىــزىغا سۇ تېمىتىۋاتقان دوستى قادىرغا ئۆمرىنىڭ ئاخىرقــى دەقىقىلىرىدە بولسىمۇ تونۇشلۇق بېرىشكە ھەرقانچە ئۇرۇنۇپمۇ، بىراقلا زوۋاندىن قېلىپ پۇشايمان - ھەسرەت ئىچىدە جان ئۈزۈپتۇ.

قادىر بوۋاي كۆز ئالدىدا تولىمۇ قىينىلىپ، جان تەسلىم قىلغان بۇ «مۇساپىر»- ناتونۇش بوۋايغا ئىچى ئاغرىپ كۆز يېشى قىپتۇ. ئەل-يۇرتقا خەۋەر قىلىپ، بۇ جەسەتنىڭ ئىگىسىنى دىرەكلەپتۇ. مۆمىننىــڭ تۇغقانلىرىدىن تارتىپ پۈتكۈل ئەھلى مەھەللە بۇ «ياقا يۇرتلۇق مۇساپىر» نى تونۇماپتۇ. ئۆزى باش بولۇپ ھازا ئېچىپ، مېيىــت نامىــزى چۈشۈرۈلۈپ، مۆمىننىڭ قەبرىسى يېنىغا دەپنە قىپتۇ..

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي قادىر بوۋاي باش بولۇپ، ئاشۇ بىرجۈپ قەبرىنى بەلگە قىلــىپ بۇ دەرياغا ئىنتايىن مەزمۇت كۆۋرۈك سېلىنىــپتۇ. ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ قادىر بوۋايمۇ پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە رىھلەت قىپتۇ. ئۇ سالدۇرغان كۆۋرۈك زاماندىن زامانلارغىچە ساقلىنىپ، ئەلنىڭ ھاجىتىنى راۋان قىپتۇ. بىراق قادىر بوۋاي كۆز يۇمۇپ نەچچە يىل ئۆتە-ئۆتمەيلا كۆۋرۈك يېنىدىكى ھېلىقى بىرجۈپ قەبرىنى چۆلنىڭ ئىزغىرىن شامالـلىــرى يالاپ، قەبرىلەردىن ھېچقانداق ئىــزنا قالماپتۇ ۋە بىــر قېتىملىق كەلكۈندە مۆمىننىڭ گۆرى ئېچىلىــپ كېتىپ، ئۇنىڭ سۆڭەكلىــرى چــىلبۆرىلەرگە يەم بوپتۇ.

بىراق كۆۋرۈك زامانىمىــزغــىچە مەزمۇت تۇرۇپتۇ. ئاڭلىشىمچە، يېقىندىن بېرى بۇ ئەزىم دەريا تارىختىكى قايسىدۇر بىر دانىشمەننىڭ تىلىدىن: « بۇ دۇنيادا سىلــەردىــن ئۆلمەيدىغان كىــم بار؟ بىلىڭلاركى، ئۆلگەنلەر تىرىكلەرنىــڭ قەلبىــگە كۆمۈلمەيدىغان بولسا، راستىن ئۆلگەن بولــىدۇ. شۇڭا، ئۆز قەبرىسىنى ھاياتلارنىــڭ قەلبىــگە ياسىيالايدىغانلارلا ئاندىن مەڭگۈ ياشــيالايدۇ!... ھەي، ئادەملەر، بىلدىڭلارمۇ؟! پۇشايمان قىلمىغۇدەك ياشاڭلار، ئېقىنىمنى كۆز يېشىڭلار بىــلەن ئۇلغايتماڭلار» دەپ پىچىرلايمىش.

2000-يىل مارت، ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: شىنجاڭ مۇلازىمەت - كۇتۇچىلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى(M2)

### تەھرىراتىمىزنىڭ ئالاھىدە ئۇقتۇرۇشى

شىنجـاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نەشر ئەپـكـارى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى بىلەن خەنزۇ يېزىقىدىكى نەشر ئەپكارى «غەربىي دىيار مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئېنىــق پەرقلەندۈرۈشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر، خەت، پۇل چېكـى، تۈرلۈك ئالاقە، كىتاب - ژۇرنال، مـاتېرىيـال ئەۋەتكۈچى ئورۇن ۋە شەخسلەر ئادرېسىمىزنى ئۇيغۇر ۋە خەنزۇيېزىقلىرىدا ئېنىق قىلىپ:ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى72-قورۇدىكى«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە - 乌鲁木齐市团结路 72 号《新疆文化》杂志维文编辑部收 دەپ يېزىشنى ئۈمىد قىلىمىز. پوچتا نومۇرىمىز: 830001

- كامالىي ئېھتىرام بىلەن: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

# ئانا ھەققىدە چۆچەك



ئۇيغۇر خەلق چۆچىكى ئاساسىدا ئىشلەنگەن ئوپېرا

ئابلجان ھېيت

## روللاردا

ئۆزدىيار ئانا: سەھرا-قىر ئايلى، 55 ياش
پالۋان: ئۆزدىيار ئانىنىڭ ئوغلى، 25 ياش
ئامانشاھ: كرورەن ئېلىنىڭ خانى، 60 ياش
شاھپەرى: ئامانشاھنىڭ قىزى، 20 ياش
جاھانباز: تاغ ئېلىنىڭ خانى، 50 ياش
پەرماندار: ئەلچى، 55 ياش
خانىنىڭ مۇلازىم - لەشكەرلىرى، شاھپەرىنىڭ كېنىزەكلىرى، پالۋاننىڭ دوستلىرى، ئەلچىلەر، پۇقرالار

## كىرىشمە

بوۋاقنىڭ ئاچچىق يىغىسى بىلەن پەردە ئېچىلىپ، چىراغ نۇرى دىمىغىدا ئەللەي ناخشىسى ئوقۇپ بۆلەنچۇكتىكى بوۋىقى پالۋاننى تەۋرىتىپ ئولتۇرغان 30 ياشلاردىكى ئۆزدىيار ئانىنىلا يورۇتىدۇ.

## سەھنە ئەسەرلىرى

«ئەللەي ناخشىسى» ئاستا-ئاستا مۇزىكىغا ئاندىن تېكىستسىز ئومۇمىي خورغا ئايلىنىدۇ. خور ئەۋجىگە چىققاندا ئۆزدىيار ئانا ۋە بۆلەنچۇكنى يورۇتۇپ تۇرغان چىراغ ئۆچۈپ، ئۇلارنىڭ كۆلەڭگىسى ئارقا ئېكراندا پەيدا بولىدۇ. ئوپېرانىڭ ئاساسىي ئاھاڭى باشلىنىپ، «ئانا ھەققىدە چۆچەك» دېگەن خەت ئاندىن ئاپتور، رېژىسسور، كومپوزىتور، ئاساسلىق رولچىلارنىڭ ئىسىملىرى كۆرسىتىلگەندىن كېيىن ھەيۋەتلىك كىرىشمە خورى ئېيتىلىدۇ:

سەن قانداق ئىنسانسەن ئەي ئۇلۇغ ئانا،
باش ئەگەر ھۆرمەتتە ساڭا يەر-جاھان.
تەڭرىنىڭ ئىستىكى سەن بىلەن ئادا،
ھاياتلىق سەن بىلەن ئىللىق- مېھرىبان.

سەن قانداق ئىنسانسەن مېھرىبان ئانا،
سەن پەرزەنت ئالدىدا غېرىب ھەم غەمخان.
سەن شۇنداق ئىنسانسەن مېھرىبان ئانا،
سەن پەرزەنت ئالدىدا كۆيگەن بىر گۈلخان.

كىرىشمە خورىنىڭ ئالدىنقى كۇپلېتىنى ئايال خورچىلار، كېيىنكى كۇپلېتىنى ئەر-ئايال خورچىلار ئورۇندايدۇ.

## 1- كۆرۈنۈش

خان ئوردىسى ئالدىدىكى مەيدان.
شادىيانە مۇزىكا ساداسى ئىچىدە چىراغ شىرمەت يىگىت پالۋاننى ئالدىن خۇشاللىق تەنتەنىسىگە

تولغان سەھنىنى يورۇتىدۇ.
سەھنىدە ئەر-ئايال، ئۇلۇغ-ئۇششاق جامائەت. چېلىشىش، جانبازلىق، سېرك-سېھىرگەرلىك قاتارلىق بايرام ئويۇنلىرى ۋە قىزلار ئۇسسۇلى، ئوغۇللار ئۇسسۇلى، ئارىلاشما ئۇسسۇل - مەشرەپلەر قىزىغاندا تاماشا كۆرۈپ تۇرغان نان-گۆشكىردە سانقۇچىلارمۇ تەۋەككۈلىرىنى بېشىغا قويۇپ ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. مەيداندا قىقاس - چۇقان، خۇشاللىق ئەۋجىگە چىقىدۇ.
جاكارچى كىرىدۇ.
**جاكارچى:** شاھ ئالىيلىرى كەلدى!
سورۇن ئەھلى ئويۇن — تاماشىدىن توختاپ سەپراس بولىدۇ.
سەھنىگە ھەيۋەتلىك مۇزىكا ساداسى ئىچىدە ئوردا لەشكەر-سىپاھلىرى، مۇلازىملار، ئاندىن شاھپەرى ۋە خانلىقنىڭ مۆتىۋەرلىرىنى ئەگەشتۈرگەن ئامانشاھ قەدەم تەشرىپ قىلىدۇ.
ئامانشاھ مەيدانغا ياسالغان خاس شاھانە كۈرسىدا جامائەتكە سالام بىلەن ناخشا ئېيتىدۇ.

**ئامانشاھ:**

يۇرت ئامان - خەلقىم ئامان،
ئەلگە قۇت بولغاي ھامان.

شاھنىڭ تىلىكىدىن قالتىس سۆيۈنگەن جامائەت زىلزىلە بىلەن خانغا قوشۇلىدۇ.

**جامائەت:**

شاھ ئامان - ئەل-يۇرت ئامان،
شادلىقتا تولغاي يەر-جاھان.

شاھ بىلەن جامائەتنىڭ تەزىم-سالام مۇراسىمىدىن كېيىن، سورۇن تەرتىپلىگۈچى يىگىتۋېشى كامالىي ئېھتىرام بىلەن شاھپەرىنى سورۇنغا تەكلىپ قىلىدۇ. شاھپەرى ناخشا بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ.

**شاھپەرى:**

زاماننىڭ گۈل چېچىكى كەلدى،
ياشايلى ئۈم-ئىناقلىقتا.
ئىناق ئەل گۈللىگەي ھەرچاغ،
تىلەيلى قۇت ئانا يۇرتقا.

شاھپەرى زەۋق-شەۋقى بىلەن ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىۋاتقاندا تاماشىچىلار ئىچىدە-بىرچەتتە قاراپ تۇرغان قىر يىگىتى پالۋان شاھپەرىنىڭ تەڭداشسىز ھۆسن-جامالى، نازاكىتىگە مەپتۇن بولۇپ قاراپ قالىدۇ.
شاھپەرىنىڭ ناخشىسى داۋاملىشىدۇ:

ئانا يۇرت بەختى - ئەل بەختى،
ئەجىر بىرلە كامال تاپقاي.
ۋاپاغا ئاشنا ئەلگە
سائادەت كەڭ قۇچاق ئاچقاي.

شاھپەرى ناخشىسىنى تاماملاپ جامائەتكە تەزىم قىلغاندا، گۈلدۈراس قىقاس - ئالقىش ساداسى ياڭرايدۇ. شاھپەرى جاۋابەن مىننەتدارلىق تەزىمى قىلىدۇ. يىگىتۋېشى قولىدىكى ئالابالداق كالتىكىنى ئايلاندۇرۇپ پىرقىرىتىپ، چېلىش سورۇنى راسلاپ جاكارلايدۇ.
**يىگىتۋېشى:** قېرىنداشلار، «خان جەمەتى ئالتۇن كەمەر چېلىشىش مۇسابىقىسى» باشلاندى.
مەيداندا قىقاس-چۇقان كۆتۈرۈلىدۇ.
يىگىتۋېشى بېلىدىكى ئىككى دانە كۆك بەلۋاغنى بېشىپ پىرقىرىتىپ تۇرۇپ، ناخشا بىلەن چېلىشچىلارنى مەيدانغا تەكلىپ قىلىدۇ:

**يىگىتۋېشى** (ناخشا):

قېنى شىر يەيلى ئوغلانلار،
چۈشەيلى جەڭگە - مەيدانغا.
زامان پالۋانلىرى چىقسۇن،
يېتەيلى ئارزۇ-ئارمانغا.

يىگىتۋېشى ناخشىسىنى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، ناخشىنىڭ ئاخىرقى ئىككى مىسراسى خورچىلار ئارقىلىق تەكرارلىنىدۇ.
**يىگىتۋېشى:** قېنى، مەيدانغا چۈشىدىغان پالۋان بارمۇ؟
**چېلىشچىA:** مەن بار!
يىگىتۋېشى چېلىشچى پالۋان بىلەن قىزغىن كۆرۈشىدۇ ۋە ئەتراپىغا قاراپ تۇۋلايدۇ.
**يىگىتۋېشى:** ھە، يەنە قايسى پالۋان چۈشىدۇ؟
**چېلىشچىB:** مەن چۈشەي!
ئىككى چېلىشچى مەيدانغا چۈشكەن ھامان ياشلار ئىككى توپقا ئايرىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ پالۋىنىغا مەدەت بېرىدۇ.

**Aتوپ باشچىسى:** نوچىنىڭ نوچىسى،
چۈشسۇن مەيدانغا.

**A توپ ياشلار:** نومۇستىن قورقمسا،
قېلىپ يۇشمانغا.

**Bتوپ باشچىسى:** نوچىنىڭ نوچىسى،
چۈشسۇن مەيدانغا.

**Bتوپ ياشلار:** بېلى بوش تەڭ كەلمەس
بىزنىڭ ئوغلانغا.

**Aتوپ باشچىسى:** نوچىنىڭ نوچىسى،
چۈشسۇن مەيدانغا.

**Aتوپ ياشلار:** يولۋاسنى سالمايمىز
تۈلكە، ئاسلانغا.

**Bتوپ باشچىسى:** نوچىنىڭ نوچىسى
چۈشسۇن مەيدانغا.

**Bتوپ ياشلار:** لاپ ئۇرۇپ يەتكىلى
بولماس ئارمانغا.

ئىككى توپ ئۆزئارا ھەيۋە كۆرسىتىپ، چۇقان-سۈرەن سېلىشىۋاتقاندا چېلىشچىلار مەيداننى ئايلانغاچ بەلۋاغلىرىنى چىگىتىپ، بىر-بىرىگە يېقىنلاپ كېلىپ بەل تۇتۇشىدۇ. بىر پەس سوكۇتتىن كېيىن يەنە ئىككى توپ بويىچە چۇقان - سۈرەن باشلىنىدۇ. بۇ جىددىي كەيپىياتنى ئوركېستىر تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتىرىدۇ. چېلىش بارغانچە قىزىيدۇ. بىردە پالۋانA كۈچلۈك كەلسە، بىردە پالۋانB كۈچلۈك كېلىدۇ-دە، ئاخىرى پالۋانA پالۋانBنى يىقىتىدۇ. مەيداندا قاتتىق قىقاس - چۇقان كۆتۈرۈلىدۇ. چېلىشتىن تولىمۇ مەمنۇن بولغان شاھنىڭ ئەمرى بىلەن مەيدانغا كۈمۈش تەڭگە چاچقۇ چېچىلىدۇ.
يىگىتۋېشىA توپىنى قۇتلاپ، Bتوپىدىكىلەرنىڭ كۆڭلىنى ياسىغاچ يەنە چېلىششقا پالۋانلارنى

چېللايدۇ. بۇ ئارىلىقتا A توپنىڭ چېلىشچىسى توپا سورۇپ مەيداننى توختىماي ئايلىنىدۇ. بىراق B توپتىن چېلىشقىلى ئادەم چىقمايدۇ. ئاخىرى يىگىتبېشى يەنە چاقىرىدۇ.

يىگىتبېشى: قېنى، بۇ پالۋان بىلەن چېلىشىدىغان نوچى بارمۇ؟

شۇ ئەسنادا مەيداننىڭ بىر بۇلۇڭىدا چېلىش كۆرۈپ تۇرغان سەھرا-قىر يىگىتلىرىدىن پالۋان باشلىق ئۇچەيلەن ھەم قىزىقىش، ھەم تارتىنىش ئىچىدە بىر-بىرىنى چېلىشقا ئۈندەپ، ئۆز ئارا تارتىشىدۇ ۋە ئاخىرى ئۇنىمىغىنىغا قارىماي پالۋاننى مەيدانغا ئىتتىرىپ چىقىرىدۇ. پالۋان خىجىل بولۇپ كەينىگە داجىيدۇ. بۇنى كۆرگەن يىگىتبېشى دەرھال پالۋاننىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن سورايدۇ:

يىگىتبېشى: ھە، پالۋان يىگىت، چېلىشىپ باقاي دەمسىز؟

پالۋان: مەن؟

يىگىتبېشى: بۇرۇن چېلىشقانمۇ؟

دوستلىرى: ئۇ، چېلىششقا ئۇستا.

بۇنى ئاڭلاپ يىگىتبېشى پالۋانغا بەلۋاغنى تەڭلەيدۇ، بىراق پالۋان ئۇنىمايدۇ. بۇ چاغدا بۇقىدەك ھۆركىرەپ، توپا سورۇپ مەيداننى ئايلىنىپ، قىنىغا پاتماي يۈرگەن A توپنىڭ چېلىشچىسى مەيدىسىنى كېرىپ كېلىپ، مۈرىسىنى پالۋانغا ئۇرۇپ قويۇپ، ئۇنى مەنسىتمىگەندەك يەڭلىرىنى شىمايلاپ تۇرۇپ، مازاق قىلىپ ناخشا ئوقۇيدۇ:

ئۇ تېخى سويما ئىكەن،
بېلىگە كۈچ بارمىغان.
ئالدىدا تىلخەت بېرىپ،
بەل تۇتۇشسۇن جانغاجان!

ناخشا بىلەن تەڭ A توپتىكىلەر پاراققىدە كۈلۈشىدۇ. بۇ كۈلكە ۋە مەنسىتمەسلىك پالۋاننىڭ غۇرۇرىغا تېگىدۇ-دە، ئۇنىڭ بىلەن چېلىشىش نىيىتىگە كېلىپ، يىگىتبېشىنىڭ قولىدىكى بەلۋاغنى ئۆزى بېرىپ ئېلىپ باغلىغاچ ناخشا ئوقۇيدۇ:

**پالۋان** (ناخشا):

نوچى بولساڭ بەل تۇتقىن،
يىغىشتۇرۇپ تىلىڭنى.
داۋايىم يوق چېلىشتا
ئالساڭ ئەگەر جېنىمنى.

پالۋان ناخشىسىنى ئوقۇپ بولۇپ قارشى تەرەپ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئەدەپ بىلەن قولىنى تەڭلەيدۇ. بىراق قارشى تەرەپ پالۋاننىڭ قولىدىن تۇتۇپ كۈچەپ تۇرۇپ يانغا تارتىدۇ ۋە پۇت قويىدۇ. پالۋان دۆگجۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تۇتۇشۇپ كېتىدۇ. مۇزىكا جىددىي ھالەتكە ئۆزگىرىپ ئۇلارغا تەڭكەش قىلىدۇ. A توپتىكىلەر ئۆز نوچىسىغا مەدەت بېرىپ ۋارقىرىسا، B توپتىكىلەر سەھرا-قىر يىگىتلىرىگە بولۇشۇپ چۇقان سالىدۇ. ئاخىرى كۈچلۈك قىقاس-چۇقان ئىچىدە سەھرا-قىر يىگىتى پالۋان A توپنىڭ نوچىسىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، پىرقىرىتىپ زەرب بىلەن يەرگە ئاتىدۇ. مەيداندا غەلىبىگە تەنتەنە قىلىپ ناغرا-سۇناي، بۇرغىلار چېلىنىدۇ. يىگىتبېشى پالۋانغا قىزىلگۈل تاقايدۇ. ئاندىن شاھپەرىنى پالۋانغا ئالتۇن كەمەر تاقاشقا تەكلىپ قىلىدۇ. جامائەت «دۇررىدە» ئورنىدىن تۇرىدۇ. شاھپەرى ئالتۇن كەمەرنى پالۋاننىڭ بېلىگە تاقىغاچ تەبرىك ناخشىنى باشلاپ ئېيتىدۇ. جامائەت ئەگىشىدۇ:

مۇبارەك پالۋانغا،
بولسۇن مۇبارەك.
پالۋانلار ھەرزامان
تاپسۇن كامالەت.

شاھنىڭ جاكارچىلىرى چېلىشىش ئاخىرلاشقانلىقىنى جاكارلاپ بۇرغا چالىدۇ. جامائەت ئامانشاھقا تەزىم بەجاكەلتۈرىدۇ. ئامانشاھمۇ ئۇلارغا سالام قايتۇرىدۇ، ئاندىن شاھپەرى، ۋەزىر-ۋۇزرالار ۋە خانلىقنىڭ ئاقساقاللىرىنى ئېلىپ سەھنىدىن چىقىدۇ. ئۆمرىدە كەلگەن تۇنجى كاتتا ئامەت ۋە شاھپەرىنىڭ ھۆسن-جامالىدىن خۇدىنى يوقاتقان پالۋان مەلىكىنىڭ ئارقىسىدىن ھاڭۋېقىپ قاراپ قالىدۇ. سەھرا-قىر يىگىتلىرى ۋە تاماشىچىلار ئۇنى ئورىۋېلىپ تەبرىكلەيدۇ ۋە ئارقا-ئارقىدىن ئاسمانغا ئاتىدۇ. بىراق پالۋان ھاۋادا لەيلەۋېتىپمۇ، يەرگە چۈشۈپمۇ شاھپەرى كەتكەن تەرەپكە قارايدۇ. ئاخىرى ئۇ يىگىتلەرنىڭ قولىدىن چىقىپ كېتىپ، يەرگە ئوڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشىدۇ ۋە توپنىڭ ئىچىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، شاھپەرىنى ئىزدەپ بىتاقەت بولىدۇ. بارا-بارا سەھنە قاراڭغۇلىشىپ، ئەگەشمە چىراغ پالۋاننى يورۇتىدۇ. بىردىنلا ئامانشاھنىڭ ئوردىسى ئېگىز چاققاقلىق تۆپىلىككە ئايلىنىدۇ. پالۋان بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ تۆپىلىككە چىقىدۇ. مۇزىكا رىتىمى ئۆزگىرىپ مۇڭلانغان پالۋان ئۆز روھىي ھالىتىنى ناخشا بىلەن ئىزھار قىلىدۇ:

مەن نېمە بولدۇم جاھان، باشىمغا چۈشتى نەبالا،
كۈنگە باقسام كۈن كۆيەدۇر، ئاي دەردى دەرماندىن جۇدا.
بىلمىدىم بۇ نەكارامەت، قايسى تەقدىر ئويۇنى،
ئىشق ئوتى - جانان ئوتى - يار كويىدا باغرىم يارا.

پالۋان ناخشىسىنى ئوقۇپ بولۇپ، چېكىش تۈيغۇلار ئىچىدە شاھپەرى كەتكەن تەرەپكە قاراپ تەلمۈرىدۇ.

## 2-كۆرۈنۈش

مۇزىكىنىڭ مۇڭلۇق ساداسى ئىچىدە پەردە ئېچىلىدۇ.

سەھنە: ئارقا تەرەپ ئېگىز تۆپىلىك، تۆپىلىكنىڭ سول تەرىپى ئۆزدىيار ئانىنىڭ كەپىسى، كەپە ئالدى ھويلا. ھويلىنىڭ بىر تەرىپىدە بىر كۆتەك ئورۇندۇق، يەنە بىر تەرىپىدە يوپۇرماقلىرى سارغايغان بىر تۈپ دەرەخ.

پالۋاننى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ، كۆتەكنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان ئۆزدىيار ئانا ئورنىدىن تۇرۇپ، تەسلىكتە بېلىنى رۇسلاپ ئوغلىنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا ئەتراپقا غېرىبسىنىپ قارايدۇ ۋە يەنە ئۆزجايىغا كېلىپ ئولتۇرىدۇ.

**ئۆزدىيار ئانا** (ناخشا):

نەبولدى بىلمىدىم ئوغلۇم نەدەردكە مۇپتىلا بولدى،
ۋە قايسى شۇم بالالار، كىم يۈرەك-باغرىغا ئوت سالدى.
كۆرۈنمەس كۆزلىرىگە دوست ۋە مەن بىچارە غەمخانمۇ،
ئېتىزدا ئىشلىرى ئاقساپ، قوتاندا قويلىرى قالدى.

ئۆزدىيار ئانا ناخشىسىنى ئوقۇپ بولۇپ، بىھەلەجلىك ئوتىدا پۇچىلىنىدۇ. شۇچاغدا پالۋان ناخشا ئوقۇپ ھويلىغا كىرىدۇ:

**پالۋان** (ناخشا):

ئىشقنى كىم ياراتقاندۇ، ئىشق ئەھلىنى خار ئەيلەپ،
ئاشىقىغا كېچە-كۈندۈز مەشۇقىنى بىدار ئەيلەپ.
ئەجەب تەڭسىز ئىكەن دۇنيا، كۆڭۈل-كۆكسى قەبىھ ھەم تار،
بىرىنى شاد ئېتىپ ھەرچاغ، بىرىنى غەمگە يار ئەيلەپ.
نەچارە بار ئاڭا شۇدەم يۈرەكتە تىنجىماس غەۋغا،
يۈرەرمەن نائىلاجلىقتا نىگارنى دىلتۇمار ئەيلەپ.

پالۋان ناخشا ئېيتىۋېتىپ بىرچەتتە تۇرغان كەتمەننى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ يەنە جايىغا قويۇپ قويىدۇ. ئاچلىقتىن مەرىگەن قوي-كالىلىرىغا پەرۋاسىز قاراپ قويىدۇ. ھەتتا ئۆزىگە تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان ئانىسىغىمۇ دىققەت قىلمايدۇ.

ئوغلىنىڭ ھالىنى كۆرگەن ئۆزدىيار ئانا تېخىمۇ ئازابلىنىپ، ئاستا ئۇنىڭ قېشىغا كېلىدۇ ۋە مېھرىبانلىق بىلەن باش-كۆزىنى سىيلايدۇ.

**ئۆزدىيار ئانا** (ناخشا):

ساڭا نېمە بالا بولدى،
كۆزۈمنىڭ قارىسى ئوغلۇم.
ساڭا كىم سالدى غەم-قايغۇ،
يۈرەكىم پارىسى ئوغلۇم.

ئەجەب قاۋۇل يىگىت ئەردىڭ،
ئۆزايىڭ زەپىران بولدى.
كېچە-كۈندۈز خىيالىڭدا
كۆڭۈل شادىم توزان بولدى.

پالۋان ئانىسىغا ئىچ ئاغرىتىدۇ ۋە تەڭقىسلىقتا ئۇيان-بۇيان ماڭىدۇ.

**پالۋان** (ناخشا):

جان ئانا باشىمغا چۈشتى بىر بالا-مىڭبىر بالا،
خەستە جانىدىن كەتتى دەرمان، مۇڭلىرى ئوتلۇق ناۋا.
كەلمىگەي ھەركىم قولىدىن، ئۇلكى تەقدىرنىڭ ئىشى،
بارچە دەرد مەنبىرلە كەتسۇن، سىز ئاڭا قىلماڭ نىدا.

**ئۆزدىيار ئانا** (ناخشا):

جېنىم بالام كۆزۈم قارىسى،
ئاچ سىرىڭنى ھال-مۇڭ بولاي مەن.
كېسەل بولساڭ تېۋىپ چاقىراي،
دەردىڭ بولسا دەرمان بولاي مەن.

**پالۋان** (ناخشا):

ئانا مېنىڭ كېسىلىم يوقتۇر،
تېۋىپىنىڭمۇ لازىمى يوقتۇر.
دەيدىكەنغۇ چوڭلار: ئالەمدە
ئاشىقلىقنىڭ داۋاسى يوقتۇر.

**ئۆزدىيار ئانا** (ناخشا):

جان دەپ كەلسە ئەجەل مۇبادا،
راستىتىن يوقتۇر ئۇنىڭ داۋاسى.
ئەجەلدىنلا باشقىغا پەقەت
تېپىلىدۇ ئامال-ئاداسى.

پالۋان ئانىسىنىڭ تەسەللىيسىنى ئاڭلاپ روھلىنىدۇ ۋە ئانىسىغا يېلىنىشقا باشلايدۇ.

**پالۋان** (ناخشا):

كېچىرىڭ سىز مېنى جان ئانا،
سالار بولدۇم سىزنى ئازابقا.
ئىختىيارىم ئەمەستى مېنىڭ،
شاھ قىزىغا ئاشىق بولماققا.

ماڭا رۇخسەت قىلىڭ جان ئانا،
بېرىپ باقاي جانان قېشىغا.
بۇ ھالىمنى كۆرۈپ شاھپەرى
ئەجەب ئەمەس سالسا ئىشىغا.

قانداق قىلاي چارە يوق ئىكەن،
ۋىسال تاپماي ھايات ياشاشقا.

**ئۆزدىيار ئانا** (پالۋان بىلەن بىرلا ۋاقىتتا تەڭلا ناخشا ئېيتىدۇ):

ئانا دەيدۇ بارچە مەخلۇقات،
بىراق ھېچكىم بىلمەس كۆڭلىنى،
ئانا كۆيەر ھەردەم بالام دەپ،
بالا قوغلار ئۆز ئارمانىنى.

**پالۋان** (ناخشا):

بۇ ھالىمنى كىمگە ئېيتاي مەن،
بۇ دەردىمنى كىمدىن ئالاي مەن.
چوڭلار بىلمەس ياشلار كۆڭلىنى،
يار يولىنى قايدىن تاپاي مەن.

ئانا-بالىنىڭ ناخشىسىدىن كېيىن مۇزىكا رىتىمى ئۆزگىرىدۇ. ئۆزدىيار ئانا نالە بىلەن ئوغلىغا يالۋۇرىدۇ:

**ئۆزدىيار ئانا** (ناخشا):

ئاتىسىز قالغان بېشىڭنىڭ خارلىقى كەلدى مانا،
ئىگىسىز قالغان زامانىنىڭ تارلىقى كەلدى مانا.
نە قىلاي، ئاھ، تۇل خوتۇنمەن، مەن كەبى بىچارىگە
رەھمى ئۇنتۇلغان ئازابىنىڭ يارلىقى كەلدى مانا.
دەيتتىغۇ: «يوقتانغا قاراپ پۇت ئۇزات» دەپ كونىلار،
نائىلاجلىق ئالىمىنىڭ كاجلىقى كەلدى مانا.

پالۋان بۇنىڭدىن بەك روھسىزلىنىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئاخىرقى قارارىنى ئېيتىدۇ:

**پالۋان** (ناخشا):

بولدى ئانا، مېنى دەپ بولماڭ بىتاقەت،
شاھپەرىدىن ئۆزگىنى ئالمايمەن ئەبەد.
خان قىزىنىڭ ئىشقىدا ئۆلسەم سارغىيىپ،
رازى بولۇڭ جان ئانا چەكمەڭ نادامەت.

ئۆزدىيار ئانا ئوغلىنىڭ ئاخىرقى يۈرەك سۆزىنى ئاڭلاپ قاتتىق خۇرسىنىدۇ ۋە ئۇنى تۇتۇپ قالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوغلىنىڭ ئىچ ئاغرىقىغا چىدىماي ئۆيگە كىرىپ شاھپەرى بەرگەن ئالتۇن كەمەرنى ئاچىقىپ، ئوغلىنىڭ بېلىگە تاقاپ قويىدۇ ۋە كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەچ ئۇنىڭ كىيىملىرىنى تۈزەپ بولغاندىن كېيىن، ئوغلىغا ئاق يول تىلەپ دۇئاغا قول كۆتۈرىدۇ. پالۋان دۇئاغىمۇ قارىماي ئالدىراپ چىقىپ كېتىدۇ.

## 3 - كۆرۈنۈش

نەپىس ئوردا ئۇسسۇلى بىلەن پەردە ئېچىلىدۇ.

سەھنە كۆرۈنۈشى: ھەشەمەتلىك ئوردا. تەختتە ئامانشاھ، ئەتراپىدا ۋەزىر-ۋۇزرالىرى، سەھنىنىڭ سول تەرىپىدە ياسداق، چىمىلداقلىق كىچىك راۋاق. راۋاقتا شاھپەرى، ئىككى تەرىپىدە ئىككى كېنىزىكى ئۇنى يەلپۈپ تۇرىدۇ.

ئۇسسۇل ئەۋجىگە چىققاندا خەۋەرچى شاھقا تەزىم بەجا كەلتۈرىدۇ.

**ئوردا خەۋەرچىسى:** شاھ ئالىيلىرى، ئۆزلىرىگە ھەرقايسى ئەللەردىن سالامغا كەلگەن شاھ-شاھزادە ۋە ئەلچىلەر ئوردىغا كىرىشكە ئىجازەت سورايدۇ.

**ئامانشاھ:** ئىجازەت.

ئۇسسۇلچىلار ئامانشاھنىڭ ئىشارىتى بىلەن چىقىدۇ.

ئالدى بىلەن ھىندى ئېلىنىڭ پادىشاھى سوۋغاتلارنى كۆتۈرگەن مۇلازىملىرى بىلەن ئوردىغا كىرىپ كېلىدۇ.

ئامانشاھ ھىندى ئېلى شاھىنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ، ئۇنىڭغا سالام قايتۇرىدۇ ۋە ئۆزئارا سالام-سەھەتتىن كېيىن سوۋغىلار قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇ سوۋغىلار ئىچىدە تولىمۇ كېلىشكەن بىر ھىندى رەققاس قىز بولۇپ، ھىندى ئېلى پادىشاھى ئۆزىنىڭ كېلىش مۇددىئاسىنى بايان قىلىپ، ناخشا ئوقۇۋاتقاندا ئۇ قىز ناخشىغا تەڭكەش قىلىپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ.

**ھىندى ئېلى پادىشاھى** (ناخشا):

مەن ئۆزۈم ھىندى دىيارى شاھىمەن،
شاھپەرى دەرگاھىنىڭ ئاشىق قۇلى.
مەن بىتەي ۋەسلى مۇرادىمغا بۇگۈن،
شاھ ئاتام بەرسە ئىجازەت بىر يولى.

ناخشا ئېيتىلىۋاتقاندا ئامانشاھ شاھپەرىگە قارايدۇ. شاھپەرى چىمىلداقنى يېرىم يېپىپ قويىدۇ. بۇنى كۆرگەن خان ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىپ، قايتىش ئىجازىتى بېرىدۇ.

ئارقىدىن يەنە بىر ئەلنىڭ شاھزادىسى مۇلازىملىرى بىلەن ئوردا قوبۇلىغا كىرىدۇ. شاھزادىنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشىدىنلا تازا بىجىرىم ئەمەسلىكى بىلىنىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ تولغاپ مېڭىپ ئوردىغا كىرىشى، بېشىنى شاپتۇل قېقىپ تۇرۇپ ئامانشاھقا سالام قىلىشى ئوردا ئەھلىنى كۈلدۈرۈپ تېلىقتۇرۇۋېتىدۇ.

**شاھزادە** (ناخشا):

مەن بىر شاھزادە زامان ئەركىسى،
مېنىڭچە بولماس ئاشىق قاشقىسى.
ئاشىقمەن ئاشىق ئۇ شاھپەرىگە،
ھەرگىز خىل كەلمەس مەندىن باشقىسى.

شاھزادىنىڭ ناخشىسى ۋە ناخشا ئېيتىۋاتقاندىكى زەئىپانە قىلىقلىرىنى مەسخىرە ۋە سەسكىنىش بىلەن كۆرۈپ تۇرغان ئوردا ئەھلى ئۇنى چىرايلىقچە ئۆز يولىغا مېڭىشقا ئۈندەيدۇ. شاھزادە ياماللاپ تۇمشۇقلىرىنى سوزغىنىچە چىقىپ كېتىدۇ.

3. قېتىم تاغ ئېلىنىڭ ئەلچىسى پەرماندار كىرىپ سالام بەجا كەلتۈرىدۇ. ئالتۇن-كۈمۈش، تاۋار-دۇردۇنلارنى كۆتۈرگەن مۇلازىملار ئۇنىڭ ئارقىسىدا سەپراس تۇرىدۇ. پەرماندار سوۋغا - سالاملارنى كۆرسىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزى باشلاپ كەلگەن رەققاسلارنى ئۇسسۇل ئويناشقا ئىشارەت قىلىدۇ. رەققاسلار ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. بۇ ئارىلىقتا ئامانشاھ يەنە شاھپەرىگە قارايدۇ. شاھپەرى يېرىم ئوچۇق تۇرغان چىمىلداقنى تولۇق ياپىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شاھ ئۇلارنىڭمۇ قايتىشىغا ئىجازەت بېرىدۇ. پەرماندار بۇنىڭدىن نارازى بولىدۇ ۋە جاھىللىق بىلەن تۇرۇۋالىدۇ.

**پەرماندار** (ناخشا):

ئەلچىمەن كەلگەن يىراقتىن، جايىمىز تاغ دۆلىتى،
تەڭدىشى يوق كۆللى ئالەمدە، قۇياشچە شۆھرىتى.
بىلسىڭىز بۇ سەپىرىم شاھىم ئۈچۈن يەتتىنچى رەت،
ھەم يەنە رەت قىلسىڭىز چىقماس خەيرلىك ئاقىۋەت.

ئامانشاھنىڭ يەنە بىر ئىشارىتى بىلەن نەۋكەرلەر پەرماندار باشلىق ئەلچىلەرنى ئوردىدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇرلايدۇ. غالجىرلىقى تۇتقان پەرماندار جان-جەھلى بىلەن ئامانشاھقا ۋارقىرايدۇ.

**پەرماندار:** ئامانشاھ، ئەگەر يەنە رەت قىلساڭ، تاجى-تەختىڭ گۇمران، ئەل-ۋەتىنىڭ خانۇ-ۋەيران بولىدۇ!

**ۋەزىرى ئەزەم:** چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىلسۇن!

ئوردىنى ئېغىر جىمجىتلىق - سۈكۈت باسىدۇ. ئامانشاھ شاھپەرىگە ھەم ھەيرانلىق، ھەم گۇمانسىراش نەزىرىدە قارايدۇ. ئاندىن ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ شاھپەرىدىن سورايدۇ.

**ئامانشاھ** (ناخشا):

دېگىنە جان قىزىم، نەدۇر خىيالىڭ،
چىقماسمۇ ئالەمدىن ساڭا جۈپ-قاياش.
باش قويىدى ئالدىڭدا يەتتە ئىقلىممۇ،
كەلمىدى بىر پەقەت كۆكتىن ئاي، قۇياش

شاھلارمۇ كەلدى، مال-دۇنيا بىھېساب،
ئاشىقلىق دەردىدە ھەرلەر تۆكۈپ ياش.
بىلمىدىم جان قىزىم، نەدۇر خىيالىڭ،
چىقماسمۇ ئالەمدىن ساڭا بىر يولداش!

شاھپەرى دادىسىغا ئېھتىرام بىلەن سالام بېرىپ تىرەن ئويلىنىشتا ئۆزىنىڭ مۇھەببەت خاھىشىنى ئىزھار قىلىدۇ.

**شاھپەرى** (ناخشا):

شاھ دېسە مال، تاجى دۆلەت كىم ساڭا يەتكەي ئاتا.
بولسىلا ئەركەك ئېتى مەيلىمۇ قول بەرسەم ئاڭا.
ئويلىماي بولامدۇ بۇ ئانا ماكان تەقدىرىنى،
ماڭا لازىم ئەر بىراق ئەل-يۇرتقا لازىم باشپانا.
ئۇنتۇما، يالغۇز قىزىڭمەن خانلىقىڭنىڭ ۋارىسى،
ماڭا كۈيگەن ئەلگە كۈيسۇن، بۇمېنىڭ شەرتىم ئادا.

شاھپەرىنىڭ ئىرادىسى ۋە ئەقىل-پاراسىتىگە قايىل بولغان شاھ ۋە ئوردا ئەھلى بىر-بىرىگە باشلىرىنى لىڭشىتىشىپ رازىمەنلىكلىرىنى بىلدۈرۈشۈۋاتقاندا پالۋان شاھپەرى بىلىگە تاقاپ

قويغان ئالتۇن كەمەرنى تۇتقان هالدا لەشكەرلەرنىڭ تۇسۇۋېلىشىغىمۇ قارىماي ئوردىغا كىرىپ، تارتىنغان هالدا شاهقا سالام بېرىدۇ. ئامانشاھ پالۋانغا هەيرانلىق بىلەن قاراپ، ئۇنىڭدىن سورايدۇ.

**ئامانشاھ** (ناخشا):

نە ئىشىڭ بار ئەي يىگىت،
يەتتى قانداق دەرد ساڭا.
ئېيتقىن تارتىنماي ماڭا،
هاجىتىڭ قىلاي راۋا.

خانىنىڭ ناخشىسىدىن غەيرەتلەنگەن پالۋان كېلىش مەقسىتىنى يۈرەكلىك بايان قىلىدۇ.

**پالۋان** (ناخشا):

جاهاندا بار دېسە ئاشىق پىراقى، مەن كەبى بولماس،
ئىشىق شەيدالىرى بولسا، ۋاپاسى مەن كەبى بولماس.
پەرىشاھ ئاشىقىدۇرمەن جاهان بازارىدا تەنها،
ئاياغى ئاستىدا ئۆلمەك تاماسى مەن كەبى بولماس.

پالۋانىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىغان شاهپەرى ئولتۇرغان ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ.

**ئامانشاھ** (ناخشا):

جاۋاب بەر قىزىم،
قۇلىقىم سەندە.
جەسۇر، مەرد ئىكەن،
ئىشقى بار بەندە.

شاهپەرى پالۋانغا سىنچىلاپ قاراپ تۇرۇپ كېتىدۇ ۋە بىرهازا ئويلانغاندىن كېيىن ئاتىسىغا ئۆز خىيالىنى بايان قىلىدۇ.

**شاهپەرى** (ناخشا):

راست جەسۇر ئىكەن،
جۈرئەتلىك هەمدە.
پالۋانلىقىدىن
تەڭداشسىز بەندە.
ئەقلىنى سىناپ
كۆرەيلى پەمدە.
سۆيگۈ يار بولماس
نادان ئادەمگە.

ئامانشاھ مەلىكىنىڭ تەلىپىدىن مەمنۇن بولۇپ، پالۋاننى سىناپ بېقىش ئۈمىدىدە ئۇنىڭغا ئېغىر هەم مۇجمەل بىر شەرت قويىدۇ.

**ئامانشاھ** (ناخشا):

ئەگەر شۇنداق بولسا ئىرادەڭ،
مەيلىڭ بولسا پەرى قىزىمغا.
بىر شەرتىم بار ئەقىل سىنىقى،
هازىر قىلساڭ دەرهال قېشىمغا.
يارمۇ سېنىڭ، خانلىقمۇ سېنىڭ،
ئۆزگە تەقدىر يوقتۇر بېشىڭدا. . .

**پالۋان** (ناخشا):

ئېيتىڭ شاهىم، قېنى، مەن تەييار،
مال-دۇنيامۇ ياكى جەڭگە باش.
ئېلىپ كېلەي شاهپەرى ئۈچۈن
لازىم بولسا كۆكتىكى قۇياش.

بۇ چاغدا پالۋانىڭ كۆزلىرى نۇرغا، تىنى كۈچكە تولۇپ، پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن ئامانشاهقا تەلمۈرىدۇ. ئامانشاھ شاهپەرىگە قاراپ مۇغەمبەرلەرچە كۈلىدۇ.

**ئامانشاھ** (ناخشا):

يىگىت بولساڭ ئاشىق ـ شەيدائىي،
جاندىن ئارتۇق بولسا شاهپەرى.
تويلىقىدۇر پەرى قىزىمنىڭ،
سېنى تۇغقان ئاناڭ يۈرىكى.

پالۋان بۇ شەرتنى ئاڭلاپ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، گەپ قىلىشقا ئۇنتۇلۇپ بىر ئالدىغا ئىنتىلىدۇ، بىر كەينىگە داجىيدۇ. كاللىسىدا قاتتىق چاقماق چېقىلىپ، يەر-جاهان يېرىلغاندەك بولۇپ، «ياق!» دەپ قاتتىق ۋارقىراش بىلەن تەڭ گۈپپىدە يىقىلىدۇ.

## 4- كۆرۈنۈش

ئېچىنىشلىق مۇزىكا ساداسى ئىچىدە پەردە ئېچىلىدۇ. ئۆزدىيار ئانىنىڭ هويلىسى. سەهنىدە تىت-تىت ۋە بىتاقەت بولغان ئۆزدىيار ئانا توختىماي ئۇيان-بۇيان ماڭىدۇ. ئۇ بىردەم يولغا قارىسا، بىردەم ئارقىسىغا يېنىپ هويلىنى ئايلىنىدۇ ۋە تۇيۇقسىز هويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ياتقان پالۋاننى كۆرۈپ، يۈگرۈپ كەلگىنىچە ئۇنى يۆلەيدۇ، يۈز-كۆزىنى سىلايدۇ. پالۋان بىر هازادىن كېيىن كۆزىنى ئېچىپ ئانىسىنى تونۇيدۇ ۋە چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەينىگە داجىيدۇ.

ئۆزدىيار ئانا ئوغلىنىڭ بۇ قىلىقىدىن هەيران بولۇپ، يەنە ئوغلىغا يېقىنلىشىدۇ. پالۋان يەنە ئانىسىدىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. ئۇ، ئانىسىغا يېقىن كەلسە بولمايدىغاندەك، ئانىسىنىڭ ئالدىدا كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك هېسسىياتتا ئۆزىنى چەتكە ئالىدۇ. ئۇ ئۆزىنى قاچۇرغانچە ئۆزدىيار ئانا تېخىمۇ هەيرانلىق هېس قىلىپ تېڭىرقاپ قالىدۇ.

**ئۆزدىيار ئانا** (ناخشا):

نېمە بولغاندۇ جان ئوغلۇم،
ئەمەس ئەس-هوشى جايىدا.
ۋاقاشتىن ئۈركىگەن قۇشتەك
جېنى يوقتۇر ئۆزايىدا.

پالۋان كېلىپ ناخشىغا ئەگىشىدۇ.

**پالۋان** (ناخشا):

نېمە دەيمەن، نېمە دەيمەن،
ئانامغا نىمىمۇ دەيمەن.
نەچارە بار ماڭا بۇدەم،
ئۆز گۆشۈمنى ئۆزۈم يەيمەن.

بۇنداق بۇرۇقتۇرمىلىق، روهى ئازابقا چىدىمىغان ئۆزدىيار ئانا ئاخىرى پالۋانغا ۋارقىرايدۇ.

**ئۆزدىيار ئانا:** پالۋان!
(ناخشا):

نەبالا بولدى بالام ئېيتقىن ماڭا،
قىينىما، كەلسىمۇ جانغا مىڭ جازا.
نە دېدى مەشۇق، قارايىڭ بولدى نە،
رەهمى تەڭرىم سالمىغاي بىزگە جاپا.

پالۋان ئاستا ئۆزىگە كېلىدۇ.

**پالۋان** (ناخشا):

ئاشىقلىق مەن ئۈچۈن هارامدۇر، هارام،
يېگىنىم زەهەردۇر، بولدى باغرىم قان.
كىم سالدى بىلمىدىم مېنى بۇ يولغا،
مەن ئۈچۈن بىر دوزاخ بولدى بۇ جاهان.

**ئۆزدىيار ئانا** (ناخشا):

سەن جاهاندىن زارلىما ئوغلۇم،
ئۇ كۆيسىمۇ كۆيمەيدۇ ئاناڭ.
ئۈگتەي-توگتەي بولسىمۇ جاهان،
قوندۇرمايمەن ساڭا چاڭ-توزان.

پالۋان يەنە بېشىنى سىلكىيدۇ ۋە هەسرەت بىلەن

ئانىسىدىن ئۆتۈنىدۇ.

**پالۋان (ناخشا) :**

سورىما سەن جان ئانا، نە بولدى دەپ، يوق كېرىكى،
ئەرزىمەسكەن خانغا ئىنسانىنىڭ ئۆلۈك ياكى تىرىكى.
بولدى ياندىم بۇ يولۇمدىن بىۋاپاكەن بۇ جاھان،
تويلۇقۇم بولسۇن دېدى يالغۇز ئاناڭنىڭ يۈرىكى.

ناخشىنى ئاڭلاپ ئۆزدىيار ئانىنىڭ كۆز ئالدىدا ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چاقتاندەك بولۇپ، دەلدۈگۈنۈپ كېتىپ ئىزىغا ئولتۇرۇپ قالىدۇ ۋە بىر ھازادىن كېيىن ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ پالۋانغا قارايدۇ ھەمدە بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئالدىغا ئۇمتىلىدۇ.

**ئۆزدىيار ئانا (ناخشا) :**

ئانىنىڭ قەرزى نېمە، پەرزى نېمە،
باغرىدىن چىققان ئوغۇلنىڭ ئالدىدا.
ئانىنىڭ بەختى نېمە، قەدرى نېمە؟
بۇ ھايات بايانىدا، ئارمانىدا.

ئاتىلىدۇ نە ئۈچۈن ئانا ئۇلۇغ،
ئوغلىغا قان بەرمىسە، جان بەرمىسە.
جان نېمە، جاھان نېمە، ھاياتى ھەم،
بارىنى پەرزەنتكە تەقدىم ئەتمىسە.

بولسىلا ھاسىل مۇرادىڭ بىر ئۆمۈر،
ئال بالام، ئىسسىق يۈرەكمنى بالام.
نە كېرەك ئاجىز تېنىم.جان ئۆزگىگە،
سەن خۇشھال بولساڭلا مەن رازى ھامان.

ناخشىنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى كۇبلېتى ئانىنىڭ ناخشىسى بولۇپ ئېيتىلىپ، ئۈچىنچى كۇبلېتى خور بولۇپ ئېيتىلىدۇ. خوردىن كېيىن مۇزىكا رىتىمى يەنە ئۆزگىرىدۇ.

**ئۆزدىيار ئانا (ناخشا) :**

ئازابىنى ياشىغان قايىسىبىر ئانا،
جان دېسە ئايىغان قايىسىبىر ئانا.
ۋە لېكىن چىدىماس يۈرەك پارىگە،
ھەممىگە چىدىغان چىداملىق ئانا.
بالىدىن ئايرىلىش ئەجەب تەس ئىكەن،
بۇ ئوتقا چىدىغان قايىسىبىر ئانا.

**پالۋان (ناخشا) :**

دۇنيادا بارمىدۇر سۆيگۈدىن ئۇلۇغ،
قىسمەتلىك بىر نەرسە كۆيىسمۇ جاھان.
ئىشقىنىڭ قولىدا ئالەم جان بەرمەس،
مۇھەببەت بولمىسا ئارمانغا دەرمان.
مەن قانداق جان بەرسەم ئاچار كەڭ قۇچاق،
بىۋاپا بۇ دۇنيا، تاش يۈرەك جانان.

پالۋان ئىككىلىنىپ ئانىسىغا قارايدۇ ۋە كەينىگە داجىپ ئىچىگە تىنىدۇ.

**ئۆزدىيار ئانا (ناخشا) :**

باقتىم سېنى ئارزۇلاپ، جەسۇر بولسۇن دەپ،
يىگىت ياناماس سۆزىدىن، يولۋاس ئىزىدىن.
كەلگىن بالام بىر سۆيۈپ ئالاي قانغۇدەك،
رازى ئەمەس سۈتۈمگە يانساڭ يولۇڭدىن.

ئۆزدىيار ئانا قۇچىقىنى ئېچىپ، پالۋاننى مەھكەم قۇچاقلايدۇ.دە، ئۇنىڭ بېلىدىكى خەنجەرنى سۇغۇرۇۋېلىپ، ئۇنى پالۋانغا بېرىدۇ. پالۋان بىردە قولىدىكى خەنجەرگە، بىردە ئانىسىغا قاراپ تۇرۇپ قالىدۇ ۋە بارا.بارا جالاقلاپ تىترەپ ئەسەبىيلىشىدۇ. ئاخىرى ئالدىدا باغرىنى ئېچىپ كۆزلىرىنى يۇمۇپ تۇرغان ئانىسىغا قاراپ، خەنجەرنى ئېگىز كۆتۈرىدۇ

ۋە بار ئاۋازى بىلەن «ياق!» دەپ ۋارقىرايدۇ. بۇ ئاۋاز بىلەن تەڭ گۈلدۈرماملىق چاقماق چېقىلىپ، يەر-زېمىن، تاغلار لەرزىگە كېلىدۇ. بۇ زىلزىلىدىن قورقۇپ خۇدىنى يوقاتقان پالۋان تەلۋىلەرچە ۋارقىراپ، سىلكىنىۋاتقان يەر، غۇلاۋاتقان تاشلارنىڭ ئىچىگە ئۆزىنى ئاتىدۇ. ئۆزدىيار ئانا «ئوغلۇم، نەدە سەن؟» دەپ توۋلاپ، نالە قىلىپ ئۇنى ئىزدەيدۇ. بۇ كۆرۈنۈشلەر ـ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ قەھرى.غەزىپى ـ ئۆرۈلۈۋاتقان تاغ، يېرىلىۋاتقان يەر ۋە ئۆركەشلەۋاتقان سۇلار بىلەن بىرلىشىپ، ئۇسسۇل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

## 5ـ كۆرۈنۈش

قايغۇلۇق مۇزىكا ئىچىدە پەردە ئېچىلىدۇ.

سەھنە: قورام تاشلار بىلەن غارسىمان ياسالغان ئوردا. ئوردا مېھرابىغا يولۋاس، يىلپىز تېرىلىرى، نەيزە.قىلىچ، ساۋۇت.دوبۇلغىلار ئېسىلغان بولۇپ، سۇرلۇك.ھەيۋەتلىك تەختتە جاھانباز شاھ، ئەتراپىدا ۋەزىر-ۋۇزرالىرى ئولتۇرىدۇ.

پەردە ئېچىلىشىغىلا بىر نەۋكەر يۈگۈرۈپ كىرىپ، شاھقا شىكايەت قىلىدۇ.

**نەۋكەر (ناخشا) :**

ساچى بەلدە بىر ساياق،
پەيدا بولدى بۇ ئەلدە.
پالۋانلىقتا بىر قاۋان،
ھەيۋە قىلار ھەر يەردە.
تەڭ كېلەلمەس ھېچ كىشى،
يولۋاس قورقار ئەپتىدىن.
تېزدىن ئامال قىلمىساق،
ئاپەت ياغار تەپتىدىن.

**جاھانباز شاھ (ناخشا) :**

لەشكەر بېشى قېنى سەن،
تېخى ئۇخلاپ يۈرەمسەن؟
ئاڭلىدىڭمۇ بۇ گەپنى،
يەنە قاراپ تۇرامسەن.
كۆزۈم ئەسلا يۇمۇلماس،
ئەلگە چۈشسە مالامەت.
قانداق چىداپ تۇرغۇلۇق،
بۇ مەن ئۈچۈن ھاقارەت.

لەشكەر بېشى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ناخشا تۈگىگىچە باش ئېگىپ تۇرىدۇ ۋە ناخشىدىن كېيىن شاھ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن پەرمانبەردار بولۇپ چىقىپ كېتىدۇ. شاھپەرىگە ئەلچىلىككە بارغان ئەلچى پەرماندار سولاشقان ھالدا ئوردىغا كىرىدۇ ۋە شاھ ئالدىدا قول باغلاپ تۇرىدۇ.

ئەلچىلەرنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن جاھانباز شاھ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، خۇشھال ھالەتتە ئۇلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشىدۇ ھەمدە خۇش خەۋەر كۈتۈپ تۇرىدۇ.

پەرماندار جاھانباز شاھنىڭ خۇشھال كەيپىياتىنى كۆرۈپ، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي ھەمسەپەرلىرىگە قارايدۇ ۋە ئاخىرى شاھقا يېلىنغان ھالدا كۆڭۈلسىز خەۋەرنى يەتكۈزىدۇ.

**پەرماندار (ناخشا) :**

شاھ ئاتا كەلدۇق يەنە قۇرۇق قول يېنىپ،
قۇتلۇق خەۋەر ئەكەلمەي، دەشتى.چۆل كېزىپ.

تاش يۈرەك ئېرىمىدى، تەلۋە شاھپەرى
قويمىدى نام-بايلىققا كۆزىنى سېلىپ.

بۇ شۇم خەۋەردىن غەزەپلەنگەن جاھانباز شاھ قەھرى بىلەن ۋارقىرايدۇ:

- جاللات!

**جاھانباز شاھ (ناخشا) :**

بولدى بەس ئەي ناتىۋىي،
يەتتى تاقەت چېكىگە.
ئۇلۇۋالماي كەلدىڭمۇ،
قاراپ كۆزۈم ئىچىگە.
قېنى جاللات كەس ئۇنىڭ
قۇلاق، بۇرۇن، تىلىنى.
ئەمدى كۆرسۇن شاھپەرى،
گۇمران قىلاي ئېلىنى.

ئاياپالتىلىق جاللات كىرىدۇ. ئىككى لەشكەر پەرماندارنىڭ داد-پەريادىغا قارىماي دارقىرىتىپ سۆرەپ ئاچىقىپ كېتىدۇ.

ئارقىدىن نەۋكەرلەر زەنجىرلەنگەن پالۋاننى ھەيدەپ كىرىپ، جاھانبازنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىدۇ. پالۋان قەھرى بىلەن ئۇلارغا دېۋەيلەپ ھۇمىيىدۇ.

**جاھانباز شاھ (ناخشا) :**

ئۇزۇڭ كىمسەن، نېمە ئادەم،
قارىماققا بىر سەت دېۋە.
يۈرەكىڭنى قىلىپ قاپتەك
بۇ ئەلدە يۈرمىشىڭ نېمە؟

**پالۋان (ناخشا) :**

مەن ئۆزۈم ئىشق پىراقىغا غەرق بىر بەندىمەن،
شاھپەرى دەپ ئېلىدىن ئازار يېگەن كەلگۈندىمەن.
سۆيگۈ بوستانىنى ئىزدەپ كېچە-كۈندۈز ئاھ ئۇرۇپ،
جانىدىن تويغان گاراڭ، جاھان كېزەر سەييادىمەن.
مەن ئەمەس قانخور ۋە زالىم، يۈرگۈچى خۇن قەستىدە،
شاھپەرى ۋەسلى قارارىم، ئاشىقى مەستانىمەن.

پالۋاننىڭ يۈرەك ئىزھارىنى ئاڭلىغان جاھانباز سەل ئويلىنىپ تۇرۇپ قالىدۇ ۋە ئۇنى سىناپ باقماقچى بولىدۇ.

**جاھانباز شاھ (ناخشا) :**

مەگەر باتۇر يىگىت بولساڭ،
پالۋانلىقىڭنى بىر كۆرەي.
ماڭا ئەل - جانىڭدا بولساڭ،
شاھپەرىنى ئېلىپ بېرەي.

بۇ گەپتىن پالۋاننىڭ كۆڭلى ئۈمىدكە، ۋۇجۇدى كۈچ-قۇدرەتكە تولىدۇ. جاھانباز شاھ ناخشىنى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، قىلىچلىرى يالىڭاچلانغان لەشكەرلەرگە شەرەت قىلىدۇ. لەشكەرلەر پالۋانغا ئېتىلىدۇ. كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقىچە ئېلىشىش باشلىنىپ كېتىدۇ. ئاخىرى پالۋان لەشكەرلەرنىڭ ئۆز ئارا سوقۇلۇپ كەتكىنىدىن پايدىلىنىپ، بىرسىنىڭ قىلىچىنى قولغا چۈشۈرىۋالىدۇ-دە، چەبدەسلىك بىلەن بىر لەشكەرنىڭ قارنىنى يېرىپ تاشلايدۇ.

بۇ جىددىي ئېلىشىشنى كۆرۈپ ئولتۇرغانلار پالۋانغا ھەۋەس قىلىشىدۇ. جاھانباز شاھ قاقاقلاپ كۈلۈپ چاۋاك چالىدۇ.

**جاھانباز شاھ: (ناخشا) :**

پۇل دېسەڭ ئالتۇن-كۈمۈش ئالغىن بىھىساب،
نەۋكىرى-لەشكەر دېسەڭ ئالغىن ھەم سىناپ.
ماڭا لازىم تەختى شاھ، دۆلەت، مال-مۈلكى،
سېنى ۋىسال تاپقۇزۇپ ئالاي مەن ساۋاب.
بىرلا شەرتىم جان پىدا قىلساڭ مەن ئۈچۈن،
بولمىغايسەن ھەم يەتتە ئىقلىمدا خاراب.

پالۋان ھاياجاندىن ئۆزىنى باسالمايدۇ ۋە پۇت-قولىدىكى زەنجىرلەرنى شاھقا كۆرسىتىدۇ. شاھ لەشكەر باشلىقىغا غەزەپ قىلىپ، پالۋاننىڭ پۇت-قولىنى بوشىتىشقا بۇيرۇيدۇ. پالۋان كىشەندىن بوشىغاندىن كېيىن ،قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ قويۇپ شاھقا قول تەڭلەيدۇ.

**پالۋان (ناخشا) :**

گېپىمىز گەپ، لەۋزىمىز بولسۇن پاك ھامان،
ئىككىمىزنىڭ ئارىسى قانسۇن ھەر زامان.
ماڭا بېرىڭ ئىجازەت يوقتۇر تاقىتىم،
يار ئىشقىدا يۈرىكىم بولدى زەرداپ-قان.

جاھانبازشاھ پالۋاننى قۇچاقلايدۇ ۋە ناخشىغا قېتىلىدۇ.

قايتۇرما:

گېپىمىز گەپ، لەۋزىمىز بولسۇنپاك ھامان،
ئىككىمىزنىڭ ئارىسى قانسۇن ھەر زامان.

جاھانباز شاھ بىلەن پالۋان ھەم ئوردا ئەھلى رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈشىدۇ. جاھانباز شاھ پالۋاننى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ۋەزىرگە شەرەت قىلىدۇ. شۇ ھامان تۆت كېنىزەك پەتنۇسلاردا ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، پالۋاننىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرىدۇ. پالۋان ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى كۆرۈپ جاھانبازشاھقا يېنىش - يېنىشلاپ رەھمەت - ھەشقاللا ئېيتىدۇ. جاھانباز شاھ ۋەزىرگە يەنە بۇيرۇيدۇ:

**جاھانباز شاھ:** پالۋانغا دوبۇلغا - ساۋۇت كىيدۈرۈلسۇن!

پالۋان تېخىمۇ ھاياجانلىنىدۇ، جاھانباز شاھقا تەزىم قىلىپ، مۇلازىملار كەينىدىن مېڭىپ، شاھ ھوزۇرىدىن چىقىدۇ. شۇئان جاھانباز شاھ لەشكەر بېشىنى چاقىرىدۇ.

**جاھانباز (ناخشا) :**

ئۆزلىكىدىن كەلدى بۇ ئامەت،
چىڭ تۇتمىساڭ ئۇ بولۇر ئاپەت.
كۆككە يېتەر مەرتىۋەڭ سېنىڭ،
خانلىق ئۈچۈن كۆرسەتسەڭ خىزمەت.

دوبۇلغا-ساۋۇت كىيىپ تەييار بولغان پالۋان شاھ ھوزۇرىغا كىرىپ، جاھانباز شاھ يېنىدىن ئورۇن ئالىدۇ. مۇزىكا جىددىي ئۆزگىرىپ، چەبدەس قوراللانغان لەشكەرلەر ئوردىنى بىر ئالىدۇ ۋە سەپراس بولۇپ قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق قىلىشىپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ.

لەشكەرلەر ئۇسسۇلنى تاماملاپ سەپ تارتىپ تۇرغاندىن كېيىن، پالۋان ئورنىدىن تۇرۇپ جاھانباز شاھتىن جەڭگە ئاتلىنىشقا ئىجازەت سورايدۇ.

**پالۋان:** ئەي، يەتتە ئىقلىمنىڭ شاھىنشاھى، ئاتلىنىشقا ئىجازەت بەرگەيسىز.

**جاھانباز شاھ:** قېرىنداشلار، ھازىردىن باشلاپ پالۋان لەشكەر باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

**لەشكەرلەر:** شاھىمىز ئۈچۈن جېنىمىز پىدا.

(جاھانباز شاھ پالۋانغا قارايدۇ)

**جاھانباز شاھ:** سىزگە ئۇتۇق تىلەيمەن.

**پالۋان:** ئۈمىدىڭىزنى چوقۇم ئاقلايمەن.

**جاھانباز شاھ:** قېنى، ئاتلىنىڭلار!

**پالۋان:** (لەشكەرلەرگە بۇيرۇق بېرىدۇ) ئاتلىنىڭلار!

پالۋان لەشكەرلەر بىلەن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئوردا قاراڭغۇلىشىپ، جاھانبازشاھ لەشكەر باشلىقى بىلەن بىر بۇلۇڭغا كېلىدۇ. ئۇلارنى ئەگەشمە

چىراغ يورۇتۇپ تۇرىدۇ.

**جاھانباز شاھ** (ناخشا):

ئۆز ئېلىنى سۆيمىگەن نادان
بىزگە قانداق قىلغۇسى ۋاپا.
ئۆلتۈر ئۇنى ئىش پۈتكەن ھامان،
باشى بولسۇن تېنىدىن جۇدا.

لەشكەر باشلىقى پەرمانغا قۇللۇق بىلدۈرىدۇ.

جاھانباز شاھنىڭ ئاخىرقى ناخشىسى ئوقۇلۇۋاتقاندا ئۇلارنىڭ كەينىدە لەشكەرلەرنىڭ يۈرۈش قىلىۋاتقان ھالىتى غۇۋا كۆرۈنىدۇ.

## 6-كۆرۈنۈش

5-كۆرۈنۈش تۈگەپ چىراغ ئۆچكەن ھامان جەڭنىڭ قىيا-چىيا ساداسى، «ئۇر-چاپ»، «ئالدىڭغا قارا»، «كەينىڭگە چېكىن» دېگەن ۋارقىراشلار ۋە قىلىچ-قالقانلارنىڭ جاراڭ-جۇرۇڭلىرى ئاڭلىنىپ، جەڭنىڭ خېلى ئۇزۇن بىر زامان داۋاملاشقانلىقى ئىپادىلىنىدۇ. پەردە جەڭ مۇزىكىسى بىلەن تەڭ ئېچىلىدۇ.

سەھنە: كروۋەن ئېلىنىڭ ئوردا ئالدى. بىر تەرەپتە ئوت كۆيۈۋاتقان، يەنە بىر تەرەپتە جەسەتلەر ياتقان، قورغان ئالدىدىراق سۇنغان ھارۋا چاقى ۋە تاشلانغان قىلىچ - قالقانلار...

شۇ ھالەتتە گىرەلەشمە جەڭ ئەۋجىگە چىققان، ئۇرۇش پالۋانغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئۇ، كروۋەن لەشكەرلىرىنى قاتتىق قىر-چاپ قىلىدۇ. شۇ ۋاقىتتا قورغان دەرۋازىسى يورۇيدۇ ۋە ئۆزدىيار ئانا پەيدا بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا پالۋان كروۋەن لەشكىرىدىن بىرنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆزلىكىدىن قولىغا تاش ئېلىپ جەڭگە قاتناشقان يەنە بىر ئايالنى چېپىپ ئۆلتۈرىدۇ. پالۋاننىڭ بۇ ۋەھشىيلىكى ۋە ياۋۇزلۇقىغا چىدىمىغان ئۆزدىيار ئانا قاتتىق ئازابلىنىدۇ ھەم ئوغلىنىڭ رەزىللىكىدىن زارلىنىدۇ.

**ئۆزدىيار ئانا** (ناخشا):

ئاھ پەلەك، مەندەك ئانا - پىشانىسى شور بارمىدۇ،
ئەل-ۋەتەننىڭ ئالدىدا مەندەك گۇناھكار بارمىدۇ؟
بۇ جاھاندا يارنى دەپ ئۆز يۇرتىغا سالغان زۇلۇم،
نە ئوغۇل-ۋەھشىي قاۋانكى، دوزىخى خار بارمىدۇ.

كۈي ئۆزگىرىپ ناخشا داۋاملىشىدۇ.

نېمەدەپ چوڭ قىلدۇ ئوغلىنى ئانا،
نېمەدەپ جان بېرىدۇ بېشىدا يانا.
قەۋمىنى جانانغا، ئۆز يۇرتىنى جانغا
تېگىشكەن ئاسىي ھامان تارتىدۇ جازا.

ناخشىنىڭ تۈگىشىگە ئەگىشىپ جەڭ مەيدانى يورۇيدۇ ۋە غالجىرلىقتا چېكىگە يەتكەن پالۋان يەنە بىر لەشكەرنى چېپىش ئۈچۈن قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرىدۇ. بۇنى كۆرۈپ دەرغەزەپكە كەلگەن ئۆزدىيار ئانا بار ئاۋازى بىلەن توۋلايدۇ.

**ئۆزدىيار ئانا:** پالۋان!

بۇ ساداني ئاڭلىغان پالۋاننىڭ قولىدىن قىلىچ چۈشۈپ كېتىدۇ ۋە ئانىسىغا قاراپ توۋلايدۇ.

**پالۋان:** ئانا!

ئۆزدىيار ئانا بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ پالۋانغا يېقىنلاپ كېلىدۇ. پالۋانمۇ ئالدىغا ماڭىدۇ ۋە ئانا-بالا ئىككى خىل ھېسسىياتتا بىر-بىرىگە يېقىنلاپ كېلىپ، مەيداندا دائىرە ھاسىل قىلىدۇ. ئامانشاھ، شاھپەرى باشلىق لەشكەرلەر ۋە كروۋەن پۇقرالىرى بىر دىن، ئىككىدىن كېلىپ ئانا-بالىنى چۆرىدەيدۇ.

پالۋان ئاخىرى ئانىسىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ. ئۆزدىيار ئانىمۇ قۇچىقىنى كەڭ ئېچىپ پالۋاننى باغرىغا مەھكەم باسىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ بېلىدىن خەنجىرىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، غەزەپ بىلەن پالۋاننىڭ يۈرىكىگە تىقىدۇ. خەنجەر زەربىسىدىن ئۆزىگە كەلگەن پالۋان كۆزلىرىنى چەكچەيتكەن ھالدا ئانىسىغا قاراپ ئارقىسىغا بىرنەچچە قەدەم سەنتۈرۈلۈپ، ئاندىن ئۆزدىيار ئانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ «گۈپپىدە» يىقىلىدۇ. كۈچلۈك مۇزىكا ساداسى ئىچىدە سوزۇلما ئاۋازلىق خور ياڭرايدۇ. خور ساداسى ئىچىدە كروۋەن پۇقرالىرى ئۆزدىيار ئانىنى چۆرىدەپ سالام بىلەن تىزلىنىدۇ. ئۇلار سالامغا ئولتۇرغاندا شاھپەرىمۇ جامائەتنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، ئۆزدىيار ئانىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىدۇ. ئامانشاھ بېشىنى ئېگىپ ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ.

**شاھپەرى** (ناخشا):

مەن سىزنىڭ قىزىڭىز بولاي ئانىجان،
مەن سىزنى ئانا دەي بولسىڭىز رازى.
ئەلدىن يوقاتتىڭىز مۇدھىش ئاپەتنى،
بۇنىڭدىن ئانىجان ئەل مەڭگۈ رازى.

ناخشىنىڭ ئاخىرىنى ئامانشاھ داۋاملاشتۇرىدۇ.

**ئامانشاھ** (ناخشا):

بۇ ئوردا سىزنىڭكى بولسۇن ئۆيىڭىز،
مال-دۇنيا سىزگە خاس گەر خالىسىڭىز.

ناخشىدىن كېيىن جامائەت ئۆزدىيار ئانىنى مەدھىيىلەپ خور ئېيتىدۇ:

سىز بىزنىڭ ئانىمىز، ئەلنىڭ ئانىسى،
شان-شەرەپ سىزگە يار بولسۇن ھەر زامان.
سىز ئەل-يۇرت ھامىيسى، ۋەتەن ئانىسى،
نامىڭىز تىللاردا بولغۇسى داستان.

خور ئوقۇلۇپ تەنتەنە ئەۋجىگە چىققاندا، ئۆزدىيار ئانا توپ ئىچىدىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، چېگىش بىر تۈيغۇ ئىچىدە بىر چەتتە ياتقان ئوغلى پالۋاننىڭ جەسىتىگە قاراپ قويۇپ، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ غەلىبە شادلىقىغا چۆمگەن جامائەتتىن ئايرىلىدۇ.

## تۈگەنچە

بوۋاقنىڭ يېقىملىق، تاتلىق كۈلكىسى بىلەن تەڭ پەردە ئېچىلىدۇ. بۇ كۈلكە تەدرىجىي مۇزىكىغا ئالمىشىپ خور ئوقۇلىدۇ:

جان نېمە، جانان نېمە، مۇھەببەت جەننىتى نېمە؟
مال نېمە، دۇنيا نېمە، ھاياتلىق قىممىتى نېمە؟
مەيلى شاھ، مەيلى گاداي ئالەمچە شۆھرەت تاپسىمۇ،
يوق جاھاندا ئەل-ۋەتەندىنمۇ قەدىرلىك ھېچنېمە.

خورنىڭ باشلىنىشى بىلەن تەڭ ئەتراپ بارا-بارا گۈل-چىمەنلىككە ئايلىنىدۇ. ئاندىن ئاسماندىن پۈتكۈل مەيدانغا گۈل بەرگىلىرى تۆكۈلىدۇ. بۇ چاغدا ئارقا پەردىمۇ گۈلزارلىققا ئايلىنىدۇ-دە، ئۆزدىيار ئانا ئارقا سەھنىدىن ئالدى سەھنىگە قاراپ مېڭىپ، تۆكۈلۈۋاتقان گۈل-چېچەكلەر ئارىسىدىن تاماشىبىنلارغا سالام قىلىدۇ. ئاندىن ئارتىسلار، دراماتورگ-كومپوزىتورلار رېژىسسور ۋە سەھنە مۇلازىملىرى تاماشىبىنلارغا سالام بېرىدۇ.

1999-يىل، ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى



# مەدەنىيەت ـ سەنئەت گېزىتى

**2001 ـ يىل 2 ـ سان،ئومۇمي 30 ـ سان**

## ـ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئۇچۇرلىرى

**(2001 ـ يىل يانۋاردىن فېۋرالغىچە)**

●«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى ئەدىبلەر بىلەن يېقىندا ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يۈزلىنىشى ھەققىدە ئۆتكۈزگەن سۆھبەتتە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەدەبىيات تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى، تونۇلغان ياش قىرغىز ئوبزورچى مامبەت تۇردى ئەپەندى سۆز ئېلىپ: «ھازىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئاساسلىق ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر نېمە دېسە، بۇنىڭ بىرى ژۇرناللاردىن تولۇق پايدىلىنىش مەسىلىسى ھەل بولماي كېلىۋاتىدۇ. 〈شىنجاڭ مەدەنىيىتى〉 ژۇرنىلى مەدەنىيەت ئويغىنىش ھەرىكىتىنى باشلاپ بەردى ھەمدە ئۇنى بىر ئىزغا سېلىشقا ھەسسە قوشتى. 〈 تەڭرىتاغ 〉 ژۇرنىلىمۇ ئۇزۇن يىللىق تىرىشچانلىقتىن كېيىن ئەدەبىياتىمىزدا تۆرتكىلىك رول ئوينايدىغان ئوبرازىنى نامايان قىلماقتا. لېكىن نۇرغۇن ژۇرناللىرىمىز قەغەز ئىسراپ قىلىش بىلەن بوپكېتىۋاتىدۇ. بىز ئەدەبىياتنى ھېسسىيات بىلەن ئەمەس ئەقىل بىلەن يېتەكلىسەك بولىدۇ. ئەدەبىياتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئىجادىيەت بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ» دەپ قارىدى.

**ـ رىسالەت مۇھەممەت**

●9-يانۋاردىن 13-يانۋارغىچە خاڭجۇدا ئېچىلغان جياڭسۇ، جېجياڭ، شاڭخەيدىن ئىبارەت ئىككى ئۆلكە، بىر شەھەرنىڭ ئويۇن قويۇشنى كېڭەيتىش بويىچە 8-نۆۋەتلىك يىغىنىدا، شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى 2000-يىللىق ئويۇن قويۇشتىكى «توختامغا ئەمەل قىلىپ ئىشەنچكە ئېرىشكەن نەمۇنىلىك ئورۇن» گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى.

بۇ قېتىمقى كېڭەيتىش يىغىنىدا مەملىكەت بويىچە 500ئورۇننىڭ ئۆتكەن يىللىق ئويۇن قويۇشتىكى توختامغا ئەمەل قىلىش، تاماشىبىنلارنىڭ رازى بولۇش ئەھۋالى سېلىشتۇرۇلۇپ باھالاندى. نەتىجىدە شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى، خاربىن، جىنەن، جىلىن سەنئەت ئۆمەكلىرىدىن ئىبارەت تۆت ئورۇن بۇ گۇۋاھنامىگە ئېرىشتى.

**ـ ئامىنە ئابدۇرېشىت**

●شىنجاڭلىق 12ئۆسمۈر پۇتبولچى ئىتالىيە رىم شەھىرى لازىئو پۇتبول كۇلۇبىنىڭ 100يىللىق تويىغا قاتناشقاندىن كېيىن، 13-يانۋار ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى.

كوماندىنىڭ يېتەكچىسى ھۇسەن ئوسماننىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ئۆسمۈر پۇتبولچىلار رىمدىكى تۆت كۈنلۈك پائالىيەت داۋامىدا شۇ يەردىكى پۇتبول مەكتەپلىرىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلغان، ئۆسمۈر پۇتبول كوماندىلىرىنىڭ مەشىقىنى كۆرگەن. ھۇسەن ئوسماننىڭ قارىشىچە، ئىتالىيىدىكى پۇتبول كوماندىلىرىنىڭ مەشىقى ناھايىتى ئىلمىي، تۈرلۈك مەشق ئەسلىھەلىرى تولۇق ئىكەن. ئوخشاش ياشتىكى باللارنى سېلىشتۇرغاندا، ئۆسمۈر پۇتبولچىلىرىمىز تېخنىكا، تاكتىكا، بەدەن قۇۋۋىتى جەھەتلەردە ئۇلاردىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىكەن. شىنجاڭ ئۆسمۈرلەر كوماندىسى لازىئو ئۆسمۈرلەر كوماندىسى بىلەن ئوينىغان 40مىنۇتلۇق دوستلۇق مۇسابىقىسىدە ئوتتۇرىچە يېشى ئۆزلىرىدىن ئىككى ياش چوڭ بولغان رەقىبلىرى ئالدىدا قىلچە تەمتىرىمەي، ئۆز ماھارىتىنى ياخشى جارى قىلدۇرغان. ئاخىرىدا بىر توپ پەرق بىلەن ئۇتتۇرۇپ قويغان.

بۇ كوماندىدىكى بىردىنبىر قىز تەنھەرىكەتچى دىلارە شادىي مۇنداق دېدى: مەن ئۇلار بىلەن مۇسابىقىگە چۈشكەندە پەقەت تەمتىرىمىدىم. بۇ بىز

ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى ئۆگىنىش پۇرسىتى بولدى. باشقا تەنھەرىكەتچىلەرمۇ بۇ قېتىمقى سەپەر ئۈلاردا ئۇنتۇلغۇسىز تەسىراتلارنى قالدۇرغانلىقىنى، جىق نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالغانلىقىنى ئېيتتى.

- ئىلھام ئىمىن

● 17-يانۋار چۈشتىن كېيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى ئۈرۈمچى «خەلق» تىياتىرخانىسىدا تەنتەنىلىك تەبرىكلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ 2000-يىللىق خىزمەتلەردە گەۋدىلىك تۆھپە ياراتقان ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى، شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى، شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى، ش ئۇ ئا ر ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى قاتارلىق ئون ئىلغار ئورۇن، ئادىل ھوشۇر، ئامانگۈل سىدىق، ئىززەت ئىلياس، گۈزەلنۇر قۇربان، ئەركىن قۇتبىدىن، نىجات ئەكبەر، ھاۋاقىز باھاۋۇدۇن، جۇجۇفاڭ، مايىڭشىڭ قاتارلىق 100نەپەر مۇنەۋۋەر خىزمەتچىنى مۇكاپاتلىدى. ژۇرنىلىمىزنىڭ باش مۇھەررىرى ۇربان مامۇتمۇ «مەدەنىيەت نازارىتى سىستېمىسى ىچە بۇ 100نەپەر مۇنەۋۋەر خىزمەتچىنىڭ بىرى» ولۇپ تەقدىرلەندى.

- رىسالەت مۇھەممەت

● ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىدە خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: نۆۋەتتە مەدەنىيەت نازارىتى ئۈچ تەرەپتىكى خىزمەتنى نوقتىلىق ياخشى تۇتۇش كېرەك: 1. ئىجادىيەتنى مول، سەھنىنى سەرخىل قىلىپ، ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەشنى چىڭ تۇتۇپ، نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ بارلىققا كەلتۈرۈشى لازىم. 2. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە مەدەنىيەت مىراسلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇشى لازىم. 3. ئىلغار مەدەنىيەت ئارقىلىق ئىدىيە - مەدەنىيەت بازىسىنى ئىگىلەش لازىم.

- ئۆز خەۋىرىمىز

● شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 7-فېۋرالدىن باشلاپ خوتەن ۋىلايىتىدە بىر ھەپتىدىن كۆپرەك داۋام قىلغان «ئۈچىنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش» پائالىيىتى مۇلازىملىق ئۆمىكىنىڭ سەنئەت نومۇرلىرى قالتىس زور تەسىر قوزغىدى.

بۇ سەنئەت نومۇرلىرى شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى ئورۇندىغان ئۇسسۇللۇق ناخشا «تەنتەنە» بىلەن باشلىنىپ، شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىدىن ئەكرەم ئۆمەر غېجەك بىلەن ئورۇندىغان مۇزىكا «شىنجاڭدا باھار»، مىللىي ئوركېستىر ئورۇندىغان مۇزىكا «ئۇششاق مۇقامدىن ئارىيە»، رىزۋانگۈل ئېيتقان ناخشا «لەيلىگۈل»، شىنجاڭ سىرك ئۆمىكىدىن غەيرەت ئەزىز ئورۇندىغان «خىش ئويۇنى» تاماشىبىنلارنىڭ كارامەت ئالقىشىغا ئېرىشتى. شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكىدىكى داڭلىق كۈلدۈرگە ئارتىستلىرىدىن ئادىل مىجىت، تۇرغۇن ئىمىر، مېھرىگۈللەر ئورۇندىغان «ھېيتلاش»، «غەلىتە توي» قاتارلىق ئېيتۇتلار تاماشىبىنلارنى كۈلدۈرۈپ تېلىقتۇرۇۋەتتى. شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئاتاقلىق ئۇسسۇلچىسى تۇرسۇنئاي ئىبراھىمجان «بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي» ناخشىسىغا ئۇسسۇل ئويناپ سورۇن خۇشاللىقىنى ئەۋجىگە چىقاردى.

- گاۋيەنمىڭ

● ۋەتەنپەرۋەر شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100يىللىقىنى خاتىرىلەش، ئۇنىڭ ئىجادىيەت روھىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، تۇرپان ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، يازغۇچىلار جەمئىيىتى، «تۇرپان» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى 9-فېۋرال تۇرپاندا خاتىرىلەش يىغىنى ئۆتكۈزدى.

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 1901-يىل 9-فېۋرال تۇرپان شەھىرىدە مەرىپەتپەرۋەر تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1930-يىللارنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى بىر شانلىق دەۋرىنى ياراتقان. مىللەتنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن باتۇرلارچە كۈرەش قىلغان بۇ ۋەتەنپەرۋەر شائىر 1933-يىل 13-مارتتا جاللات شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قەتل قىلىنغان.

خاتىرىلەش يىغىنىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ۋە تۇرپان ۋىلايىتىدىكى يازغۇچى، شائىر، تەتقىقاتچىلار ۋەكىللىرى سۆز ئېلىپ، شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ شانلىق ھاياتىنى ئەسلەپ، ئۇنىڭ ئىلغار ئىدىيىسى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا قوشقان شانلىق تۆھپىسىگە يۇقىرى باھا بەردى.

يىغىنغا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، يازغۇچىلار جەمئىيىتى قاتارلىق ئورۇنلار تەبرىك خەت ئەۋەتتى.

- ساتتار رېقىپ، كېرەم ئەزىز (M2)



# ئەكسىيەتلەردىن ئەرزىيەتلەر

ئابلەت قەييۇم

## 1

ئالەم بۈيۈكلۈك بىلەن نەپىسلىكتىن تەركىب تاپقان. بۈيۈكلۈككە نىسبەت بولۇپ ئەرلەر، نەپىسلىككە نىسبەت بولۇپ ئاياللار يارالغان. ئەر رەڭ، ئەر شەكىل، ئەر ئاۋاز، ئەر ھەرىكەت قاتارلىقلار ئەرلىك قىياپەتلەرنىڭ، ئايال رەڭ، ئايال شەكىل، ئايال ئاۋاز، ئايال ھەرىكەت قاتارلىقلار ئاياللىق قىياپەتلەرنىڭ ئالەملىك بىرلىكلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئەرلىك قىياپەتلەرنىڭ ئالەملىك بىرلىكلىرىگە ئىخلاسەن ئالەملىك بۈيۈكلۈكلەرنى ئۈلگە قىلغان ئەرلىك ئالامەتلەر ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «ئوغۇلبالىچىلىق» دەپ ئاتىلىدۇ. ئوغۇلبالىچىلىق ئەرلەردە بولۇشقا تېگىشلىك ئەرلىك پەزىلەتلەرنىڭ ئىدىئوماتىك ئىبارىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي مەنىسى مەردلىك، قەتئىيلىك، لەۋزى ھالاللىق،

سادا

باتۇرلۇق، مۇستەقىللىق قاتارلىق مەنىۋى تەركىبلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىسى ھازىر ئەرلەرنىڭ ئوغۇلبالىچىلىق ئىختىساسى، جەمئىيەتنىڭ ئوغۇلبالىچىلىق كەيپىياتى ئومۇميۈزلۈك تۆۋەنلەپ كېتىۋاتىدۇ. تولا ئەرلەر جىنس ئايرىمىسى بويىچە «ئەر» دەپ ئاتالسىمۇ، ئوغۇلبالىچىلىقنىڭ مەنىۋى شەرتلىرى بويىچە ئۆلچەنسە، ئەرلىك لاياقىتىگە توشمايدۇ. ھەق-ناھەققە قايىنماسلىق، ھەق-ناھەقنى ئايرىماسلىق، ئەمەل-مەنسەپ، مال-دۇنيا ئۈچۈن ۋىجدان، غۇرۇرنى سېتىش، باشقىلارغا بولۇپمۇ ئاياللارغا تايىنىۋېلىشتىن نومۇس قىلماسلىق، نەپسانىيەتلىرى ئۈچۈن نەيرەڭۋازلىق، يالغانچىلىق، نامەردلىك قىلىشتىن يانماسلىق قاتارلىقلار ھازىرقى زامان ئەرلىرىنىڭ مەنىۋى بېتاپلىقىغا ئايلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئەرلىك ئوبرازىنى تولىمۇ خۇنۇك ھەم يىرگىنىشلىك ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇۋاتىدۇ. تېخىمۇ ئەپسۇسلىنارلىقى، ھارامخورلۇق، نامەردلىك، ساختىپەزلىك بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان بەزى ئىشلار، ھاراقكەشلىك، پاھىشىۋازلىق قاتارلىقلارمۇ ئوغۇلبالىچىلىق قاتارىدا

سانىلىۋاتىدۇ. ئەكسىچە، ئوغۇلبالىچىلىقنىڭ ھەقىقىي ئەمەللىرى سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچراپ، ئاللىقانداق بەدناملار بىلەن ئاتىلىۋاتىدۇ.

ئوغۇلبالىچىلىق ھەقىقىي ئەرلىك سالاھىيىتىنىڭ مەنىۋى بىرلىكى، جەمئىيەت تەشكىلاتىنىڭ تەشكىلىي تەركىبى. ئۇ، ئىنسان ۋە ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرىگە نىسبەتەن قانۇنىيەت خاراكتېرلىك رول ئوينايدۇ.

ئوغۇلبالىچىلىقنى ئەرلەرنىڭ ئىمانى دېيىشكە بولىدۇ، جىسمى ئەر بولسىمۇ، روھىيىتى ئەر بولمىغانلار ئىمانسىز ئەرلەر ھېسابلىنىدۇ. ئىمانسىز ئەرلەر ئىچىدە چۈشكۈنلۈك ھەم زەئىپلىك ھۆكۈم سۈرگەن بولىدۇ. تىنچلىق، ھەققانىيەت، گۈللىنىش دېگەنلەردىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

ئوغۇلبالىچىلىقنى جەمئىيەتنىڭ ئۇمۇرتقىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئوغۇلبالىچىلىق سەنئىتىنىڭ سۇنغانلىقى مىللەت ھەم دۆلەت ئۇمۇرتقىسىنىڭ سۇنغانلىقى، مىللەت ۋۇجۇدىنىڭ تەقدىر تۈۋرۈكىدىن، جەمئىيەت تەشكىلاتىنىڭ مەنىۋى يۆرىكىدىن، دۆلەت ئائىلىسىنىڭ قۇدرەتلىك يۆلىكىدىن ئايرىلغانلىقى بولىدۇ.

ئوغۇلبالىچىلىقنى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئانا قانۇنى دېيىشكە بولىدۇ. ئالەملىك قانۇنىيەتلەرگە تەتبىقلىغاندا ئەرلىك ئاياللىق بىلەن، ئاياللىق ئەرلىك بىلەن قانۇنلىشىدۇ. ئورۇن ھەم قىممەت جەھەتتىن ئېيتقاندا ھەرقانداق قانۇن، ھەرقانداق قاتتىق سىياسەتمۇ ئوغۇلبالىچىلىقنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ ھەم ئوغۇلبالىچىلىق كىرىزىسىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتلەرنى توسۇپ قالالمايدۇ. ئوغۇلبالىچىلىقى بولغان ئەلنىڭ قانۇن-تۈزۈملىرىدىمۇ ئوغۇلبالىچىلىق بولىدۇ. ئوغۇلبالىچىلىقى بولمىغان ئەلنىڭ قانۇن-تۈزۈملىرىدىمۇ ئوغۇلبالىچىلىق بولمايدۇ. ياكى بولغان تەقدىردىمۇ ئوغۇلبالىچىلىقنى نامايان قىلالمايدۇ.

ئوغۇلبالىچىلىق جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تەرتىپىنى كۆپ تەرەپلىمە ئىمكانىيەت ۋە ئاساسلار بىلەن كاپالەتلەندۈرىدۇ. جەمئىيەتتى ئوغۇلبالىچىلىق ئاساسىغا تەشكىللىگەندىلا جەمئىيەتتە ھەقىقىي ئېكولوگىيىلىك قىممەتلەرنى ياراتقىلى بولىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئوغۇلبالىچىلىقنىڭ سۇبيېكتى بولغان جىنسداشلىرىمىزغا مۇنداق دەپ مۇراجىئەت قىلغۇم كېلىدۇ: ئەر يارالغانلار، ئەرلىكىمىزگە قايتايلى، ئەرلىك روھىمىز بىلەن ياشايلى، ئاتىلىق سالاھىيىتىمىز بىلەن ئاتىلىق مەجبۇرىيەتلىرىمىزنى ئادا قىلايلى، ئائىلىنىڭ ئامانىتىگە خىيانەت قىلمايلى. ئۇ دۇنياغا ئەرلىك ئىمانىمىز بىلەن بارايلى!

## 2

بالا چاغلىرىمىزدا ئىرادىنامىلەرنى كۆپ يازاتتۇق. ئىرادىنامىلىرىمىزنى ئۇستازلارنىڭ، ئاتا-ئانىلارنىڭ مەندىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلايمەن دەپ ئاخىرلاشتۇراتتۇق. تەربىيىۋى چۈشەنچىلىرىمىز بويىچە ئۇستازلار ۋە ئاتا-ئانىلىرىمىزنىڭ بىزدىن كۈتكەن ئۈمىدى ياخشى ئوقۇپ ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن ياراملىق ئادەم بولۇش دەپ بىلەتتۇق. كېيىنكى چاغلاردا بۇ چۈشەنچىلىرىمىزنىڭ ئەمەلىيەتكە ئانچە ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى، ياخشى ئوقۇپ ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن ياراملىق ئادەم بولۇش بارلىق ئاتا-ئانىلارنىڭ ئورتاق ئۈمىدى ئەمەسلىكىنى، بەزى ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاشقا توغرا كەلسە ۋەتەن، خەلققە ياراملىق ئادەم بولۇش ئەمەس، ئۆزلىرىگە ياراملىق ئادەم بولۇش كېرەكلىكىنى چۈشەندۇق. ئەمدى بىز ئاتا-ئانىلار دۇنياسىغا قاراپ باقايلى:

بەزى ئاتا-ئانىلار قېرىغاندا بىزنى باقامدىكىن، ئۆلگەندە تۇپرىقىمىزنى يوقلاپ، دۇئا-تىلاۋىتىمىزنى قىلامدىكىن دېگەن مۇددىئا ۋە ئۈمىدلەر بىلەن بالىلىق بولىدۇ. باللىرىغا مۈلكىي مۇناسىۋەتلەر بويىچە مۇئامىلە قىلىدۇ. «بىز سېنى شۇنچىلىك قىلىپ بېقىۋاتىمىز، سەن بىزنى قانچىلىك باقارسەن؟» دەپ ئۆزلىرىنىڭ بالىلىق بولۇش ھەم بالا بېقىشتىكى ماھىيەتلىك مەقسەتلىرى بىلەن باللىرىنىڭ مەجبۇرىيەت ئېڭىنى زەرەتلەپ تۇرىدۇ. باللىرىنىڭ تەربىيىلىنىشىگە نىسبەتەن ئاز-تولا دۇئا-دورۇتلارنى بىلىۋالسىلا كۇپايە دەپ قارايدۇ.

بەزى ئاتا-ئانىلار باللىرىنى چامىنىڭ يېتىشىچە ۋاي-ۋايلاپ باقىدۇ. باللىرىنىڭ تەلىپىنىلا ئورۇنداپ ئۇلارغا تۈزۈكرەك تەلەپ قويمايدۇ. قارىماققا ئۇلار باللىرىغا غەرەزسىز كۆيۈنۈۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. شۇنىسى ئۇلارنىڭ غەرىزى كېيىنرەك ئاشكارىلىنىدۇ: پەرزەنتلىرىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇلاپ باققىنى بەدىلىگە ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش كۆرۈشنى، يېمەي يېگۈزۈپ، كىيمەي كىيگۈزۈپ باققانلىرىغا جاۋابەن ئۆزلىرى ئۈچۈن قۇربان بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر باللىرى ئۆزلىرىنىڭ (ئاتا-ئانىلارنىڭ) ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلمىسا ، باققىنىمىزنى تۆلىيەلمىدى، دەپ ئۇلاردىن قاتتىق ئاغرىنىدۇ.

بەزى ئاتا-ئانىلار باللىرىنى راھەت كۆرەمدىكىن دەپ ياكى راھىتىنى كۆرەرمىزمىكىن دەپ ئوقۇتىدۇ. راھەت كۆرۈشنىڭ بىردىنبىر شەرتى ئەمەلدار بولۇش دەپ بىلگەچكە، باللىرىنى ئەمەلدار بولۇشقا كۈشكۈرتىدۇ. ئەمەلدار بولۇش ئۈچۈن ناشايان ئىشلارنى قىلىشقا توغرا كەلسە« قانداق قىلىسەن، زامان شۇنداق تۇرسا، ‹ يەكچەشىمنىڭ شەرىگە بارساڭ بىر كۆزۈڭنى قىسىۋال› دېگەن گەپ بار، قىل، ئەمەل تۇتۇپ قالساڭ خەقمۇ ساڭا قىلىدۇ، كۆرمىدىڭمۇ، پالانچىلار چېغىدا كىچىككىنە ئەمەلى بىلەن تىقىلىپ كەتتى» دەپ نومۇسسىزلارچە دەۋەت قىلىدۇ.

بەزى ئاتا-ئانىلارغا بالا بولۇش ئۈچۈن شۇ ئاتا-ئانىدىن تۇغۇلغان بولۇش ھەم شۇ ئاتا-ئانىنى

ھۆرمەت قىلىشلا كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى بالا بولۇش ياكى «ئىنسابلىق بالا» بولۇش ئۈچۈن بالىلىق بەدىلى (ئىقتىسادىي بەدەل) تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ. بالىلىرىنىڭ بالىلىق دەرىجىسى تۆلىگەن بەدىلىنىڭ ئاز-كۆپلىكىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ.

ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ قېرىنداشلىق مېھىر-مۇھەببىتىنى شەكىللەندۈرۈشتە تەشكىلاتچىلىق رول ئوينايدۇ. بىراق بەزى ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرى ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، ئۇلارنى بىر-بىرىگە دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان قىلىپ قويىدۇ.

شۇنداقمۇ ئاتا-ئانىلار باركى، تايىنى يوق ئىشلار ئۈچۈن بالىلىرىنى قارغايدۇ، خىلمۇ خىل چارىلەر بىلەن بالىلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىدۇ، بالىلىرىنىڭ سىر-مەخپىيەتلىكلىرىنى ئاشكارىلاپ، ئۇلارنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يايىدۇ.

. . .

دەرۋەقە، ئاتا-ئانىلارنى ھۆرمەتلەش، بېقىش، خىزمىتىنى قىلىش بالىلىق پەزىلەتلەرنىڭ ئەڭ ئالىي خۇرۇچى، بالىلارنىڭ ئاتا-ئانىلار ئالدىدىكى باش تارتقۇسىز بۇرچى. لېكىن ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى پەقەت ئۆزى ئۈچۈنلا چوڭ قىلىشى، ئۇلارنى ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن يارامىلىق ئادەم بولۇشقا يېتەكلىمەي، ئۆزلىرىنىڭ ھايۋانىي شەخسىيىتى ئۈچۈن قۇربان بېرىشكە مەجبۇرلىشى ھەم ئۇلارغا رەزىللىك رىسالىلىرىنى ئۆگىتىشى ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۇلۇغلىقىغا مۇناسىپ كەلمەيدۇ.

ئاتا-ئانىلار ئۇلۇغ. لېكىن ئۇلار بالا تاپقان، تۇغقانلىقى بىلەنلا ئەمەس، بالىنى مىللەت، جەمئىيەت ئۈچۈن چوڭ قىلغانلىقى بىلەن ئۇلۇغ. ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئاتا-ئانىنى ئۇلۇغلايدىغان بىھېساب ئەسەر ۋە ئىبارىلەر ئەنە شۇنداق ئاتا-ئانىلارغا تېگىشلىدۇر.

## 3

ئادەم ئۆمرىدە تالاي - تالاي كۈلىدۇ، لېكىن تالاي كۈلكىلەرنىڭ قاچان، نېمە سەۋەبلەردىن كۈلۈنگەنلىكى ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ. بىراق ئىنساننىڭ ھاياتىدا شۇنداق كۈلكىلەرمۇ كۈلىنىدۇكى، ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇلمايدۇ. توي كۈلكىسى ئەنە شۇنداق كۈلكىلەرنىڭ بىرىدۇر.

سۈننەت توي ئۇيغۇرلارنىڭ ئوغۇل پەرزەنتلىرىنى خەتنە قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان ئەنئەنىۋى مۇراسىمى. ئۇگەرچە خەتنە مەرىكىسى بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە نىكاھ توي مۇراسىمىغا ئوخشاشلا ئۇيغۇر ئوغۇللىرىنىڭ جەمئىيەت يېشىغا (ئوقۇش يېشىغا) يەتكەنلىكىدەك ئىنسان ھاياتىنىڭ مۇھىم بۇرۇلۇش پەيتىگە توغرا كېلىدىغان كاتتا مەرىكە ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلگىرىكى چاغلاردىكى سۈننەت توي ئادەتلىرىدە تويى بولغان بالا توي مەركىزى قىلىنىپ بالىنى گەۋدىلەندۈرۈش بىلەن توي خاسلىقى نامايان قىلىناتتى. جامائەت توي مۇبارەكلەپ كەلگەندە ئالدى بىلەن تويى بولغان بالىنى سورۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئاز-تولىدىن سۈننەتلىك بېرىشەتتى، پېشانىسىگە سۆيۈپ، چاقچاقلىق سۆزلەر بىلەن ئەركىلىتىپ بالىنىڭ ۋۇجۇدىدا توي شادلىقى، چېھرىدە توي كۈلكىسى پەيدا قىلاتتى.

بۈگۈنكى كۈندە بالىلارنىڭ سۈننەت تويى چوڭلار تەرىپىدىن بېزەكچىلىك بىلەن ئىگىلىۋېلىندى. توي نامىدا بالىنىڭ بولغان بىلەن توي تاجدارى بولغان بالا تويىنىڭ قورچاق ئىگىسىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. ئاتا-ئانىلار توي توغرىلىق ئويلاشقاندا بالىغا بولغان ئەھمىيىتى بىلەن ھېسابلاشماي، ئۆزلىرىنىڭ نام-شۆھرىتى بىلەنلا ھېسابلىشىۋاتىدۇ. پۈتكۈل تويدا بالا ئۈچۈن ھەقىقىي خاتىرە بولغىدەك كۆڭۈللۈك پائالىيەت بولمىسىمۇ، بالا كۆڭلى سۇ ئىچمىگەن شۇ سورۇنغا قامىلىپ پىل توپى ئارىسىدا قالغان بۆجەندەك تېڭىرقاپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ. توي ئەھلى بالىغا كىيدۈرۈلگەن مەرىكە كىيىمىدىن ئۇنىڭ تويى بولغان بالا ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، بالىنىڭ كۆڭلىنى ئاز-تولا ئاۋۇندۇرۇپ قويۇشنى زادىلا ئويلىمايدۇ. ئاتىغان - تارتقان «كۆڭۈل سوۋغىلىرى»نى تويى بولغان بالىغا ئەمەس، ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىغا «قەرز تالونى» بىلەن قوشۇپ تاپشۇرىدۇ. بۇ ھالەتتە ئۇنى قانداقمۇ توي دېگىلى، توي بولغاندىمۇ سۈننەت تويى دېگىلى بولىدۇ؟!

بالىلار بالىلارغا خاس تۇرمۇش، پائالىيەتلەرنى ياقتۇرىدۇ. پەقەت بالىلارنىڭ بالىلىق ئىستەكلىرى قاندۇرۇلغاندىلا ئۇلار ھەقىقىي خۇشاللىققا ئېرىشەلەيدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا پۈتۈنلەي چوڭلارغا خاس پائالىيەتلەر بىلەن ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان ئاتالمىش سۈننەت تويلار بالىلارغا ھەقىقىي مەنىۋى قانائەت ئاتا قىلالمايدۇ. سۈننەت تويلاردا بولۇۋاتقان زىيادە داغدۇغا ۋە ھەشەمەت، يەپ-ئىچىش، كەيپ-ساپا، ئەر-ئاياللار گىرەلىشىپ ئويناۋاتقان تانسا-ئۇسسۇللار ھەم مۇشۇ خىل كۆرۈنۈشلەردىن مەزمۇن تاپقان سىنئالغۇ لېنتىلىرى ۋە فوتو خاتىرىلەر بالىلاردا ئۇنتۇلغۇسىز توي تەسىراتى قالدۇرالمايدۇ. بۇنداق تويلارنىڭ بالىلار ئۈچۈن ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايلا قالماي ئەكسىچە بالىلارنىڭ ۋۇجۇدىدا سەلبىي ئاسارەتلەرنى قالدۇرۇشى مۇمكىن. شۇڭا بالىلارنىڭ تويى بولغان سۈننەت توي بالىلار ئۈچۈن ئەڭ ئەھمىيەتلىك بولۇش پرىنسىپى بويىچە ئۆتكۈزۈلۈشى، ئىسمى جىسمىغا لايىق بالىلار تويى بولۇشى كېرەك. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن، ئوغۇللۇق بولغان ئاتا-ئانىلارغا شۇنداق دەپ مۇراجىئەت قىلىمەنكى، ئاتا-ئانىلار، سۈننەت تويىنى بالىلارغا قايتۇرۇپ بېرەيلى!

---

ئاپتور: تورپان ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش مەركىزىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى (M2)



# تارىختىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن

## – زوردۇن سابىر ئاكىنىڭ «ئانا يۇرت» تىرىلوگىيىسىنى ئوقۇپ

ئابدۇقادىر جالالىددىن

زوردۇن سابىر ئاكىنىڭ «ئانا يۇرت» تىرىلوگىيىسىنى ئوقۇپ بولۇپ، نېمە ئۈچۈندۇر ئۇزاق خىيال سۈرۈشكە مەجبۇر بولدۇم، بۇنى ھەرگىزمۇ كىشىگە يەڭگىللىك ۋە ئازادىلىك ئەكېلىدىغان خىيال دېگىلى بولمايتتى، بەلكى ئۇ، تارىخنىڭ قاتتىق تولغاقلىرى، ئاچچىق ساۋاقلىرى، ئۇچ-چېكى يوق نادامەتلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن ۋىجدان مۇھاكىمىسى ئىدى. شۇ چاغدا مۇئەللىپنىڭ ئۆزى بىلەن راسا مۇڭداشقۇم كەلدى. ئەپسۇس، ئۇ ئارىمىزدىن كېتىپ قالغان – ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە تارىخ تېپىشماقلىرىغا ئاشىق بوپقالغان زوردۇن سابىر ئاكا يېزىق شىرەسىنىڭ ئالدىدىكى ئۇزۇن مۇساپىلىق ئىستىقامەتلىرىدە ھەل قىلالمىغان تېپىشماقلارغا ھەقىقىي جاۋاب تېپىش ئۈچۈن تارىخنى قان بىلەن ياراتقۇچى شاھىدلارنىڭ قېشىغا كەتكەنىدى. دەرۋەقە، تارىخ بەزىدە ئەرۋاھقا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتىپ تۇرالىشىدىكى سەۋەب شۇكى، بۇ ئەرۋاھ تىرىكلەرنىڭ ئارزۇ ئۈچۈن بولغان كۆرەشلىرى ۋە ئىنتىلىشلىرىدىن ئوزۇق ئالىدۇ. تىرىكلەر ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىق كۆرىشىگە بولغان سېزىكلىكىنى بىلىشكەنلىرىدە، شۇنداقلا ئارزۇ چەمبەرلىرىنى ئەركىن كېڭەيتىشكە مۇمكىنلىك تاپالمىغانلىرىدا ئەجدادلىرىنى يادىغا ئالىدۇ، ئۆتمۈش ئۇلارنىڭ پائالىيەت ماكانىغا ئايلىنىدۇ، كىشىلەر تەبىئىي ھالدا بۇرۇن ئۆتكەن ئەزىمەتلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ بۈگۈنىگە باشلاپ كېلىدۇ ۋە ئۇلار بىلەن بىر روھ، بىر تەن بولىدۇ؛ ئاللىبۇرۇن ئۆتۈپ كەتكەن دەۋرلەر ھەم شۇ دەۋرلەرنىڭ قەھرىمانلىرى ھازىرقى تىرىكلەرنىڭ قېنى بىلەن ھەرىكەتكە كېلىدۇ، بۈگۈنكىلەرنىڭ قېنى ئۆتمۈشتىكىلەرنىڭ تومۇر-تومۇرلىرىدا ئۆركەش ياسايدۇ. ئەگەر بۈگۈنكىلەرنىڭ قېنى ھارارەتلىك، جەڭگىۋار قان بولسا ئەجدادلارنىڭ ئەرۋاھى شۇنچە جۇلالىق كۆچ سۈپىتىدە كېلەچەكنىڭ سەرمايىسىگە ئايلىنىدۇ. ئەگەر بۈگۈنكىلەرنىڭ قېنى سوۋۇغان، سۇس، شالغۇت قان بولسا، ئەجدادلارنىڭ ئەرۋاھى قورۇنغان ھالدا بۈگۈنكىلەرنى تاشلاپ قاچىدۇ. چۈنكى، تارىخ چۈشەنگەنلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىر روھتۇركى، ئۇنىڭمۇ تىرىكلەرنى جازالاش ياكى مۇكاپاتلاش قۇدرىتى بولىدۇ. ئۆتمۈش شاھىدلىرى ھامان ئۆزىنىڭ قابىل ھەم قۇدرەتلىك ئەۋلادلىرىنىڭ قەدىمىگە مەدەتكار بولىدۇ. ئۇلار بۇ ئارقىلىق كەلگۈسى تارىخنىڭ ئېنېرگىيە مەنبەسىگە ئايلىنىدۇ. جەڭچىلەرگە خاس جاسارىتى بولمىغان لامزەللە رولچى باھادىر – ئەزىمەتلەرنىڭ قورقۇنچلۇق جەڭگاھلاردىكى رولىنى ئالغاندا، ئەھۋال قانداق بولىدۇ؟ مېنىڭچە، ھېلىقى باھادىر – ئەزىمەتلەرنىڭ

## ئوقۇرمەنلەر مەجلىسى

ئۆزىمۇ لامزەللىلىك دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالىدۇ. شۇڭا، ئىلگىرىلەش مەنىسىدىن ئېيتقاندا، تارىخىي سىمالار ھامان تېخىمۇ جۇشقۇن ۋارىسلارنىڭ مەردانە قەدىمىدە ئۆز ئەكسىنى تاپىدۇ.

قان بىلەن يېزىلغان تارىخ بولمىسا، سىياھ بىلەن يېزىلغان تارىخ پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. ئەگەر تارىخنىڭ سىياھ بىلەن يېزىلغان قىسمىغا ھالال ئېتىقاد بىلەن يۈرەك قېنى قوشۇلسا، بۇ ئاخىرى ھاياتىي كۈچكە تولغان تارىخىي روھ بولۇپ شەكىللىنىدۇ.

زوردۇن سابىر ئاكا «ئانا يۇرت» نى قولىمىزغا تاپشۇرۇپ، ئۇزاپ كەتكەندە، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ مەزكۇر تارىخىي رومانىنىڭ شۆھرىتى بىلەن باغلانغان ھالدا يارقىن بىر تارىخىي شەخسكە ئايلىنىپ كەتتى. ئەمدى بىز بۇ ئاكىمىزنى ئۇنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ئەسەرلىرىدىن، شۇنداقلا زاماندashلىرى خاتىرىسىدىن ئىزدەشكە مەجبۇر بولىمىز، ئۇ ئۆزىنىڭ يۈكسەك بىر ئارزۇنىڭ ئىگىسىگە ماس ھالدىكى شىجائەتلىك يازغۇچى ئىكەنلىكىنى ئەمدى ئىسپاتلىدى. شۇ تاپتا، مەن ئۇنىڭ تىرىكلىكتە قالدۇرغان بەزى تەسىراتلىرىنى ئېسىمگە ئېلىپ تۇرۇپتىمەن. مېنىڭ بىلىشىمچە، زوردۇن سابىر ئاكىدەك كۆپ كىتاب كۆرىدىغان، ئۆزىدىن ھەمىشە قانائەت تاپمايدىغان يازغۇچى ئارىمىزدا ئانچە كۆپ ئەمەس. بىزدە بىرەر پارچە ئەسەرنى ئېلان قىلىپ بولۇپ ئاممىدىن ياخشى ئىنكاس كۈتۈپ، تەسىرات ماراپ يۈرىدىغان، بىرنەچچە پارچە ئەسەرنىڭ شۆھرىتى بىلەن ئىجتىمائىي دەرىجە ۋە مەنپەئەت ئىزدەيدىغان ئەدىبلەر يوق ئەمەس. زوردۇن سابىر ئاكا ئۆزىنىڭ قانچىلىك ئىش قىلغانلىقىنى نورمال رەۋىشتە چۈشىنەتتى - ئۆزىنى پەۋقۇلئاددە تالانتنىڭ رويخېتىگە تىزىپ كەتمەيتتى. ئۇ، ئۆزىنى مەن بىر يازغۇچى، ئۆزۈمدە بار قابىلىيەتنى ئىمكانقەدەر تولۇق ئىشقا سالسام بولدى، دەپ قارايتتى. بولۇپمۇ ئۇ، يازغۇچى قانداق بولمىسۇن، كۆپرەك مەھسۇلات يارىتىشى كېرەك، دەپ تەشەببۇس قىلاتتى. ئاكىمىزنىڭ: «ئۇيغۇرلاردىمۇ 〈تىنچ دون〉 بولۇشى كېرەك» دېگەن سۆزى ھازىرمۇ ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ.

«تىنچ دون» دون دەرياسى بويىدىكى كازاكلارنىڭ بوران-چاپقۇنلۇق ئۇرۇش يىللىرىدىكى ئېچىنىشلىق بەدەللىرىنى ئاجايىپ چىن تەسۋىرلەپ، ئاپتورنىڭ پۈتكۈل كازاكلارنىڭ ھەرىكىتى، ئارزۇسى ۋە ھەسرىتى بىلەن سۇغۇرۇلغان يۈرىكىنى مىللەت دەرىجىسىگە كۆتۈرگەنىدى. ساپ مىللىي تۇرمۇش، نازۇك تەسۋىر، ئاپتورنىڭ قويۇق شەخسىيىتى گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرىدىغان جۈملىلەردىن ھاسىل بولغان پۈتكۈل ئەسەر داۋالغۇپ تۇرغان بىر دېڭىز دولقۇنى... ئۇنىڭدا كازاكلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئايلانغان، ئۆزىدىن غايەت زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەن مىخائىل شولوخوف ئۆزۈپ يۈرىدۇ. «تىنچ دون» نىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى سىياسىي سۇيىقەست ۋە تېررورلۇق بىلەن قاپلانغان ستالىنىزم دەۋرىدىكى بىر ئىنقىلاب بولغانىدى. ئەگەردە شولوخوفتا قورقماس يۈرەك بولمىغىنىدائىدى، ئۇ ئۆزىدىكى كاتتا ئىستىبداتقا تايىنىش بىلەنلا بوگۈنكى ھەيۋەتلىك شولوخوفقا ئايلىنالمىغان بولاتتى. «ئەگەر يازغۇچى شىجائەتلىك بولمىسا ئىش تامام» دەيدۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىسى يۇرىي كازاكوف: «ئۇ قانچىلىك تالانتلىق بولسىمۇ، بەرىبىر پايدىسى يوق، ئىقتىدارى ئۇنى ساقلاپ قالالمايدۇ».

تېما ئېتىبارىدىن ئېيتقاندا، «ئانا يۇرت» ترىلوگىيىسى بىزنىڭ «تىنچ دون». بەلكى ئۆزىمىزنىڭ تارىخى، ئۆزىمىزنىڭ گاڭگىراشلىرى، ئۆزىمىزنىڭ كۆرەشلىرى ساپ ئۆز تىلىمىزدا ئەكس ئەتكەنلىكى سەۋەبلىك، «ئانا يۇرت» رومانى بىز ئۈچۈن «تىنچ دون» دىنمۇ قىممەتلىك. ئېھتىمال، بەزىلەر «ئانا يۇرت» رومانىنىڭ بەدىئىي پەللىسىنى «تىنچ دون» غا يەتمەيدۇ، دەپ قارايدىغاندۇ. مېنىڭچە، بۇنداق قاراش يۈزەكى سېلىشتۇرمىدىن كەلگەن. بىر مىللەتنىڭ دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى ئورنىنى نوقۇل ھالدا بەدىئىي نەتىجىلەرنىڭ ئۆزى ئارقىلىق ئىزاھلاش مەسئۇلىيەتسىزلىك بولىدۇ. بىر مىللەت ئۆزىنىڭ مىللىي خاراكتېرى ۋە ئېستېتىك قاتلىمىنى ئەدەبىيات-سەنئەت ئارقىلىق كۆرسىتەلىسىمۇ، لېكىن بۇ، ھەرگىزمۇ مىللىي قەدىرىيەتنى نامايان قىلىش بىلەن باراۋەر ئەمەس. مىللىي قەدىرىيەت ئەدەبىيات - سەنئەتتە ئەكس ئېتىدىغان، ئەمما ئەدەبىيات - سەنئەتتىن ھالقىغان ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ساھەلەردە ئىشقا ئاشىدىغان جەريان. قېنى كىم چىڭغىز ئايتماتوفنىڭ دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى ئورنىنى سىياسىي ۋە ھەربىي كۈچ ئۈستۈنلۈكىدە دەۋر سۈرگەن رۇس مىللىتىنىڭ تىل-يېزىقىدىن ئايرىپ قارىيالايدۇ؟ ئايتماتوف قىرغىز خەلقىنىڭ پەرزەنتى سۈپىتىدە ئۆز ئانا تىلى بىلەن خەلقىگە يۈزلەندى، رۇس تىلى بىلەن دۇنياغا يۈزلەندى. ئۇ، ئۆز خەلقىنىڭ سەرگۈزەشتىسى ۋە ئىستەكلىرىنى جاكارلايدىغان ھەمراھسىنى رۇس تىلىنىڭ راكىتاسى ئارقىلىق ئالەم بوشلۇقىغا چىقاردى. تىل ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى بولۇش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، ئۇ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە بىر مىللەتنىڭ ئويلاش، پىكىر قىلىش، تەبىئەت بىلەن ئالاقە قىلىش ۋە سىنتېزلاش شەكلى، شۇنداقلا شۇ مىللەت ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنىڭ كرىستالى. دېمەك، تىل بىر مىللەتنىڭ ئالىي فورمىسى. ئايتماتوف رۇس تىلىدا ئەسەر يازىدىغان قىرغىز ئەدىب سۈپىتىدە رۇس مەدەنىيىتىنىڭ كەيپىياتىنىمۇ ئۆزىدە تېپىك نامايان قىلدى. ئەدەبىيات بىر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى تەسۋىرلەپ بېرەلەيدۇ، لېكىن بېكىتىپ بېرەلمەيدۇ. مەلۇمكى، مەلۇم بىر ئەدەبىي ئەسەرنىڭ دۇنياۋى ئورنى شۇ ئەسەرنى ياراتقان خەلقنىڭ

دۇنياۋى ئورنىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، بەلكى بىر مىللەتنىڭ دۇنياۋى ئورنى شۇ مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ دۇنياۋى ئورنىنى بېكىتىدۇ.

بىز «ئانا يۇرت» نى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەمنى «تىنچ دون» دىن ئىزدىمەيمىز، بەلكى ئانا يۇرتنىڭ ئۆزىدىن ئىزدەيمىز. «يۇرت»، «ۋەتەن» چۈشەنچىلىرى نوقۇل تېررىتورىيىلىك ئۇقۇم ئەمەس، ۋەتەن دېمەك مۇئەييەن ماكان-زاماننى بىرلىك قىلغان خەلق روھىدۇر. ئۆز روھىدىن مۇستەسنا ھالدا بىر قەۋم خەلق سۈپىتىدە مەۋجۇت بولالمايدۇ، دېمەك خەلق دېگەن ئۇزاق تارىخىي ئىزچىللىقتا ئىگە روھنىڭ ئىجتىمائىي گەۋدىسى. شۇنداق ئىكەن، خەلقتىن ۋە خەلق روھىدىن مۇستەسنا ھالدىكى تېررىتورىيە ئەنە شۇ خەلققە تەۋە مۇكەممەل ۋەتەن بولالمايدۇ. «ئانا يۇرت» نىڭ مەزمۇن ۋە بەدىئىي ئۆلچەملىرى دەل مۇشۇ ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن خەلقنىڭ تەقدىرى، خۇلقى، دۇنيا قارىشى ھەمدە ئاجىزلىقىدىن ئىشلەپچىقىلىدۇ. ئىدېئولوگىيە ساھەسىگە ياتىدىغان بۇنداق پۈتۈن مېھنەت بىزدە تېخى روياپقا چىقمىدى. لېكىن، بىز قەدىمىمىزنى ئۆز چىقىش يولىمىزغا قاراپ ئارتقۇزۇۋېرىمىز، بىزنى تولۇق قانائەتلەندۈرىدىغان نەتىجىلەر ئاشۇ تېنىمسىزلىقنىڭ پىشقان بىر نۇقتىسىدا چىراي ئاچىدۇ. بىز قاچاندا ئۆزىمىزنى ھەم ئۆزگىلەرنى ئۆلچەيدىغان مۇستەقىل قىممەت ئۆلچىمىمىزنى زامانغا لايىق ھالدا قۇرۇپ چىقالايدىكەنمىز، شۇچاغدىن باشلاپ ئۆزىمىزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق روھىي ۋە ماددىي بايلىقى ھالال ھەم بىمالال رەۋىشتە بىزگىمۇ مەنسۇپ بولىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، زوردۇن سابىر ئاكىنىڭ تراگېدىيىلىك تارىخ ئەسلىمىسىدىكى گاڭگىراشلار تەكرار يۈز بېرىدۇ.

«ئانا يۇرت» نى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، كىشى تەبىئىي ھالدا ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئاكىنىڭ «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن» رومانلىرىنى ئەسلەپ قالىدۇ. تارىخنىڭ مەلۇم بىر دەۋرىدىكى ۋەقە يەنە بىر دەۋردە يۈز بەرگەن ۋەقە بىلەن باغلىنىپ كېتىدۇ، شۇنداقلا بىر يەردە يۈز بەرگەن ۋەقە باشقا بىر يەردە يۈز بەرگەن ۋەقەنىڭ سەۋەبى بولۇپ چىقىدۇ. مانا مۇشۇنداق سەۋەبلەر «يۇرت» دېگەن ئۇقۇمغا مەركەزلەشكەن ھەيۋەتلىك بىر پۈتۈن تارىخنىڭ پائالىيەتچان ئوبرازىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ. بىز ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئاكىنىڭ رومانلىرىدىن تۆمۈر خەلپە، خوجىنىياز ھاجى قاتارلىق ئىنقىلاب رەھبەرلىرىنىڭ ئوخشاش ماھىيەتتىكى پاجىئەسىنى كۆرىمىز. ئۆتكۈر ئاكا «ئويغانغان زېمىن» رومانىنى تاماملىغاندا، ئىنقىلابنىڭ كېيىنكى قىسمىلىرىنى كەلگۈسىدىكى ئەۋلادلارنىڭ يېزىشىغا تاپشۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ۋەھالەنكى، ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئەنە شۇ ئىنقىلابلارنىڭ بەدىئىي ئەينىكى بولغان «ئانا يۇرت» نى ئوقۇپ، تارىخ ھەققىدىكى مۇرەككەپ ئويلارغا گىرىپتار بولۇپ تۇرۇۋېتىمىز. تېما ئىزچىللىقى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، «ئانا يۇرت» بىر تارىخىي رومان سۈپىتىدە «ئويغانغان زېمىن» نىڭ داۋامىدۇر.

زوردۇن سابىر ئاكىنىڭ «ئانا يۇرت» ترىلوگىيىسىنىڭ بايان ئىستىلى رۇس پروزىلىرىنىڭ تەسىرىگە خېلى روشەن يولۇققان بولۇپ، تەبىئەت ۋە ئۇرۇش ھەققىدىكى تەسۋىرلەر سالماق، ۋەزمىن تۈس ئالغان. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ شىخو، جىڭ قاتارلىق جايلارنى گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىش جەريانىدىكى ئۇرۇشى كۆز ئالدىمىزدا ھەيۋەت، سۈرلۈك قىياپەتتە نامايان بولىدۇ. ئۇرۇش تەڭسىزلىكىنىڭ بۇرۇقتۇرما ھاۋاسىدا شەلۋەرىگەن جاراھەت. بەزىدە بۇ جاراھەتتىن تارتۇق، ۋەبەزىدە جانغا بېرىپ تاقىلىدىغان زەرداپ قالىدۇ. ئۇرۇش تەڭسىزلىكىنىڭ رەھىمسىز تاپىنىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تەۋەككۈل قىلغان كىشىلەرگە قانچىلىك ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى ئەكەلمىسۇن، ئۇلار ئۈچۈن بۇ كۆپ ھاللاردا ئاخىرقى تاللاش بوپقالىدۇ. بەربىر، ساختا تىنچلىق ئاستىغا كۆمۈلگەن ھاقارەتتىن ئۇرۇش ئوتلىرى ئۇنۇپ چىقىدۇ. خورلانغانلارنىڭ ئاچچىق قىسمەتلىرىگە يوشۇرۇنغان ھەقىقەتنى ئىزدەشتىن لەززەت تاپىدىغان شىجائەتلىك يازغۇچى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇرۇشمۇ بىر سەنئەتكە ئايلىنىدۇ، چۈنكى ئۇرۇشمۇ ئۆز نۆۋىتىدە كۆپ نەرسىلەرنى يېڭىۋاشتىن يارىتىشقا قادىر. لېف. تولستوي، مىخائىل شولوخوف، ھېمىڭۋايلارنىڭ ئەسەرلىرى ئەنە شۇنداق ھەيۋەتلىك ئۇرۇش مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەش بىلەن دىققەتكە سازاۋەر. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا جەڭنامىلەر خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ، ئاشۇ خىل تېمىدىكى يازما ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى ھازىرلىغان. «ئانا يۇرت» تىكى ئۇرۇش تېمىسى بىزدە ئۇنتۇلۇپ كېتەي دېگەن جەڭنامە ئەدەبىياتىنىڭ زامانىۋى ۋارىيانتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇرۇش بەزىدە چوڭ بىر تارىخىي كۆچۈشنىڭ بەلگىسى بوپقالىدۇ. ئومۇمەن، ئۇ، كىشىلەر ئويلاپ باقمىغان ھالدىكى ئىجابىي ياكى سەلبىي ۋەزىيەتنى پەيدا قىلىدۇ. زوردۇن سابىر ئاكىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى ئۇرۇش مەنزىرىسى ئاپتور قەلبىدىكى باتۇرلۇق، تەۋەككۈلچىلىك، پىداكارلىق كەبى ھەيۋەت خاراكتېردىن كېلىدىغان گۈزەللىككە بولغان سېغىنىشنى ئىزھارلاپ بېرىدۇ. روماندىكى غېنى باتۇر ھېچقانداق ئىجتىمائىي نىزام ۋە ئىسكەنجىدىن تەپتارتمايدىغان، قارام كىشى بولۇش بىلەن بىرگە مۇھەببەت-نەپرىتى ئېنىق، ساددا-تۈز. ئۇنىڭ باتۇرلۇقى بىر قارىسا تومتاقلىقتا ئىگە، نېرى-بېرى ئىشلارنى ئانچە ئويلاپ ئولتۇرمايدۇ؛ يەنە بىر قارىسا، ناھايىتى ئىنچىكە، ئۇ ئۆزىنىڭ باتۇرلۇق تەبىئىتى كۆتۈرەلمەيدىغان تەڭسىزلىكلەرنى ۋە قازائى - قەدىرلەرنى كۆرسە، كۆزىگە ئاسانلا ياش ئالىدۇ، ئۇ يەنە خەلقنىڭ غۇرۇرىغا بېرىپ تاقىلىدىغان چوڭ

ئىشلاردا سەزگۈرلۈكىنى يوقاتمايدۇ. غېنى باتۇر ۋىجدان يولىدىكى جەڭچى، شۇنداقلا خوتۇنپەرەست. بۇ، جىسمانىي كۈچ تېمىپ تۇرىدىغان باتۇرلاردا كۆپ كۆرۈلىدىغان خۇلق دىئالېكتىكىسى. ئاپتور غېنى باتۇرنى ھەممە پەزىلەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئادىمىيلىكتىن يىراق بولغان سۈنئىي ئەۋرىشكىگە ئايلاندۇرۇپ قويمىغان. مېنىڭچە، غېنى باتۇرنىڭ قىزىققان، قەيسەر، ئىشقىباز خاراكتېرى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ھاياتىي كۈچىنى سەممىيي، چىن رەۋىشتە يارقىنلاشتۇرغان. شۇنى ئىزاھلاپ قويۇش كېرەككى، غېنى باتۇردىكى خوتۇنپەرەستلىك ھەرگىزمۇ ھازىرقى دەۋردىكى ئېتىقادسىزلارچە سۇيۇقلۇق ئەمەس، ئۇنىڭ بۇخىل تۇرمۇشى ئەينى دەۋر كىشىلىرىگە ماس ھالدا ھايالىق ۋە ئىنتىزاملىق ئىدى. زوردۇن سابىر ئاكا تەبىئەتنىڭ ئەركىسى ۋە شۇ چاغدىكى جامائەت ئەخلاقىنىڭ نادىر ئەسىرى بولغان غېنى باتۇر ئۈچۈن ئاجراتقان سەھىپىلەردە بىر يازغۇچىغا خاس زوقمەنلىكىنى روشەن گەۋدىلەندۇرىدۇ. ئۇ گويا غېنى باتۇرنىڭ قورقماس خاراكتېرى ۋە خوتۇنپەزلىكىگە يۇغۇرۇلۇپ كەتكەندەك تەسىرات بېرىدۇ. يازغۇچىنىڭ سۆيىدىغىنى ئىنسان، ھەرگىزمۇ ئىنساننىڭ دەرىجىسى ۋە تەبىقىسى ئەمەس. يازغۇچى ئۆزى مەستانە بولغان گۈزەللىكنى، ئىشەنچ ۋە ئېتىقادنى، ئالىي نىشاننى ھەتتا خۇداغا بولغان ئىلتىجاسىنى ئىنساندىن بايقايدۇ؛ شۇنىڭ ئۈچۈن يازغۇچىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئوبرازلارنىڭ ھەممىسى سۆيۈملۈك. زوردۇن سابىر ئاكا شېڭ شىسەيدەك جاللاتلاردىن ئەقىدە جەھەتتىن نەپرەتلىنىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆز قەۋمىنىڭ يىراق مەنپەئەتىگە سادىق تەرەپلىرىنى يوشۇرماي كۆرسىتىدۇ. تارىخىي شەخسلەرنىڭ ساۋاقلىرىغا جىددىي قارايدىغان ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن بۇنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئىبرەت. روماندىكى سۇلايمانوف تىپىك سەلبىي تۈس ئالغان، لېكىن ئاپتورنىڭ پوزىتسىيىسىدە ئۇنى ئىنسان سۈپىتىدە ئاقلاپ چۈشىنىشمۇ مەۋجۇت. دېمەك، يازغۇچى مەيلى سۆيۈملۈك بولسۇن ياكى يىرگىنچلىك بولسۇن، ئۆزىنىڭ ھەربىر پېرسوناژىنى ئىنسان سۈپىتىدە چۈشەنمىگەندە، ئەدەبىياتنىڭ چىنلىقى زەئىپلىشىشكە باشلايدۇ.

زوردۇن سابىر ئاكا ئۆزىنىڭ ھايات ھەققىدىكى قىممەت قارىشىنى قانداقتۇ بىرقانچە تىپىك پېرسوناژغا مەركەزلەشتۈرۈپ قويمىغان، بەلكى ئۇنى روماندىكى چوڭ-كىچىك بارلىق ئېلېمېنتلارغا تەكشى سىڭدۈرەلىگەن. شۇڭا، بىز روماندىكى كىچىك ئامىللارنى نەزەردىن ساقىت قىلغان ھالدا ئاپتورنىڭ ئىدىيىسى ھەققىدە لىللا چۈشەنچىگە كېلەلمەيمىز. بۇنداق ئەھۋال تولستوي، دوستويېۋسكىي رومانلىرىدا تازا ۋايىغا يەتكەن بولۇپ، رۇس پروزىسىدىكى ئوبراز يارىتىش مېتودلىرىنىڭ زوردۇن سابىر ئاكىنىڭ قەلىمىگە بولغان تەسىرىنى يۇقىرىقى تەرەپلەردە خېلى ئېنىق كۆرەلەيمىز.

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئاكىنىڭ رومانلىرىدا ئۇسلۇب جەھەتتىن شەرقچە، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىياچە پۇراق خېلى كۈچلۈك. بۇ رومانلارنى ئوقۇغىنىمىزدا ۋ. گ. يانىنىڭ «چىڭگىزخان» قاتارلىق ئەسەرلىرىنىڭ تەمىنى ئەسلەپ قالىمىز. مەمتىمىن ھوشۇر ئاكىنىڭ «قۇم باسقان شەھەر» رومانى تارىخىي ھەقىقەتلەرنى ئەپسانىلاشتۇرۇپ كۆرسەتكەندە، ئۇيغۇر چۆچەكلىرىدىكى ئۇسلۇب بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى. يازغۇچى قانداق ئىپادىلەشتە ئۆزىگە خاس يول تۇتىدۇ. ئەمما يۇقىرىقى ئەسەرلەرگە نۇرمۇھەممەت توختى ئاكىنىڭ «ئالتە كۆنلۈك پادىشاھ» (بۇ تارىخىي ھېكايە ژۇرنىلىمىزنىڭ 2000-يىل 1-سانىغا بېسىلغان. — مۇھەررىردىن) ناملىق ھېكايىسىنى بىرلەشتۈرۈپ قارىساق، ئۇلار بەلگۈلۈك ئىجادىيلىق ۋە خاسلىقتا ئىگە بەدىئىي يول بىلەن مۇنداق بىر سادانى ئاڭلىتىدۇ: ئۆزىنىڭ غايىسىنى ئېنىق ھەل قىلالمىغان ۋە بۇ غايىنى كەڭ ئاممىۋى ئاساستا ئىگە قىلىش بىلەن بىرگە پروگراممىلاشتۇرالمىغان ئىنقىلابنىڭ ھەممىسى مەغلۇب بولىدۇ. توشقاننى ھارۋىغا قاتسا، ھارۋىنى ئورمانغا تارتىدۇ، چاشقاننى ھارۋىغا قاتسا، كارىۋاتنىڭ ئاستىغا تارتىدۇ. ئەگەر توشقان بىلەن چاشقاننى بىرلا ۋاقىتتا ھارۋىغا قاتسا، ئەھۋال قانداق بولىدۇ؟ بۇنىڭغا بىزدە ھازىرغىچە يېزىلغان تارىخىي رومانلار جاۋاب بېرىدۇ. ئوقۇرمەننىڭ سەمىگە سېلىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، تۇرمۇش ھادىسىلىرىدىكى ھەقىقەتلەر، جۈملىدىن ئەدەبىياتتىكى بىشارەتلەر سەگەك پىكىر ئىگىلىرىگە ئايان بولىدۇ.

قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى ئەپلاتون ئىنسان روھىنى ئارزۇ، ئىدراك ۋە غۇرۇردىن ئىبارەت ئۈچ تەركىبىي قىسىمغا بۆلىدۇ. ئارزۇ بىر ئادەمنى ئۆزىدە يوق نەرسىلەرنى ئىزدىتىدۇ، ئىدراك بولسا، بۇ ئىزدىنىشتىن شارائىتقا مۇناسىپ ھالدىكى ۋاستە ھەم ئۇسۇللارنى كەشىپ قىلىدۇ. ئىنساندا نان بولمىسا، نان ئارزۇغا ئايلىنىدۇ، ئەركىنلىك بولمىسا، ئەركىنلىك ئارزۇغا ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزىلەر نان كۈرىشىگە، بەزىلەر ھوقۇق كۈرىشىگە ئۆزىنى ئاتىغان بولىدۇ. بىر ئىنقىلابىي قوشۇن ئەنە شۇنداق ھەرخىل تىپتىكى ئارزۇ ئىگىلىرىدىن تەشكىل تاپىدۇ. ئىنسان ئەقىل ئىگىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئۆزىنىڭ باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ئىنسانغا خاس سۈپەتكە ئىگە بولۇشىنى ئويلايدۇ. ئۆزىنى باشقىلار بىلەن ئوخشاش، دەپ قاراش ئىپتىدائىي ئادالەت تۇيغۇسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئىنسان ئۆزىنىڭ تېگىشلىك قەدىر-قىممىتىنى ھېس قىلالمىسا، ئۇنىڭ ئاچچىقى كېلىدۇ، نومۇس ھېس قىلىدۇ؛ ئەگەر ئىنسان ئۆزىنىڭ قىممىتىنى كۆرەلىسە، باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشەلىسە،

ئۆزىدىن مەمنۇن بولىدۇ، ئىپتىخارلىنىدۇ. مانا بۇ ئىنساندىكى غۇرۇردۇر. تارىخنى ئىنساندىكى يۇقىرىقى ئۈچ ئامىل يازىدۇ. لېكىن، تارىخنى يېتەكلەيدىغان قىسىم ئالىي مەپكۇرىگە ئايلانغان غۇرۇردۇر.

بىزنىڭ تارىخىي رومانلىرىمىزدا ئەكس ئەتكەن ئىنقىلابلار جاھانگىر كۈچلەرنىڭ ياكى پىكرىي تېپىزلىقنىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا ئۇچراپ كەلگەن. خەلق ئىنقىلابىنىڭ مەقسىتىدىن تارتىپ ۋاستىسىغا قەدەر ناقابىللىقنى ئىپادىلەپ كەلگەن. شۇڭا، مەقسەت ۋە ۋاستىلەر كۆپ ھاللاردا باشقا يەرلەردىن ئىمپورت قىلىنغان. «باشقىلاردىن ئەكەلگەن ئۇقتىئىينەزەرخەتەرلىك بولىدۇ» دەپ يازىدۇ ئەنگلىيە تارىخچىسى ئاكتون: «سەن باشقىلاردىن ئۇقتىئىينەزەر ئەمەس، ئۇچۇر قوبۇل قىلىشىڭ كېرەك. ئۇقتىئىينەزەر خۇددى تەجرىبىگە ئوخشاشلا ئۆزۈڭنىڭ بولۇشى كېرەك». بۇ سۆزنى ھازىرقى زامان جۇڭگو ئىنقىلابىدىكى نۇرغۇن پاكىتلار ئەمەلىي ھالدا ئىسپاتلايدۇ. ماۋزېدۇڭ ماركسىزم ـ لېنىنىزم نەزەرىيىسىنى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتەك ئىجادىي روھنى ئىشقا سالدى. دېڭ شياۋپىڭ غەربنىڭ ئىدىيىسىنى ئەمەس، بەلكى پەن-تېخنىكىسىنى كىرگۈزدى.

ئۇيغۇر تارىخىي رومانلىرىنى بەدىئىي جەھەتتىن پىششىپ يېتىلىش باسقۇچىغا يەتتى، دەپ قاراشقا تېخى بالدۇر، بۇنىڭغا مەلۇم بىر جەريان كېرەك، بۇنىڭدا يازغۇچىلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى تەربىيىلىشى مۇھىم شەرتلەرنىڭ بىرى. ھازىرقى كەيپىياتتىن قارىغاندا، كىشىلەر تارىخىي پاكىتلارنىڭ پەردازسىز ھالدىكى ئوبيېكتىپ تەرەپلىرىگە ئېھتىياجلىقتەك تۇرىدۇ. كىشىلەر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇۋەلى ئەلى ئاكىلارنىڭ تارىخىي تېمىدىكى ئەسەرلىرىنى، جۈملىدىن زوردۇن سابىر ئاكىنىڭ كاتتا ئىجتىھاتىنىڭ سەمەرىسى بولغان «ئانا يۇرت» رومانىنى ئېستېتىك ئېھتىياج ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى ھەم ئۆزگىنى تارىخىي ھەقىقەت نۇقتىسىدىن چۈشىنىش ئېھتىياجى ئۈچۈن زۆرۈر بىلدى.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە چەت ئەلدە سۈرگۈندە يۈرگەن يازغۇچى ئالېكساندىر سولژېنىتسىن: «ئىنسان ئۈچۈن سەنئەت» دېگەن نۇقتىدا، دوستويېۋسكىينىڭ: «دۇنيا گۈزەللىك بىلەن قۇتقۇزۇلىدۇ» دېگەن سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، قان-ياش بىلەن تولغان ئۇزۇن تارىختا گۈزەللىك كىملەرنى قۇتقۇزدى، دەپ سوئال قويىدۇ. گۈزەللىك كىشىلەرنىڭ روھىنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرىدۇ، ـ دەيدۇ سولژېنىتسىن، ـ لېكىن گۈزەللىك ئادەملەرنى قانداقمۇ قۇتقۇزسۇن. دوستويېۋسكىي بىلەن سولژېنىتسىن ئىنسانىيەتنىڭ يىغىسىنى بىر-بىرىگە تامامەن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل يول بىلەن يىغلىغان بۈيۈك يازغۇچىلار. لېكىن جىددىي تارىخىي پەيتتە، گۈزەللىكنىڭ قۇتقۇزۇشىغا قاراپ تۇرۇش ھەرقانچە تاقەتلىك ئىنساننىمۇ قىيناپ قويسا كېرەك.

بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇنداق ئىككى يۈزلىنىش بولۇۋاتىدۇ: بىرى، شېئىرىيەت ئىنسان پىسخىكىسىدىكى پەۋقۇلئاددە نازۇك، مۇرەككەپ ھادىسىلەرنى بارغانسېرى ئىچكىرىلەپ كۆرسىتىۋاتىدۇ. شېئىرىيەت بۇنىڭغا شۇ قەدەر بېرىلىپ كەتتىكى، شائىرلار ئۆزلىرىنىڭ تاشقى دۇنياسىدىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە چولىسى تەگمىدى. ياش شائىرلار ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى ئىنسان روھىدىكى تۇغما زىددىيەتلەر ئارقىلىق چۈشەنمەكچى بولدى. ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى تېما قىلىۋاتىمەن، دەۋاتقان يەنە بىر تۈركۈم شائىرلار ھادىسىلەرنىڭ روھىي تەرەپلىرى بىلەن ئانچە ھېسابلاشمىغان ھالدا تۇرمۇشقا قارىتا تەنقىدلىرىنى ئاممىباپلاشتۇرۇشقا ئۇرۇندى. شۇنداق قىلغانسېرى ئۇلارنىڭ تەنقىدلىرى ئابستراكت بىر ئىنساننىڭ بىرخىل مۇقامدىكى ئاللا-تۇۋىسىغا ئايلىنىپ قالدى. شائىر ھەرقانچە ئومۇمىيەتچىل بولمەن دېسىمۇ، شائىرلىق شەخسىيىتىدىن ئاجرىيالمايدۇ. بۇنى شېئىرنىڭ ئۆزىدىكى خۇسۇسىيەت بەلگىلىگەن. يۈزلىنىشنىڭ يەنە بىرى، پروزا مىللىي پىسخىكىغا تەسىر كۆرسەتكەن ماكرو مەسىلىلەرنى يەنى ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىغا تاقالغان تاشقى تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى كۆپرەك تېما قىلدى. بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە تارىخىي تېمىدىكى ئەسەرلەر ئوقۇرمەنلەرنى كۆپرەك ئۆزىگە تارتتى.

شېئىرىيەت سۇبيېكتىپلىقى نىسبەتەن كۈچلۈك تۇر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئېستېتىك ئىزدىنىشتە بولدى. پروزا ئوبيېكتىپ جەمئىيەت مەسىلىلىرىنى يازغۇچى سۇبيېكتى بىلەن بىرلەشتۈرگەن ئاساستا تارىخىي، ئىجتىمائىي ئىزدىنىشتە بولدى. شېئىرىيەت بىر مىللەت ئەدەبىياتىدىكى ئېستېتىك ئىزدىنىشلەرنىڭ ئالدىدا مېڭىپ كەلدى. زۆرۈرىيەت مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتۈشكە مۇۋەپپەق بولالىغان خەلقلەرنىڭ پروزىسى ئاستا-ئاستا شېئىرىي يۈكسەكلىككە قاراپ ئۆز-ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ كەلدى.

زوردۇن سابىر ئاكىنىڭ «ئانا يۇرت» ترىلوگىيىسى بىزدە يېزىلىۋاتقان تارىخىي رومانلار ئىچىدە بەدىئىي تۇسى نىسبەتەن يۇقىرى ئەسەر بوپقالدى. ئاپتور بەدىئىي تەلەپ بىلەن تارىخىي ئۇچۇر سىغىمچانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشتا زور كۈچ سەرپ قىلغان. ئەسەردىن قارىغاندا، ئاپتور تارىخىي ئۇچۇرلارنى توپلاش ئۈچۈن ئاجايىپ كۆپ ئەمگەك قىلغان ۋە ئۇنى ئوقۇرمەنلەرگە يەتكۈزۈشكە جىددىي ئەھمىيەت بەرگەن. بۇ تەرەپ بىزدىكى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشقا ئېتىبار بەرمەيدىغان ئەدىبلەر ئۈچۈن

بىر ئۆلگە.

روماندا پېرسوناژلار شۇنچە كۆپ، ئاساسلىق پېرسوناژلار خاراكتېر جەھەتتىن ئۆز مۇستەقىللىقى بىلەن كۆزىمىزگە تاشلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى تارىخىي شەخسلەر بولۇپ، تارىخىي شەخسلەرگە ئوبيېكتىپ باھا بېرىش شەرتى بىلەن بەدىئىي سۈپەتتە نامايان قىلىش يازغۇچىدىن ھەم ئۆتكۈرلۈك، ھەم زىللىقنى تەلەپ قىلىدۇ. دىيارىمىز ئۇزاق مۇددەتلىك ئازادلىق كۈرەشلىرى، سان-ساناقسىز قۇربانلار، تالاي تارىخىي ئىبرەتلەر بىلەن تولغانكى، بۇ زېمىندىن پۈتكەن كېسەكلەردىن، بۇ زېمىننىڭ تاغلىرىدىن ئېلىنغان يارماتاشلاردىن ئارماندا كەتكەن مىليون - مىليون شېھىتلەرنىڭ ئارمانلىق كۆزلىرى قاراپ تۇرىدۇ.

ھايات ھەقىقەتلىرى ئەدەبىي ھەقىقەتلەرنى تۇغىدۇ. تارىخىي تېمىلاردا ئەسەر يېزىش ئىنتىلىشلىرى بىر جەھەتتىن تارىخنىڭ چاقىرىقى، يەنە بىر جەھەتتىن بىز ياشاۋاتقان رېئاللىقنىڭ تەپەككۇر ئېھتىياجى. ھەقىقىي يازغۇچى باشقىلارنىڭ ھەرخىل غەرەزدىكى تەنقىدلىرى ۋە ماختاشلىرىغا قاراپ تۇرمايدۇ، ئۇ ئۆزى يورۇتۇپ بېرىشكە تېگىشلىك ھەقىقەتنى تاپقان كۈندىن باشلاپ، ئاشۇ ھەقىقەت ئۈستىدە مىننەتسىز قەلەم تەۋرىتىشنىڭ بىرخىل نىجاتلىق يولى ئىكەنلىكىنى ئۆز-ئۆزىگە ئىشەنچ بىلەن جاكارلايدۇ. يېزىق شىرەسىنىڭ ئالدىدا تۈن بويى چەككەن ئىزتىراپلار، تۆككەن ياشلار، ئېغىر پىكرىي مېھنەتلەر ھېچكىم سەزمەيدىغان ئاجايىپ بەختىيارلىق تۇيغۇسىنى باشلاپ كېلىدۇ. يازغۇچىنىڭ مۇكاپاتى ئەنە شۇيەردە. زوردۇن سابىر ئاكىنىڭ بۇ قېتىمقى ئەسىرى ئۇنىڭ بەدىئىي ئىزدىنىشلىرىدىن كۆرە، تارىخىي ھەقىقەت ئۈستىدىكى ئىزدىنىشلىرىنى كۆپرەك ئاشكارىلاپ بېرىدۇ. ئۇ، ئۆزى بىلىدىغان بىر مۇقەددەس سۆزگە ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى ھەممە نەرسىسىنى بېغىشلىغانىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئابىدىسىنى بىۋاستە ئۆزى تىكلەپ بولۇپ، بىز بىلەن خوشلاشتى. ئۇ، مۇشۇ روماننى يېزىش جەريانىدىكى سان-ساناقسىز رىيازەتلىرىنى بىرگە ئېلىپ كەتتى. ئىلمىي ئىشلارغا يار-يۆلەك بولۇش ئەمەس، ھەتتا ھېسداشلىقمۇ ئاز ئۇچرايدىغان شارائىتتا، ئۇنىڭ تۆلىگەن بەدەللىرىنىڭ بىز پەرەز قىلالمايدىغان دەرىجىدە كۆپ بولۇشى مۇقەررەر.

زوردۇن سابىر ئاكا قولىمىزدىكى ئەسىر سوۋغىسى بىلەن تىرىكلەرگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇ: بىزدە ئۇيغۇر پروزىچىلىقى ھەققىدە نەزەرىيىۋى ئىزدىنىش باشلىنىشى كېرەك. ئالىي مەكتەپ ۋە ئاكادېمىيەلەرنىڭ ئەدەبىياتخانىلىرى تەتقىقاتنى ئۇنىۋان ۋە ئىلمىي دەرىجىلەرنىڭ ۋاستىسىغا ئايلاندۇرۇۋالماستىن، مەسىلىلەر ئۈستىدە مەسئۇلىيەت بىلەن تەخىرسىز ئىزدىنىدىغان بولۇشى لازىم.

نۆۋەتتە، تارىخىي ھەقىقەت توغرىسىدىكى بەدىئىي ئىنكاسلار پەلسەپىۋى ئىنكاسلارغا ئايلىنىشى، شۇ ئاساستا مۇپەسسەل تارىخ ئىدىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى ئىنتايىن زۆرۈر. چۈنكى تارىخىي بىلىملەر تارىخ ئىدىيىسىگە ئايلانمىغاندا، تارىخنىڭ ئېزىقتۇرۇشى ئاسانلا يۈزبېرىدۇ، ئۆتمۈشتىكى تارىخىي پاجىئەلەر يەنە تەكرارلىنىدۇ.

2001-يىل 20فېۋرال، ئۈرۈمچى

---

ماۋزۇ سۈرىتىدە: شۆھرەتلىك خەلق يازغۇچىسى زوردۇن سابىر ئەپەندى. ئۈركەش جاپپار فوتوسى

ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى(M1)

بۇ سان 2001 - يىل 1- فېۋرالدا تىزىشقا يوللاندى، 30 - مارتتا باسمىدىن چىقتى. تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مامۇت(M1)، رىسالەت مۇھەممەت (M2)، بېكىتكۈچى: قۇربان مامۇت



# «ئانا يۇرت»تىن تەسىرات

يالقۇن روزى

قولۇمدا «تىنچ دون» دەك ئۇلۇغ ئەسەر «ئانا يۇرت» تۇرۇپتۇ. تەسەۋۋۇرۇمدا دون دەرياسى بىلەن ئىلى دەرياسى تەڭ شاۋقۇنلاپ ئاقماقتا. مۇختار باي ملەن ئاكسىنىيە خۇپپيانە كۆز قىسىشماقتا. نۇرى ملەن گرىگورىي ئۇرۇش ئوتى ئىچىدىن ھەققانىيەت ىزدىمەكتە. مىخائىل شولوخوف بىلەن زوردۇن سابىر مەردانىلەرچە قول ئېلىشماقتا. . .

مەن 1985-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا شىنجاڭ ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى يېڭىدىن نەشر قىلغان «تىنچ دون» رومانىنىڭ I تومىدىكى «پەلەمپەينىڭ تاختايلىرى ئاۋۋالقىدەكلا غىچىرلاپ كەتتى، بۇ تونۇش ئاۋازدىن گرىگورىينىڭ يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى» دېگەن ئىككى قۇر تەسۋىرنى ئوقۇپ، يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ماھارىتىنىڭ نەقەدەر ئىنچىكە ئىكەنلىكىگە، شۇقەدەر نازۇك ھېسسىياتنى بايقاپ ئالالىغانلىقىغا ھەيران بولغانىدىم.

بۇ ئىككى قۇر تەسۋىر رومانىنىڭ باش پېرسوناژى گرىگورىينىڭ ئەسكەرلىككە كېتىپ، ئۇرۇش ئوتلىرى ئىچىدىن ئامان قېلىپ، بىر نەچچە يىل ئۆتكەندە ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، ياغاچ قۇرۇلمىلىق، كۆتەرمە كازاك ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا دادىسى، ئانىسى، ئايالى بىلەن كۆرۈشكەن چاغدا تەسۋىرلەنگەن. دەل مۇشۇ چاغدا ياشانغان ئانا ئوغلىغا قاراپ قۇچاق ئاچقىنىچە قىز بالىدەك چەبدەسلىك بىلەن پەلەمپەيدىن يۈگۈرۈپ چۈشىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا «پەلەمپەينىڭ تاختايلىرى ئاۋۋالقىدەكلا غىچىرلاپ كېتىدۇ». ئۆيىدىن ئايرىلغىنىغا كۆپ يىللار بولغان گرىگورىينىڭ يۈرىكى «بۇ تونۇش ئاۋازدىن جىغىلداپ كېتىدۇ». قاراڭ، بۇ نەقەدەر نازۇك ھېسسىيات، نەقەدەر نازۇك تەسۋىر- ھە؟

شۇ كۈندىن باشلاپ بۇ ئىككى قۇر نازۇك تەسۋىر قەلبىمگە چوڭقۇر ئورناپ كەتتى. تا ھازىرغىچە كۆپلىگەن ھېكايە - رومانلارنى ئوقۇغان بولسامۇ، مۇشۇ ئىككى قۇر تەسۋىرنى بېسىپ چۈشكۈدەك نازۇك تەسۋىر ئۇچرىتىپ باقمىدىم. بۇ ئىككى قۇر تەسۋىر قەلبىمدە تەڭدىشى يوق - يېگانە ساقلىنىپ كەلمەكتە. «پەلەمپەينىڭ تاختايلىرى ئاۋۋالقىدەكلا غىچىرلاپ كەتتى» دېگەن تەسۋىردىكى «ئاۋۋالقىدەكلا» دېگەن سۆزنى ئېلىۋەتكەندە بۇ جۈملە خۇددى يۈگدىۋېتىلگەن توزدەك يالىڭاچ، جەلپ قىلىش كۈچى يوق سىدام تەسۋىرگە ئايلىنىپ قالاتتى. پۈتكۈل تەسۋىرگە ئۆزگىچە جەلپكارلىق بېغىشلاپ تۇرغان سۆز پەقەت دەل جايىغا چۈشكەن «ئاۋۋالقىدەكلا» دېگەن سۆزدىن ئىبارەت.

يازغۇچى زوردۇن سابىر ئەپەندى «ئانا يۇرت» تىرىلوگىيىسىنىڭ 111-بېتىدە دەل مۇشۇنداق كىشى تېنىنى ھاياجانغا سېلىپ جۇغۇلدىتىۋېتىدىغان بىر نازۇك تەسۋىرنى تولىمۇ ماھىرلىق بىلەن يازغان.

روماندا باش پېرسوناژ نۇرى غۇلجا شەھرىگە ئوقۇشقا كېتىدۇ. ئانىسى رەيھان تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىدۇ. (ئەلۋەتتە، روماندا رەيھانىنىڭ ئۆلۈمى ناھايىتى تەبىئىي رەۋىشتە يۈز بەرگەن بولۇپ، ئوقۇغۇچىغا تاسادىپىيلىق تۇيغۇسى بەرمەيدۇ) نۇرىنىڭ دادىسى مەلۇم سەۋەب بىلەن تۈرمىگە ئېلىنىدۇ. نەتىجىدە بىر كۆڭۈللۈك ئائىلە ۋەيران بولۇپ، نۇرىنىڭ ئۇكىلىرى دەرا، بەرا، ھەمرالار ئىگە-چاقىسىز بوپقالىدۇ. شەھەردە ئوقۇۋاتقان نۇرى بۇ ئىشلار يۈز بېرىپ بىر نەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئۇكىلىرىنى يوقلاپ تۇن نىسپىدە ئۆيىگە كېلىدۇ.

«نۇرى ئاشخانىغا كىردى. كاڭدا ئۈچ ئىنىسى ئۇخلاۋاتاتتى. دەرا كىچىك ئىنىسىنى بىرى بۇلاپ

كېتىدىغاندەك چىڭ قۇچاقلىشىۋالغان. ئۇلارنىڭ ئۈستىدە تونۇش چىت يوتقان. . . نۇرى ئاۋۋال بەرانىڭ ئاپىسىغا تارتقان چىرايلىق بۇرنىنى ئاستا چىمدىدى».

قاراڭ، بۇ نېمىدېگەن ئىنچىكە، نېمىدېگەن نازۇك، نېمىدېگەن يېقىملىق تەسۋىر. بۇ تەسۋىردىكى «تونۇش» دېگەن سۆز بىلەن «ئاپىسىغا تارتقان» دېگەن سۆزنى چىقىرىۋېتىپ ئوقۇپ باقساق، خۇددى شولوخوفنىڭ رومانىدىكى يۇقىرىقى تەسۋىردىن «ئاۋۋالقىدەكلا» دېگەن سۆزنى چىقىرىۋېتىپ ئوقۇغان چاغدىكىدەك قۇپقۇرۇق تەسىراتقا كېلىمىز.

مانا بۇ يازغۇچى زوردۇن سابىر ئەپەندىنىڭ «ئانا يۇرت» ترىلوگىيىسىدىكى تىل سەنئىتى!

يازغۇچى بۇ ترىلوگىيىدە ئۆزىنىڭ كامالەتكە يەتكەن تىل سەنئىتىنى نامايان قىلغان. مەيلى پېرسوناژلار تىلى بولسۇن، مەيلى تەسۋىرىياكى ئوخشىتىشلار بولسۇن ئوقۇرمەننى چەكسىز مەھلىيا قىلىدۇ. بولۇپمۇ I توم بۇجەھەتتە بەك مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان. مۇختار باي، زىيەك ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى رەيھانىنىڭ ئوبرازى شۇنداقلا غېنى باتۇرنىڭ ئوبرازى كىشىدە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇرىدۇ. بۇ تەسىرات ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدىكى ئۆزگىچىلىك ۋە چىنلىقتىن شۇنداقلا تىلىدىكى خاسلىقتىن قارار تاپىدۇ.

تارانچى كېلىنى رەيھانگۈلنىڭ ئۆز باللىرىنى ئەركىلىتىپ: «زىيەك باخشىنىڭ كۈچۈكلىرى، بولۇڭلار، چېپىڭلارنى ئىچىڭلار، ئېتىزغا بېرىپ باراڭدا قاق سالىمىز، چىلگە يەيسىلەر. . . » دېگەن سۆزلىرىنى ئوقۇپ شۇنداق مەستلىكىم كەلدىكى يازغۇچىنىڭ قەلىمىگە بارىكاللا ئېيتىۋەتتىم. ساددا مىجەزلىك زىياۋۇدۇن نەۋرە ئاكىسى مۇختار باينى «ئاتا يوللۇق ئاكا ئۇ دېگەن!» دەپ تەرىپلىگەندە، رەيھانگۈل «ۋايىيەي! . . . » دەپ سۆز قاتقاندا يازغۇچىنىڭ «رەيھانگۈل باينىڭ قىلمىشلىرى: يازىچە پەنجىرىدىن كەتمىگەنلىكى، ئېسىلغانلىقى، يېلىنغانلىقى ۋە يامان نىيەتتە بولغانلىقلىرىنى ئاشۇ ‹ۋايىيەي› بىلەنلا ئىپادىلەيتتى. لېكىن زىياۋۇدۇن بۇ ئاياللار تىلىنىڭ بۇنچىلىك جىق مەنىسى بارلىقىنى نەدىن بىلسۇن. . . » دەپ تولۇقلاشلىرىنى ئوقۇپ تېخىمۇ سۆيۈنۈپ كەتتىم.

قىلىقلىرى غەلىتە، ئاغزى ئىتتىك، مىجەزى تۇز، يەڭگىلتەك، بىر ئۆمۈر ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرىپ ياشاپ ئادەتلەنگەن مۇختار باينىڭ مېڭىبېگىنىڭ خوتۇنىغا پوخورلۇق قىلىپ جېنىدىن ئايرىلغىلى تاس قالغاندا نەۋرە ئىنىسى زىياۋۇدۇنغا: «تۇۋا قىلدىم ئوكام، ئەمدى خوتۇن خەقنىڭ كەينىدىن چاپمايمەن!» دەپ يىغلامسىراشلىرى ۋە «بىردىنلا بەشۋاق نامازنى باشلىۋېلىپ ئىمامنىڭ يېنىدىلا يوكۇنۇپ ئولتۇرىدىغان بولۇۋالغانلىقى»؛ قونجى ئۇزۇن ئۆتۈكىنى تامغا تېپىپ كۆچەپ كىيىۋاتقان ھالىتى؛ مەشھۇر باي رەخمىجان سابىر ھاجىنىڭ شەھەردىكى ھويلىسىدا تۇرۇپ تونۇگۈندىن بېرى ھېچنېمە يېمەي تاڭشۇرۇلغاندەك شىپىدە بوپكەتكەن ئېتىغا قاراپ «مۇنۇ باينىڭ قورۇسىدا ئات يېگۈدەك بىرنېمە يوق، ھەممىلا يەر سىرلانغان ياغاچ، پاھ، بۇنداقمۇ ئۆي بولىدىكەن، ھېچبولمىسا بىر باغ قوناق شېخى تېپىلسىچۇ. . . » دەپ ئويلاشلىرى كۆز ئالدىمدا ئاجايىپ گۈزەل كارتىنا بولۇپ گەۋدىلەندى. ئۇنىڭ: «نېمە دەيدۇ مۇنۇ قاشقالىق!» دەپ ۋارقىراشلىرى قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلاپ تۇردى. مۇختار بايدەك مول خاسلىققا، ئۆزگىچە مىجەز-خاراكتېرگە ئىگە پېرسوناژ ھەقىقەتەن ئاز ئۇچرايدۇ.

يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان تىللاردا داستان بوپكېلىۋاتقان، رىۋايەت تۈسىگە باي كەچۈرمىشكە ئىگە مەشھۇر قەھرىمان غېنى باتۇرنىڭ ئۆزگىچە ئوبرازىمۇ روماندا ئالاھىدە تەپسىلاتلار ئارقىلىق ناھايىتى جانلىق يارىتىلغان. مەسىلەن، غېنى باتۇر نۇرىنى باشلاپ قاما ئىسىملىك قازاق دوستىنىڭ ئۆيىگە كىرگەن چاغدىكى دىئالوگ بىزنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ.

«پاھ، پاھ، ھېلىمۇ سۇدا يۈرىدىغان قاما دېگەن ھايۋان بولغىنىڭ، بورسۇق بولغان بولساڭ ئۆيۈڭ قانچىلىك سېسىق بولار ئىدى. پىتلىرىڭ يوق كۆرۈپ - تېكمەتلىرىڭمۇ باردۇر - ھە، قازاق! - دەپ چاقچاق قىلدى.

- پىت بولمىسا ئورۇس بوپقالمايمەنمۇ غېنىكا، ئورۇس بوپقالسام ساڭا كۈن يوققۇي! . . .

- ھا-ھا. . . مەيلى پىتلاۋەرگىن، پىتلىرىڭ ئۈچسا ئۈچسۇن، ئورۇس بولما. شىڭ دۇبەننىڭ ئەقلى ئورۇستىن كېلىدۇ. ئۇياقتا بىز خەقنى قىرىپ تۈگەتتى. قالغىنىنى ئەمدى شىڭ دۇبەننىڭ قولى بىلەن يوقاتماقچى.»

مانا بۇنى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى مەشھۇر دىئالوگ دەپ ئېيتىش كېرەك. بۇنىڭدا ئىلى ئۇيغۇرلىرىغا خاس بولغان يۇمۇرلۇق خۇسۇسىيەت، يەرلىك ئالاھىدىلىك، قېرىنداشلارچە، تەبىئىي مىللىي دوستلۇق، بىر ئىنقىلابچىنىڭ ساددا ئېڭى گىرەلىشىپ كەتكەن شۇنداقلا غېنى باتۇرنىڭ ئۆزىگە خاس مىجەز-خاراكتېرى يۇغۇرۇۋېتىلگەن.

روماندا يەنە نىزەرخان خوجام، ھېكىمبەگ خوجام، بولۇپمۇ مۇتائالى خەلپىتىملەرنىڭ ئوبرازلىرى ياخشى يارىتىلغان. بۇ يەردە شۇنەرسىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكۈم كېلىۋاتىدۇ. رومان نەشر قىلىنىپ، بازارغا سېلىنىپ، بىرەر ھەپتە ئۆتە-ئۆتمەيلا، مۇنداقچە ئېيتقاندا I تومنىڭ يېرىمىنى

ئوقۇ-ئوقۇمايلا تونۇش - بىلىشلەر ئۆزئارا سالاملاشساق «ئانا يۇت» نى ئوقۇدۇقمۇ، ئوقۇغىن، دەپ سورىشىدىغان، ئوقۇشقا تەۋسىيە قىلىشىدىغان بولۇشۇپ قالدۇق. بەزىدە تەسىراتلىرىمىزنى ئېغىز-ئېغىزىمىزگە تەگمەي سۆزلىشىپ كېتىدىغان بولۇشۇپ قالدۇق. مۇنداقچە ئېيتقاندا زوردۇن سابىر ئەپەندىنىڭ بۇ رومانى بىزنى «سۆزلەيدىغان» قىلىپ قويدى. بايقىشىمچە ئېلى ۋادىسىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان دوستلىرىمنىڭ تەسىراتلىرى بەكرەك چوڭقۇر، ھاياجانلىنىپ سۆزلەشلىرى تېخىمۇ ئۆزگىچە تۇيۇلدى. مەن بۇنى رومانىنىڭ ئېلى تۇرمۇشىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغانلىقىدىن، نۇرغۇن يەر-جاي ئىسىملىرى ۋە تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئۇلارغا بەكرەك تونۇش بولغانلىقىدىن دەپ چۈشەندىم. شۇئان ئېسىمگە بارلىق ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرنى «ئانا يۇرت» رومانىدىن تولۇق، يېتەرلىك لەززەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن چوقۇم «〈ئانا يۇرت〉 لۇغىتى» ئىشلەش كېرەككەن دېگەن پىكىر كەلدى.

بۇ مۇنداقلا ھاياجان بىلەن دېيىلگەن گەپ ئەمەس. بىلىشىمىز كېرەككى، ئىككى-ئۈچ ئايدىن بېرى ئۇيغۇرلارنى «سۆزلەيدىغان» قىلىپ قويغان بۇ تارىخىي ترىلوگىيە بىزنىڭ رومانچىلىق ساھەمىزدە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئاجايىپ مۇۋەپپەقىيەت. ئۇ بىر ئېپوس خاراكتېرلىك ئەسەر. ئۇ ناھايىتى يۇقىرى ماھارەت بىلەن يېزىلغان تارىخىي ترىلوگىيە. ئۇنىڭدا ئەركىنلىك ئۈچۈن قان كەچكەن بىر مىللەتنىڭ تارىخىي ئۇرۇنۇشلىرى، تارىخىي كۈلپەتلىرى، تارىخىي جاراھەتلىرى، تارىخىي ھەسرەت - نادامەتلىرى شۇنداقلا ئاخىرقى ھېسابتا بېشىغا كەلگەن تارىخىي پالاكەتلىرى ۋە تارىخىي بەختسىزلىكلىرى ناھايىتى كەڭ ھەم چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن. ئۇنىڭدا خۇددى «تىنچ دون» رومانىدىكى كازاكلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ئازابلىق مىللىي كرىزىسقا ئوخشاشلا ھەتتا ئۇنىڭدىن ئارتۇق مىللىي كرىزىس ئىپادىلەنگەن. بۇ، مەخسۇس مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە، تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا تېگىشلىك ھادىسە.

«ئانا يۇرت» رومانى بىزنى بىر ئەسىردىن يەنە بىر ئەسىرگە، بىر ئېرادىن يەنە بىر ئېراغا ئېلىپ كىرگەن خاسىيەتلىك رومان. مۇنداقچە ئېيتقاندا دەل مۇشۇنداق پەيتتە نەشر قىلىنىپ بازارغا سېلىنغان «ئانا يۇرت» رومانى شۇنىڭ ئۈچۈن خاسىيەتلىككى، بىز «ئانا يۇرت» تىن ئىبارەت «يول خېتى» نى كۆتۈرگىنىمىزچە يېڭى ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىدۇق. بۇ بىر خاسىيەتلىك مەنىگە تولغان سىمۋول.

مەن زوردۇن سابىر ئەپەندىنىڭ بۇ ئۇلۇغ رومانىنى بارلىق ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىنىڭ زىر-زەۋەرلىرىگىچە چۈشىنىپ، ھەزىم قىلىپ ئوقۇشىغا ياردىمى تېگىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ يىل ئىچىدە مەخسۇس «〈ئانايۇرت〉 لۇغىتى» ناملىق كىتاب ئىشلەپ چىقىشنى نىيەت قىلدىم. ھازىرچە ئوقۇرمەنلىك كۆڭلۈم سۈپىتىدە بۇ تەسىرات ماقالەمنى يېزىپ چىقتىم.


2001-يىل 21-فېۋرال، ئۈرۈمچى

---

ماۋزۇ سۈرىتىدە: تونۇلغان ياش ئوبزورچى يالقۇن روزى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى، ئۇستاز يازغۇچى زوردۇن سابىر ئەپەندى بىلەن 1997-يىلى ئاۋغۇست قۇمۇل سەپىرىدە.

ئاپتور: «شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» نىڭ مۇھەررىرى(M2)

## «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى مۇھەررىرلىرىنىڭ تەھرىرلىك مەسئۇلىيەت نومۇرى





باش مۇھەررىر قۇربان ماموت(M1)    مۇئاۋىن باش مۇھەررىر رىسالەت مۇھەممەت(M2)



# ئەدىبلىكنىڭ دەردى

## — «ئابدۇقادىر جالالىدىن ماقالىلىرى»نى ئوقۇغاندىن كېيىن تۇغۇلغان ئويلار

ھۆرنىسا مامۇت

بىرقانچە يىل ئىلگىرى تېلېۋىزوردا قۇياش چۈشەندۈرۈلگەن بىر فىلىمنى كۆرگەنىدىم. فىلىمدە قۇياشتىكى غايەت زور ئېنېرگىيىنىڭ قۇياش يۈزىدىكى تىنىمسىز ئۇششاق پارتلاشلاردىن چىققان دەھشەتلىك يالقۇندىن پەيدا بولىدىغانلىقى چۈشەندۈرۈلگەنىدى. ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرىدىغان ئۇ كۆرۈنۈش ھېلىمۇ كۆز ئالدىمدا تۇرۇپتۇ. قۇياش بىزدىن بەك يىراقتا بولغاچقا، بىز ئۇنى ئۆرتەپ تۇرغان يالقۇننى كۆرەلمەيمىز، ئەمما بارچە مەۋجۇدات ئۇنىڭ ئىللىق نۇرىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ.

ئەدىبلەر ئەلۋەتتە قۇياش ئەمەس، ئەمما ئۇ قۇياشقا ئوخشاش ئۆرتىنىپ كۆيگۈچى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن ئازابلىق سىقىلىشتىن پەيدا بولغان روھىي ئېنېرگىيىسىنى پارتلىتىپ، تارام - تارام ھەقىقەت نۇرلىرىغا ئايلاندۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ زۇلمەت باسقان قەلبىگە ئازغىنە بولسىمۇ يورۇقلۇق ئاتا قىلىش ئۈچۈن كۆيىدۇ. بۇنداق كۆيۈش دەھشەتلىرىنى ئۇ ئۆز رازىلىقى بىلەن ئۈستىگە ئالىدۇ. مانا مۇشۇ سۈپىتى بىلەن ئۇ ئىنسانىيەت مەنىۋى ئالىمىنىڭ قۇياشى.

بىز ئۇنى دەبدەبىلىك بەزمە-مەشرەپ سورۇنلىرىنىڭ تۆرىدە ئۇچرىتالمايمىز، سالاپەتلىك نوپۇز ئىگىلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئىزدەپ تاپالمايمىز، ئۇنى بەلكىم ئىنسانىيەت ئۈچۈن ياش تۆكۈۋاتقانلار قاتارىدا ئۇچرىتىپ قېلىشىمىز مۇمكىن.

ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى چاقنىتىپ، ئالىچەكمەن قىلىۋېتىدىغان پۇزۇر «تون»لىرى، ھەل بېرىلگەن «تاج»لىرى يوق، ئۇنىڭ پەقەت ئويغاق قەلبى، ھەقىقەت ۋە ئىنسانىيەت ئۈچۈن كۆيۈۋاتقان ئوتلۇق يۈرىكىلا بار. سىنچىلاپ قارىسىڭىز، كىچىككىنە نۇر سىزىقلىرىنىڭ ئۇنىڭ پاك ۋە ئىللىق قانلىرىنى بەدەل قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايسىز.

«ئەدەبىيات بىر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ قېنى ھېسابلىنىدۇ، ئەدەبىياتتىن ئىبارەت بۇ قان تولۇقلانسا، بىر مىللەت مەدەنىيىتىگە يېڭىۋاشتىن جان كىرگەن ھېسابلىنىدۇ» دەپ يازغانىدى ياش شائىرىمىز باتۇر روزى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2000-يىل 4-، 5 (قوشما) سانىغا بېسىلغان «بۈگۈنكى ئۇيغۇر نەسرچىلىكى ۋە ئەخمەت ئىمىن» ناملىق ماقالىسىدا. ئەدىبلەر مىللەت مەنىۋىيەت ئاسمىنىنىڭ قۇياشى، مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ قېنى بولۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغۇچىلار. ئەمما ئىقتىسادنىڭ يەرشارىلىشىشىغا ئەگىشىپ مەدەنىيەتمۇ يەرشارىلىشىشقا قاراپ يۈزلىنىش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتقان، مىللىي

مەدەنىيىتىمىزنىڭ تومۇرىغا يات مەدەنىيەتنىڭ چىرىندى قانلىرى تەھدىت سېلىپ تۇرغان پەيتتە، مەدەنىيىتىمىزگە قان شۇنداقلا جان بولمىش ئەدىبلىرىمىز ساپ قان ئىشلەشكە يېتەرلىك «ئوكسىگېن يېتىشمەسلىك» قىسمىتىگە دۇچار بولماقتا. قاراپ باقساق، تۇرمۇشنىڭ ئەقەللىي غەملىرىمۇ ئۇلارنىڭ پىكىر ئاسمىنىدا قويۇق قارا بۇلۇتلارنى پەيدا قىلىپ يۇلتۇزلىرىنى خىرەلەشتۇرەلەيدۇ. زىيادە قورۇمچىلىق ئۇلارنىڭ ئۇچۇملىرىدىكى دۇرلىرىنى چېچىۋېتىشكە مۇۋەپپەق بولالايدۇ. مەككارلىق، ھىيلىگەرلىك، چېقىم، رەشك-ھەسەت، ئاچكۆزلۈك ۋە بيۇروكراتلىق ئۇلارنىڭ ھاياتىنى تراگېدىيىگە ئايلاندۇرۇپ قويالايدۇ. بىنورمال ئەقىلگە چوقۇنۇش ئۇلارنى يېگانە ھەم غەمكىن كىشىگە ئايلاندۇرۇپ قويالايدۇ. ئۇلار قەلبىدىكى شاش ھېسلىرىنى كەڭرى دۇنياغا قويۇپ بېرىشنى، تەۋەككۇلچىلىكنى رويابقا چىقىرىدىغان مۇمكىنچىلىكلەرنى ئىزدىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىزدىنىشلىرىنى ھامان شەكىلسىز قىرغاقلار توسۇپ تۇرىدۇ. ئۇلار بەككۆپ نەرسىلەرگە باغلىنىۋېتىلگەن ۋلۇپ، ماڭسا-ماڭسا قىرىدىن ئاشالمايدىغان ۋشۇكلەرگە بۆلىنىشكە مەجبۇر. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىكى «ھەممە يەنە شۇ پېتى» چە تۇرىدۇ.

«ئابدۇقادىر جالالىدىن ماقالىلىرى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ماقالىلاردا ئەدىبلەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى رېئال مەسىلىلەر ۋە ئۇلارنىڭ سۇبيېكتىپ قايغۇلىرى مەلۇم دەرىجىدە ئىپادىلەنگەن. «دۇنيادىن يىراق» (ژۇرنىلىمىزنىڭ 1999-يىل 2-، 3 (قوشما) سانىغا بېسىلغان. - مۇھەررىردىن)، «بۇ يەردىن ئۇ يەرگە» (ژۇرنىلىمىزنىڭ 1995-يىل 5-، 6 (قوشما) سانىغا بېسىلغان. - مۇھەررىردىن)، «ئاۋام روھىدىكى قىرغاقلار ۋە كۆۋرۈك»، «ئۇنۋان: قاچا بىلەن داشقازان مۇناسىۋىتى» (ژۇرنىلىمىزنىڭ 1997-يىل 5-سانىغا بېسىلغان. - مۇھەررىردىن) قاتارلىق ماقالىلاردا ئاپتورنىڭ ئىزگۈ نىيەتلىرى، ئارزۇ-ئارمانلىرى بىلەن رېئاللىقتىكى توقۇنۇش ئىپادىلەنگەن.

ئاپتور تەبىئەت ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى سۆيىدۇ. مىللەت، دۆلەت، ئىرق پەرقىدىن ھالقىغان مەنىۋى يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ، پۈتكۈل دۇنيانى قۇچاقلىماقچى بولىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ كەڭ دۇنياغا ئېچىلغان قۇچاقلىرى بوشلا قالىدۇ. ئاپتورنىڭ شاش تەپەككۇرى يىراق ساھىللاردىن قاراشقا مەجبۇر بولىدۇ. سىرتقى دۇنيادا ئۇنىڭ نازۇك تۇيغۇلىرىنى ئويغىتىدىغان بارچە تاۋارلاشقان، بىردىنبىر ئىستىقامەتخانىسى بولغان ئۆيىمۇ دەخلى - تەرۇزسىز ئەمەس. ئاپتورنىڭ خىيالىغا بوشلۇق ئاتا قىلىدىغان كىچىككىنە تاشئالما كۆچىتىمۇ ھەم شۇنداق. ئاپتورغا كەلگۈسىدىكى ئىلىملەرنىڭ خېمىرتۇرۇچىنى بەرگەن ئانا تەبىئەت ئاللىقاچان ئەسلىمىگە ئايلىنىپ كەتكەن. . .

بۇلارھەرگىزمۇ ئىشلاردىكى ناقابىللىقى ۋە تەدبىرسىزلىكى تۇپەيلى تۇرمۇشنىڭ ئامەتلىرىدىن قۇرۇق قالغان يارىماس ھەم پەرىشان كىشىلەرنىڭ مەززىسىز شىكايىتى ئەمەس، ئىسسىق قانلىرىنى ئىنسانىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشقا بەدەل قىلىۋاتقان ئەدىبلىرىمىزنىڭ رېئاللىقى. ماھىيەتتە زامانىمىزنىڭ تراگېدىك كومېدىيىسى.

ئەدىب روھى ئويغاق ئىنسان. ئۇ، روھى قۇرتلاپ كەتكەن مەجرۇھ كىشىلەر ئارىسىدا يۈرۈپ ئويغىنىش دەۋاسى قىلىدۇ. ئۇ، كىشىلەر ئامەت دەپ بىلگەنلەرنىڭ ئىللەت ئىكەنلىكىنى تونۇتماقچى بولىدۇ، پاكىز يۈرىكى دىيانەتسىزلىك ۋە جاھان ناھەقلىقلىرىنىڭ ئازابىنى بىھۇدە تارتىدۇ. گوياكى كېسىلى پىشىپ ئاغرىقنى سەزمەس بوپقالغان كىشىگە قاراپ، ساغلام، كۆيۈملۈك قېرىندىشىنىڭ باغرى خۇن بولىدۇ. ئۇچقاندەك ئالغا كېتىۋاتقان دۇنيا، بىر ئىزىدا توختاپ قالغان خەلق، ئىنسانىي پەزىلەتنىڭ بەربات بولۇشى، ئەخلاقىي چىركىنلىك، بېكىنمە، چىرىتكۈچ مۇھىت، روھىي قۇللۇق، موھتاجلىق، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەدىبنىڭ ھەسرەتلىك تىنىقلىرىنىڭ سەۋەبكارى.

يۇقىرىقى كىتابقا كىرگۈزۈلگەن «تىلەمچىلىكنىڭ يىلتىزى» (ژۇرنىلىمىزنىڭ 1996-يىل 1-، 2 (قوشما) سانىغا بېسىلغان. - مۇھەررىردىن)، «ئەزىمەتلەرنى نەدىن تاپىمىز؟» (ژۇرنىلىمىزنىڭ 1999-يىل 2-، 3 (قوشما) سانىغا بېسىلغان. - مۇھەررىردىن)، «مىللىي مائارىپىمىزدا سۈپەت تەشۋىشى» (ژۇرنىلىمىزنىڭ 1998-يىل 5-، 6 (قوشما) سانىغا بېسىلغان. - مۇھەررىردىن)، «ئەسىر ئاخىرىدىكى ئويلار» (ژۇرنىلىمىزنىڭ 1999-يىل 5-، 6 (قوشما) سانىغا بېسىلغان. - مۇھەررىردىن)، «مەدەنىيەتتە مۇنازىرە روھى» (ژۇرنىلىمىزنىڭ 2000-يىل 1-سانىغا بېسىلغان. - مۇھەررىردىن) قاتارلىق ماقالىلاردا چىن ئەدىبلىرىمىزدىكى ئورتاق قايغۇ، ئورتاق تەشۋىش ۋە ئورتاق ئېچىنىش تۇيغۇسى ئەكس ئەتكەن.

ئەدىب ئۆز دەرد-ئەلىمىدىن باشقا يەنە ئۆزى ۋەكىللىك قىلىۋاتقان بىر پۈتۈن كوللېكتىپنىڭ ئورتاق دەرد-ئەلىمىنى ئۈستىگە ئالغان. بۇنى ئۇنىڭغا بىرەر ھۆكۈمەت ئورگىنى ياكى ئىنقىلابىي تەشكىلات يۈكلىگەن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ھالال ۋىجدانى يۈكلىگەن. ۋىجدانىي بۇرچىنى ئادا قىلىۋاتقانلارنى يەم غېمىدە يۈرگەن پۈرسەتپەرەسلەردىن پەرقلەندۈرمەسلىك، ئۇلارنىڭ دەرد-ئەلىمىنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىش، سۈكۈت قىلىش ۋىجدانسىزلىقتۇر.

ئەي ئىنسان! كۆزۈڭنى ئوبدان ئېچىپ قارا: «ئالدىڭدا تۇرغىنى قولىدا يېڭى بىر ئۇپۇقنى كۆتۈرۈپ تۇرغۇچى كاھىن!» (ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئارىفنامە»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى (2000-يىل 4-، 5 (قوشما) سانى).


2000-يىل 11-نويابىر، پەيزاۋات

رەسسام: جۇزۇڭكەي

---

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە 3-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇئەللىمەسى

(M2)



# ئالتۇن سۇناي

(ھېكايە)

مايك كۆن (ئامېرىكا)

ئامېرىكىلىق ئېكسپېدىتسىيىچى، دوكتور ھۇنسنەيگل ياپ-ياپنىڭ ھۆكۈمرانىدىن ئۆز مەملىكىتىدە دېموكراتىيىنى يولغا قويغان - قويمىغانلىقىنى سوراپتۇ.

- دەرھەقىقەت، خەلقىم ئۆز ئارزۇسى بويىچە جەمئىيەت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھۆكۈمران.

- ئالىيلىرى، بۇنى كونكرېت ئېيتىپ بەرگەن بولسىلا، - دەپتۇ ھۇنسنەيگل يەنە.

- بۇ ئىنتايىن ئاددىي، - دەپتۇ ھۆكۈمران، - مەن ھەر قانداق بىر قارارنى چىقارماقچى بولغاندا بارلىق پۇقرالارنى خان سارىيىنىڭ ئالدىغا كېچەشكە يىغىمەن. قارار بولسا ئالتۇن سۇنايىنىڭ ئاۋازىغا ئاساسەن ماقۇللىنىدۇ.

- ئالتۇن سۇناي؟!

- ئالتۇن سۇناي خەلقىنىڭ پىكرىنى ئىپادىلەشتە قوللىنىلىدۇ. مەن ئوڭ قولۇمنى بېشىمدىن ئېگىز كۆتىرىپ، قارارغا قوشۇلىدىغانلار ئالتۇن سۇنىيىڭلارنى چېلىڭلار دەپ ۋارقىرىسام قارارنى ماقۇل كۆرگەنلەر ئۆزلىرىنىڭ سۇنىيىنى چالىدۇ. ئاندىن يەنە سول قولۇمنى ئېگىز كۆتىرىپ، قارارغا قوشۇلمايدىغانلار ئالتۇن سۇنىيىڭلارنى چېلىڭلار دەپ ۋارقىرىسام قارارنى ماقۇل كۆرمىگەنلەر ئۆزلىرىنىڭ سۇنىيىنى چالىدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ سۇناي ئاۋازىنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە قاراپ، تەبىئىي ھالدا قارار ماقۇللىنىدۇ.

- بۇ، مەن ئاڭلىغان دېموكراتىيە ئىچىدە ئەڭ يۈكسەك دېموكراتىيە ئىكەن، مەن مۇشۇنداق كېچەشلەردىن بىرنى كۆرسەم دەيمەن، - دەپتۇ ھۇنسنەيگل.

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن ياپ-ياپنىڭ پۇقرالىرى خان سارىيىنىڭ ئالدىغا كېچەشكە يىغىلىپتۇ. بۇ كېچەشكە قاتناشقانلارنىڭ پەقەت تۆت نەپىرىلا باي بولۇپ، باشقىلارنىڭ ھەممىسى كەمبەغەللەر ئىكەن. پۇقرالار ئومۇميۈزلۈك يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن ھۆكۈمران ئالدىغا چىقىپ، ئوڭ قولىنى ئېگىز كۆتىرىپ:

- قارارغا قوشۇلىدىغانلار سۇنىيىڭلارنى چېلىڭلار! - دەپ ۋارقىراپتۇ.

ھېلىقى تۆت نەپەر باي ئالتۇن سۇنايلىرىنى بولۇشىغا چاپتۇ. ئاندىن كېيىن ھۆكۈمران يەنە سول قولىنى ئېگىز كۆتىرىپ:

- قارارغا قوشۇلمايدىغانلار سۇنىيىڭلارنى چېلىڭلار! - دەپ ۋارقىراپتۇ، بىراق كەمبەغەللەردىن ھېچقانداق سادا چىقماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمراننىڭ قارارى ماقۇللىنىپ، كېچەش تۈگەپتۇ.

دوكتور ھۇنسنەيگل پەقەت تۆت نەپەر باينىڭلا ئالتۇن سۇناي چېلىپ، باشقىلاردىن ھېچقانداق سادا چىقمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ.

- چۈنكى بۇ مەملىكەتتە ئاشۇ تۆتەيلەننىڭلا ئالتۇن سۇنايلىرى بار، باشقىلار بولسا ھېچنېمىسى يوق نامراتلار، - دەپتۇ ھۆكۈمران.

---

چەتئەل تىلى تەتقىقات مەركىزى 1992-يىلى نەشر قىلغان «英语» 许国章 3-قىسىم 43-، 44-بەتتىن قىسقارتىپ تەرجىمە قىلغۇچى ھېيت مۇسا (M1)

## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن



# پارچە تەسىراتلار

## جېلىل ئاۋۇت

### زامان ۋە ماكان

ئۇزاق ئۆتمۈشتە بوۋام رەھمەتلىك سودا كارۋانلىرى بىلەن بۇخارا، قازان، شەمەي، بومباي، كابول، ئىستانبۇل، تېھران، باغدات، مەككە ۋە مەدىنە قاتارلىق شەھەرلەرگە بىرنەچچە قېتىم بېرىپ - كېلىش بەختىگە ئېرىشىپتىكەن. 20-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا دادام رەھمەتلىكمۇ ئۆرتىنكى باشقا ئەركەكلەر بىلەن پىيادە يەتتە قېتىم ئۈرۈمچىگە بېرىپ - كەپتىكەن. ئۇ ماڭا دائىم: «بالام، كۆزۈڭنىڭ بارىدا شەھەر كۆر، چىشىڭنىڭ بارىدا گۆش يە. . . » دەپ نەسىھەت قىلاتتى. ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس، چىشىمنىڭ بارىدا ئانچە-مۇنچە گۆش يەپ تۇرۇۋاتقان بولساممۇ، ئۆي بىلەن ئېتىز ئارىلىقىدا يىلدا كۆرمىڭ مىڭ قېتىم قاتىرىغاندىمەن، لېكىن، ھازىرغىچە بىر قېتىممۇ ئۈرۈمچىگە بېرىشقا پۇرسەت چىقىرالمىدىم، ۋاقىت كەڭرى، قاتناش قولاي مۇشۇ كۈنلەردە!

### ئىجادچانلىق

ياۋروپا، ئامېرىكىلىقلارئون نەچچە يىلدا ئاران بىرنەچچە تۈرلۈك يېڭى مەھسۇلاتنى كەشپ قىلىپ، بازارغا چىقارسا، بىزگە يىلدا نەچچە ئون تۈرلۈك يېڭى شوئار ۋە قالپاقلارنى كەشپ قىلىپ، تام ۋە لوزۇنكىلارغا چىقىرىش ھېچقانچە گەپ ئەمەس.

### نامراتلىق

ئائىلىلەردە دوختۇرلار، ساقچىلارنىڭ ۋە نەچچە مىڭ يۈەن جەرىمانىنىڭ بېسىمى بىلەن بالىلار ھەرخىل كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش كۈمىلىچىنى يەۋاتىدۇ.

يەنە شۇ نەچچە مىڭ يۈەننىڭ يوقلۇقىدىن دوختۇرخانىلاردا نۇرغۇن بالىلار داۋالىنىشتىن مەھرۇم قېلىپ، ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ.

### مۇساپە

شەھەرلەر بىلەن شەھەرلەرنىڭ مۇساپىسى قەدەممۇ قەدەم يېقىنلاشماقتا، لېكىن، ئادەملەر بىلەن ئادەملەرنىڭ قەلبى كۈندىن كۈنگە يىراقلاشماقتا.

### موھتاجلىق

موھتاجلىق ئادەمگە ھەممە ئالىيجاناب ۋە ئېپلاس ئىشلارنى قىلدۇرىدۇ، پۇل ئۇنىڭغا كۆندۇرىدۇ.

### تەشۋىقات

چېكىدىن ئاشقان ھەرقانداق بىر تەشۋىقات ئادەملەرنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەيدىغان، سېزىپ تۇرۇپ سەزمەيدىغان قىپقىزىل تەلۋىگە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ.

### ئىرادە ۋە شارائىت

بىر ئەلنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئاشماسلىقىغا ئالدى بىلەن ھۇرۇنلۇق ۋە ئىرادىسىزلىك، ئاندىن ئوبيېكتىپ شارائىتنىڭ ياربەرمەسلىكى سەۋەب بولىدۇ.

### بۈگۈن، ئۆتمۈش ۋە كەلگۈسى

بۈگۈنكى كۈنگە ئىگە بولالمىغان ئەل ئۆتمۈشىگىمۇ ئىگە بولالمايدۇ. ئۆتمۈشىنى بىلمىگەن ئەل كەلگۈسىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ.

### يېڭى خۇراپاتلىق

بۇرۇن بوۋام ماڭا تولا ئىشلاردا: «ئۇنداق قىلساڭ يامان بولىدۇ، بۇنداق قىلساڭ يامان بولىدۇ» دەپ تەربىيە بېرەتتى، ھازىر دادام: «ئۇنداق دېسەڭ خاتالىشىپ قالىسەن، بۇنداق دېسەڭ خاتالىشىپ قالىسەن» دەپ تەربىيە بېرىدىغان بولدى.

### پەن - تېخنىكا ۋە ئەخلاق

پەن-تېخنىكا بىلەن ئەخلاق ھەرگىزمۇ قارمۇقارشى ئەمەس. بىراق، يەرشارىدىكى بارلىق كىشىلەر زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلەن قوراللىنىدىغان بولسا، يەرشارى چوقۇم دوزاخقا ئايلىنىدۇ.

ئەگەر يەنە يەرشارىدىكى بارلىق كىشىلەر مۇستەھكەم ئەخلاق بىلەن قوراللانسا، يەرشارى بىر گۈزەل جەننەتكە ئايلىنىدۇ.

### مۇناسىۋەت

ئىت بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەرقانچە يېقىن، ھەرقانچە دوستانە ۋە چوڭقۇر مۇناسىۋەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر غالچا بىلەن خوجايىن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتۇر.

---

ئاپتور: باي ناھىيە توقسۇن يېزا جىغلاڭ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى (M1)



ئۇيغۇر ھازىرقى زامان سەھنە سەنئىتىدىكى يېتۈك ئىجراچى، شائىرە، «ئاپەتلىك يىللار»نىڭ
قۇربانى مەلىكە زىياۋۇدۇن قىزى(1938 ـ 1970)

باھارقىز (ماي بوياق) رەسسام: ئابدۇشۈكۈر كېرىم



《新疆文化》　（维吾尔文）
综合性文学双月刊

主办：新疆维吾尔自治区文化厅
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008－6498
国内统一刊号：CN65－1073/G2
发行范围：国内外发行
地址：乌鲁木齐市团结路 72 号
邮编：830001　电话：2856942
印刷：《新疆日报》印刷厂
发行：乌鲁木齐市邮局
订阅：全国各地邮局

邮发代号：58－22　定价：5 元

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2001 - يىل 2 - سان
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى تەرىپىدىن چىقىرىلدى
«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008—6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65—1073/G2
مەملىكەت ئىچى ۋە چەتئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 72- قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون: 2856942
«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 - 58　باھاسى: 5 يۈەن